# تارىم

6

1988

www.uyghurkitap.com

# «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر









سۈرەتلەرنى ئۆز مۇخبىرىمىز تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

6

1988

38 - يىل نەشرى

سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ئىنسانپەرۋەرلىكتە، ئەدەبىيات ئەگەر ئادەمنى قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلمايدىكەن، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا ئىشتىراك قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ بەدىئىي كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

دۇگاچ

بىر پارچە بەدىئىي ئەسەردە ئاساسلىق نەرسە كىشىلىك تۇرمۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى، شائىر ئادىمىي سالاھىيەت بىلەن بىر ئادەم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

س. گ. جۇنگ

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئابدۇكېرىم خوجا

# ئەزرائىل ۋە مەن

(داستان)①

كەل كىتابخان، سۆھبىتىمگە سال قۇلاق،
كى گېپىم قىسقا، ئەمەس ئانچە ئۇزاق.
تېمىسى گەپنىڭ ئەمەس يار ھەققىدە،
بەلكى ئەزرائىل ۋە بىمار ھەققىدە.
تەلىيىڭ شۇ، قالمىساڭ بىمار بولۇپ،
سەللىمازالىققا ئىنتىزار بولۇپ.
ساق ـ سالامەتلىك بۆلەك راھەت ئىكەن،
ھەممە دۆلەتتىنمۇ چوڭ دۆلەت ئىكەن.
بولسا ئۇ، غايەڭ كۆلۈپ قاقىاي قانات،
تىلىكىڭ ئاسمانىدا ئەركىن ـ ئازاد.
بولسا ئۇ، ئۆمرۈڭ ئۆتەر ئىز قالدۇرۇپ،
ئىزنى سەن كەلسەڭ ئەگەر تۈز قالدۇرۇپ.
بولسا ئۇ، دەردۇ جاپا تىرناقچە يوق،
كەلسىمۇ تاغدەك بالا ياپراقچە يوق.
ئەمما، ئارزۇ كەلمىگەي توققۇزى تەل،
نە ئىلاج، ئۈستىگە زىت كەلسە كېسەل!
باردۇ كىم دۇنيادا دەرد تارتمايدىغان،
بىرمۇ كۈن كۆرپە تۇتۇپ ياتمايدىغان.
تېخى قالغايسەن كېتىپ ياتقان پېتىڭ،
يول ئېلىپ يەر باغرىغا قاتقان پېتىڭ.
كەلدى بىر سۆز «ياشىغىن مەڭگۈ» دېگەن،
ئەسلى بۇ ئەپسانىۋى ئارزۇ ئىكەن.
قالدى كىم مەڭگۈ ياشاپ، كەتتى ئۇزاپ،
كەلدى شۇ ئەپسانىلا مەڭگۈ ياشاپ.
ئەمما، ئاغرىق يەتسە گەر قىيناپ سېنى،
زىيىنى بولماس، ئۆتەر سىناپ سېنى.
قىينىسا ئاغرىق ساڭا جەبرە سېلىپ،
بولسا ئالدىڭدا ئايان قەبرە كېلىپ،
تۇرسا ئەزرائىل كۆزۈڭدە مىخ بولۇپ،
ناتىۋان جېنىڭغا نەشتەر ـ زىق بولۇپ،
شۇندا تونارسەن ئۆزۈڭنى باشقىدىن،
كەڭ ئېچىپ ھەققە كۆزۈڭنى باشقىدىن.
ھەق ـ ناھەقنىڭمۇ بىلەرسەن پەرقىنى،
ئۆزگىنى قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ نەرقىنى.
نېمە چاچتىڭ، نېمە تەردىڭ يەرگە سەن،
نېمە ئالدىڭ، نېمە بەردىڭ ئەلگە سەن،
سەپ كۆرەتتىڭ بىرمۇبىر تارازىغا،
خەيرىيەت، چىقماي تۇرۇپ جىنازىغا.
بارمۇ نەرسە بەندىگە جاندىن ئەزىز،
نەكى جان، تۇرسا ۋەتەن ئاندىن ئەزىز.
بولمىسا، جاننىڭ نېمەدۇر قىممىتى؟!
ئەل ۋە يۇرت ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتى؟!
ئەمما، بىل كېسەل بۆلەك، ئەجەل بۆلەك،
سېپىدىن چۈشمەيدۇ، بەس، پىشماي خەمەك.
ئالدىدا بولساڭ كېسەلنىڭ قانچە بوش،
سەندىن ئەزرائىل بولار ھەم شۇنچە خۇش.

①شائىر بۇ داستاننى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا يېزىشقا باشلاپ، بەختكە قارشى، تاماملاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com



ئاغرىما كىم، ئاغرىدىڭمۇ، زارلىما،
مۇستەھكەم بول، بەلكى ئاغرىق ئالدىدا.
چىلك ئىشەن ئۆزۈڭگىمۇ، لوقمانىغىمۇ،
ئەلگىمۇ، ئەتەڭگىمۇ، دەۋرانىغىمۇ.
بولسىلا غەيرەت كېسەل ئەتمەس بوزەك،
قىلىدۇ بوزەكنى ئۇ بوزەك، دېمەك.
كەلدى ئەزرائىل يېنىمغا ئۈچ قېتىم،
قەست قىلىپ مەجرۇھ جېنىمغا ئۈچ قېتىم.
كى ئۇنىڭ قانداق بولۇر دەپ قاشقىسى،
سورىمايلا قوي ئۇنى ئەڭ ياخشىسى.
بىر بېشىدا بار ئۇنىڭ ئالتە يۈزى،
ھەر يۈزىدە پارقىراپ بىردىن كۆزى.
ئالدى - كەينى، ئوڭ - سولىمۇ يۈز ئۇنىڭ،
تۆپىسىمۇ، ئېڭىكىمۇ يۈز ئۇنىڭ.
ھەر يۈزىنىڭ خىزمىتى - رولى بۆلەك،
مەقسىتى بىردۇر، بىراق ئورنى بۆلەك.
ھەممىدىنمۇ سول يۈزى سۈرلۈك ئۇنىڭ،
بەكمۇ سۆرۈن بۇ يۈزى تۈكلۈك ئۇنىڭ.
ھېلىقى بىز قارىسىغا پو ئاتقان يىلى،
راستىقا جانى تونىنلاپ قاتقان يىلى،
يولنى ئۇدۇل سالىمىز جەننەتكە دەپ،
يېتىمىز جاھاندا يوق دۆلەتكە دەپ،
ئۆتكىلى جەننەتكە زەر كۆۋرۈك سېلىپ،
لاي ئېتىپ قۇمدىن ئاتا تۈۋرۈك سېلىپ؛
مانا مەن دەپ تۇرسىمۇ ساڭنىڭ نۇۋى،
بىر بولۇپ يۈرگەندە نەق مارجان بۆۋى؛
تۇنجى رەت كەلگەندى يېنىمغا ئۇ،
قول سېلىپ ئوپۇل - توپۇل جېنىمغا ئۇ.
شۇندا مەن كۆرگەن ئۇنىڭ نەق ئۆزىنى،
ھېلىقى تۈك باسقان خۇنۈك سول يۈزىنى.
ئەمدى «ئۇھ» دەپ يان بېسىپ ئولتۇرغۇچە،
چېنىگە ئاشنى ئۇسۇپ تولدۇرغۇچە،
«مىسلىسىز» يىل كەلدى خۇددى تەلۋىدەك،
يۇرتنى ئەيلەپ بىر خارابى قەبرىدەك.
ھەممىمىز قالدۇق بولۇپ تۇتقاق كېسەل،
پۇتلىشىپ تەڭ بىز بىلەن يۈردى ئەجەل.
كەلدى ئۇ ئىككىنچى رەت ئادەم ئارا،
بار يۈزىنى ئىشقا سېپ ئاشكارىلا.
ئەمما سول يۈزى ئۇنىڭ بەك ئىشلىدى،
كىمنى كۆرسە شۇنى پۇرلاپ چىشلىدى.
قىلدۇرالدى قىلغۇلۇقنى مەيلىچە،
ئەسكىلىكنىڭ بەرىنى خوي - پەيلىچە.
تەلىيىمگە ۋاقتىدا كەلگەچ ھېكىم،
كى ئۆلۈمدىن ئولجىغا قالدى جېنىم.
كەلسە ئىككىنچى باھارىم ئەمدىلا،
مەنلىك ياشاش خۇمارىم ئەمدىلا،
كۆلسە بېغىمدا گۈلۈممۇ ئەمدىلا،
چاچسا نۇر قارا كۆنۈممۇ ئەمدىلا،
يەتسە توغاچقا قولۇممۇ ئەمدىلا،
كېڭىيىپ ماڭغان يولۇممۇ ئەمدىلا،
يايرىسا مۇڭلۇق دىلىممۇ ئەمدىلا،
سايرىسا مەھكۇم تىلىممۇ ئەمدىلا،
ئون گۈلۈمنىڭ بىر گۈلى ئاتماي چېچەك،
گۈل بېغىمنىڭ تېمىغا قويماي كېسەك،
مەن تېخىكىم قانغۇدەك كەتمەي ياشاپ،
كەلدى ئەزرائىل يانا تىمىسقىلاپ.
كەلدى ئۇ يوقلاپ مېنى ئۈچ رەت ئۇدا،
سول يۈزىنى يوشۇرۇپ، ئەمما بۇدا.
كەلدى بۇداكى ئۇدۇل يۈزى بىلەن،
ئوينىتىپ مېنى شېكەر سۆزى بىلەن.
ئاڭلىغۇڭ كەلسە بۇنىڭ تەسۋىرىنى،
سال قۇلاق، ئېيتىپ بىرەي تەپسىلىنى.
كۆز ئىدى، ئالتۇن مىسالى كۆز ئىدى،
بەلكى كۆڭۈلدەك يورۇق كۈندۈز ئىدى.
جىم ياتاتتىم كۆرپىدە بىمار بولۇپ،
بىمەھەل بىماردىن بېزار بولۇپ.
تەۋرىنىشكە ھېچ ماجالىم يوق ئىدى،
ئىچكۈدەكمۇ سۇنى ھالىم يوق ئىدى.
بەزىدە قالار ئىدى سۆزدىن تىلىم،
لايلىشىپ ھەم چەشمىدىن سۆزۈك دىلىم.

شۇ كەبى ياتقانىدىم نىمجان بولۇپ،
گۈل چىرايىم سولىشىپ زەپىران بولۇپ.
چۈشتى تۇساتتىن بىرۇ تۈگۈلۈك بىلەن،
كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر شۈملۈك بىلەن.
بىر بېشىپ-ئىككى بېشىپ ئۇ مەن سايان،
ھىجىيىپ كەلدى كۈلۈپ زورلاپ ئاران.
بايقىسام، شەكلى غەلەت، رەڭگى سونۇ①،
بىردە ئادەم شەكلىدە، بىردە مونۇ②.
قولىدا ھاسا، بېشىدا بار كۈلا،
ئۈستىدە جۇل-جۇل چاپان ئالا-بۇلا.
خۇددى بەدەن-بەدىنى قاقشال تېرەك،
ئۈسكۈلەك قولى ئۇنىڭ ئارا، دېمەك.
ساقىلى چۈشكەن ئۇنىڭ تىزىغىچە،
چاچلىرى يېپىلىپ تېخى گەجگىچە.
كۆزىدىن چاقنايدۇ ئوت ئۇچقۇن چېچىپ،
كەتمىكىڭ تەس قۇتۇلۇپ ئاندىن قېچىپ.
قىسقىسى، ئەجەل پۈرايىتتى ئەپتىدىن،
دەممۇ دەم دوزاق ياناتتى تەپتىدىن.
شۈركىنىپ كەتتى تېنىم ئەلپازىدىن،
جىغ قىلىپ قالدى يۈرەك ئاۋازىدىن.
كى دېدىم: «ئوغرىمۇسەن، مېھمانمۇسەن؟
ياكى بىر ئىنسان سۈپەت شەيتانمۇسەن؟
قايسى ياقتىن كېلىسەن، ئېتىڭ نېمە؟
ئەپتى-بەشىرەڭ غەلىتى، زاتىڭ نېمە؟
نە ئۈچۈن كىرمەي ئۇدۇل ئىشىك بىلەن،
كۆپمۇ كۈندۈز چۈشسەن تۈگۈلۈك بىلەن؟!»
كى دېدى: «ئەي بەندە، ھەرگىز رەنجىمە،
قىلما مەندىن ئۇنچىلا كۆپ ۋەھىمە.
بەندىگە بەرگەن ئەمەسمەن دىل ئازار،
بولمىغاي ئىلكىمدە ھېچكىم ئەسلا خار.
مەن ئۈچۈن تۈگۈلۈك-ئىشىكمۇ بەرىبىر،
كار قىلالماس تام-تۆشۈكمۇ بەرىبىر.
سورىساڭكىم، مەن كېلۇرمەن ئەرشىدىن،

رەنجىمەك سىغماس ئەقلىغا ئەلچىدىن.
بىلكى، ئەزرائىل بولۇر ئاتىم مېنىڭ،
ئەھلى ئىلاھى بولۇر زاتىم مېنىڭ.
تەقدىرىڭنىڭ سىرى پاش بولغاچ بۈگۈن،
ئۈزۈلۈپ رىزقىڭ-كۈنۈڭ تولغاچ بۈگۈن،
بۇندا كەلدىم سېنى ئەتەي ئالغىلى،
جەننەتۇلئەدنان يولىغا سالغىلى.
بۇل خۇدانىڭ ساڭا قىلغان ھىممىتى،
بىل، بۇنىڭ ئالەمگە تەڭدۇر قىممىتى!
كى سەپەرنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس،
بىرلا قاقساڭ يېتىمىز كىرپىكنى، بەس.
دوست بولايلۇق، مەن بىلەن تەڭ كەت،
يۈرى،
بەندىلىك قەرزىڭنى ئادا ئەت، يۈرى.»
دەپ ماڭا كەلگەنىسېرى يېقىن كۈلۈپ،
كەتتى باشتىن-ئاياغىم تەرگە چۆمۈپ.
گېپى يۇمشاق، ھەرىكىتى ئاندىنمۇ بەك،
شۇنچە كەمپىئىل خۇددى مېھماندىنمۇ بەك.
ئېۋېتىپ ئىلكىگە ئۇ ئالماق مېنى،
بارسا كەلمەس يولىغا سالماق مېنى.
سەللا قالسام ئېزىقىپ غاپىلدا مەن،
كەتكىنىم شۇ باقىيغا ھازىرلا مەن.
كى دېدىم: «بىھۇدىلا كەپسەن جۇۋاپ،
قوغلىشىپ نەپسىڭنى بەكمۇ ئالدىراپ.
تـوۋادە، كۈندۈزدىلا كۆپ جۆيلۈمە،
تەڭرىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىمە.
قۇببىدىن بىر ياپراق چۈشسە ئەگەر،
قۇلىقىم بەرمەسمىدى ماڭا خەۋەر.
سەنكى ئەزرائىل، ئەگەر بولساڭ شۇ دەم،
يوللىغان بولسا سېنى راستىن ئىگەم،
توشىدۇ بۈگۈن كۈنۈمنىڭ مۇددىتى
دەپ ساڭا بەرگەنمىتىم مەن تىل خېتى!
قوي خۇداغا يەتكۈزۈپ ئەرزىمنى سەن!

①سونۇ (قومۇل شېۋىسى) — يۇپۇن مەنىسىدە.
②مونۇ (قومۇل شېۋىسى) — بۇتتەك مەنىسىدە.

ئالدىغا بارماق ئۈيات قەرزىم بىلەن.
ئېيتمىغان مېھماننى دوست تۇتماق قىيىن،
كەل يەنە يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن!»
كى دېدى: «ھەققە ئىشەن ئىمان بىلەن،
جاننى سەپ قويغانمىدىڭ دۇردانىغا سەن؟
سېپىدا تۇرمايدۇ، بەس، پىشسا خەمەك،
تەقدىرى ئاللاغا تەن بەرمەك كېرەك.
ياتمىساڭغۇ بىر نۆرى، ياتتىڭ مەگەر،
چۆشكىنى شۇ تەڭرىدىن ساڭا خەۋەر.
قالمىدىڭ سەن ئانچىلا گۆردىن يىراق،
قالدى گۆردىن ئارىلىقىڭ نۆلدىن يىراق.

ھەق سېنى قىلماق ئىكەن شەخسەن قوبۇل،
شۈكرى ئەيلەپ قايغۇدىن ئازادە بول.
پانىي ئالەمدىن ۋاپا كەلمەس ساڭا،
نە ئۈچۈن قالدىڭ ئىشىق باغلاپ ئاڭا؟
يۈر، كېتەيلى بىللىلا ھەمراھ بولۇپ،
دەرد-ئەلەمدىن بىر يولى ئادا بولۇپ.»
كى دېدىم: «مەن ئىشقى يوق ئىشەك ئەمەس،
بەندىمەنكى، ھېسسى يوق كېسەك ئەمەس.
بۇ ئىلىمنى بىلمىكىڭ تەستۇر سېنىڭ،
كى ئۆزۈڭ زور، ھىممىتىڭ پەستۇر سېنىڭ.
.........

زۇنۇن قادىرى

## پارچىلار

مەي ئىچمەك بولساڭ ئىنساپ بىلەن ئىچ،
ھەددىدىن ئاشماي ھېساب بىلەن ئىچ.
تىلىڭنى تارتىپ ئاڭلا ياخشى سۆز،
سۆھبەتنى بۇزماي ئەدەب بىلەن ئىچ.

*

يالغانچىدىن بىزار بولدۇم مەن نىتەي،
ئەي ساقى، قۇي شارابىڭنى مەن ئىچەي.
ھىيلە-مىكرىدىن سىقىلغىنىم يېتەر،
روھىي ئازادلىك بىلەن مەن كېتەي.

دۇنياغا كېلىپ كېتىپتۇ بىر ئادەم،
ھېچكىم كۆرمىدى لاياقىتىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈن سىزىپ بېرەلمىدى
بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ قىياپىتىنى.

*

بىزمۇ ئادەم نەسلىغۇ جاھاندا،
ئەجىبا، ئىنسان سۈپەت ياشمايمىز!
بىر-بىرىمىزنى چېقىپ ھاشارەتتەك،
ئەپسۇسكى، تۇزاندەك ئۈچۈپ يۈرىمىز.




ئالىمجان ئىسمايىل

# زېمىن ئوغلان

(ھېكايە)



— لى دوختۇر، ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقساممۇ بولار؟

بالىنىتسىنى تەكشۈرۈۋاتقان باش دوختۇر تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. راستىن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ يەرنىڭ دائىملىق «مېھمىنى» بولغان بۇ كېسەلنىڭ تۇيۇقسىز تەلىپىگە سەل ھەيران بولدى. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى قېتىملاردا ئۇ تاكى دوختۇر ھەيدىمىگۈچە ئۆزلۈكىدىن دوختۇرخانىدىن چىقىمەن دەپ باقمىغانىدى. تېخى ئالدىنقى كۈنىلا كېسىلىنىڭ ياخشى بولماي ۋاتقىنىدىن بىرمۇنچە ھال ئېيتىپ ياخشى دورىلارنى تەلەپ قىلغانىدى.

دوختۇر ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

— نېمىگە ئالدىراپ قالدىڭىز؟ بىزدىن رەنجىپ قالمىغانسىز؟

— ياق، ياق، — ئۇ ئالدىراپ بېشىنى چايقىدى، — سىزلەردىن نېمىشقا رەنجىيمەن. ھېلىقى دورىڭىز بەك پەرق قىلدىمىكىن، تۈنۈگۈندىن ئوبدانلا بولۇپ قالدىم. ئۆزۈممۇ ھەيران... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر بىز ئىدارىدە تازا ئالدىراش ئىسلاھات قىلىۋاتاتتۇق دەڭا، بۇنداق چاغدا قانداقمۇ خاتىرجەم ياتقىلى بولىدۇ؟...

دوختۇر ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سىز تېخى پېنسىيىگە چىقمىغانمىدىڭىز؟

ئۇ دوختۇرغا ئالىيىپ قارىدى. بۇ سوئالنى باشقا ئادەم سورىغان بولسا ئۇ كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرگەن بولاتتى، ئەمما مۇنۇ دوختۇرغا ئۇنىڭ يەنە نى ھاجەتلىرى چۈشىدۇ. شۇڭا ئۇ چاقچاق بىلەن:

— تېخى ساقلىمىز چىقمىغان تۇرسا نەدىكى پېنسىيە، — دېدى يىگىلەپ قالغان قوغۇندەك پۈرلاشقان تۈكسىز ئېڭىكىنى

شەرەت قىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بۇ تۇرقىڭىزدا سىز مەڭگۈ پېنسىيىگە چىقمىغۇدەكسىز - دە، — دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، ئاندىن رەسمىي گەپكە ئۆتتى، — يەنە بىرنەچچە كۈن يېتىپ قاراپ باقمامسىز؟

— بولار دوختۇر ...

دوختۇر يېنىدىكى سېستىرادىن ئۇنىڭ كېسەل ئارخىپىنى ئېلىپ دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئورۇق، تاتىراڭغۇ چىرايىغا سەپسېلىپ خورسىنىپ قويدى.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى ئۇ ئاخىر بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەمما ئۆزىڭىزگە بەك دىققەت قىلىڭ، بولسا بىر مەزگىل ئۆيدە دەم ئېلىڭ، بىزنىڭ تەكلىپىمىز، ھازىرچە خىزمەتنى ئويلىماي تۇرۇڭ. سىزنىڭ بۇ كېسەلىڭىز يۈرەكتىكى گەپ. خاپا بولسىڭىز، بەكرەك ھاياجانلانسىڭىز، ھېرىپ-چارچىسىڭىزمۇ بولمايدۇ.

— ماقۇل، دوختۇر، ماقۇل ...

دوختۇرلار باشقا كېسەلگە يۆتكەلدى. ئۇ بولسا ئالدىراپ-تېنەپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

* *

بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى تىلىۋالدى، ئەمما كىشىلەر ئۇنى تىلىۋالدى «كاسكى» دېمىسە ئۇقمايدۇ. تەكتۈش بورادەرلىرى بولسا ئۇنى تىلىۋالدى «كوسا» دەپمۇ چاقچاق قىلىشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكى ھەر قاچان كۆچار، سوپۇنىدەك پارقىراپلا تۇراتتى. ياش ۋاقتىدا ساقال-بۇرۇتىنىڭ يوقلۇقى تولا بىلىنمەيتتى، مانا ھازىر قىرىلىق يېتىپ ئېڭەكنىڭ گۆشلىرى قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى بەئەينى قىرى سۆگەتنىڭ پوستىدەك قورۇلۇپ، كۈلكىلىك ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. بۇنى ئاز دەپ ئىككى يىل بولدى، ئاپەت تەگكەندەك ھەممە چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭغۇ چارىسى ئاسان ئىكەن، يۈز سوم بىلەن تەييار چىشنى سالغۇزۇۋالدى، پەقەتلا چانمايدۇ، بىراق مۇشۇ قورۇقىلا ھازىرچە ئامال قىلالمىدى، بۇ كاساپەت خۇددى ئۆمۈچۈكتەك ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىگە خالىغانچە تور تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

تىلىۋالدى بۇنىمۇ مەيلىگە چىقارغانىدى، ئەمما بىر قانچە يىل بولدى ئۇنىڭغا بىر-بىرىدىن مەرەز كېسەللەر چاپلىشىۋېلىشقا باشلىدى. قان بېسىمى، يۈرەك سانجىقى، دەم سىقىما، رېماتىزم دەمەدۇ چۇۋۇلۇپ چىقىۋەردى. يۈرەك سانجىقى نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئەزرائىلنى كۆرسەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۈنلىرى تولاراق دوختۇرخانىدا دورا يەپ ئۆتىدىغان بولدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئۇنىڭغا خۇشياقتى. ھازىر رەھبەرلىك خىزمىتىنى قىلماقمۇ كۈندىن-كۈنگە تەس بولۇپ كەتتى، كىشىلەر دودەن بولۇشۇۋالدى. مانا ئەمدى ئىسلاھات دېگەننى چىقاردى. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە بيۇروكرات، قاتمال دەپ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا ئاران تۇرۇۋاتىدۇ. ئىدارىدا شۇنداق گەپلەر سەل ئاۋۇسىلا ئۇ مۇشۇ دوختۇرخانىدا پاناھلىنىدىغان بولدى. بۇ دۆرەممۇ يۇقىرىدىن رەھبىرىي كادىرلارنى باھالايدىغان ئىشنى چىقاردى. ئىدارىدىكى بىرەر يۈز ئادەمنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە ئۇنى تالاپلا كەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ قان بېسى-

مىنى بىراقلا ئۆرلىتىۋەتتى ـ دە، بالنىستقا كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

بايا دوختۇر ئۇنىڭ بۇ قېتىم چىقىپ كېتىشىنى ئۆزى تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىدى. توغرا، ئۇ نەدىن بىلسۇن! بۇنى پەقەت ئۇنىڭ بىر ئۆزى بىلىدۇ. شۇ سەۋەب ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئاخىر شۇ قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى.

تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان نەۋرە تۇغقىنى داۋۇت ئۇنىڭغا شەھەردىكى، ۋىلايەتتىكى يېڭىلىقلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. قايتار چاغدا تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— ھېلىقى جاي سېلىۋاتقان يەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلا، — دېدى داۋۇت.

تىلىۋالدى چۆچۈپ كەتتى:

— ھە، نېمە گەپ بولدى؟

— سىلى ئۇقمايلا ـ دە، يېزىدىن بەزىلەر ۋىلايەتكە ئەرز قىلغان ئوخشايدۇ، ۋىلايەتتىن يەنە گېزىتخانىدىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ، دەيدۇ... ئۇ ئىشنىمۇ سىلى بەك سوزۇۋەتتىلە، ۋاقتىدا پۈتكۈزۈپ ئولتۇرۇۋالغان بولسىلىمۇ گەپ چىقمايتتى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىلىۋالدى ئولتۇرالمايلا قالدى. پۈتۈن كېچىنى خىيال، غەم بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ نېمىشقا غەم قىلمىسۇن! ئۇ ئاشۇ بىر پارچە زېمىنلىق يەر ئۈچۈن ئاز ماڭدىمۇ! شەھەرنىڭ، يېزىنىڭ باشلىقلىرىغا يالۋۇرۇپ ئاغزى ئۇپرىدى، تولا مېڭىپ تاپىنى تېشىلەي دېدى، ئۇلارنى نەچچە قېتىمدىن مېھمان قىلدى، نەچچە يۈز كويىنى خەجلەپ سوۋغا ـ سالاملارنى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ 8 فۇڭ كېلىدىغان يەرنى ئىگىلەپ ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ھۇلىنى قوپۇرۇپمۇ قويغانىدى، مانا ئەمدى بۇ ئىشقا چېچەك چىقىۋاتسا ئۇ قانداقمۇ بۇ يەردە تىنچ ياتالايدۇ؟...

ئۆي سېلىش بىر، ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمىدى. ئۇ ھەمىشە ئىلگىرى بۇ ئىشقا كۆڭۈل شىمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا يەرمۇ ئاسان ھەل بولاتتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىمۇ ئەرزانىدى، نۇرغۇن باشلىقلار شەخسىي زېمىن قىلىۋالدى. مانا ھازىر ھەممە نېمىگە ئوت كەتتى. بىر مو يەر ئون مىڭ سومغا چىقتى. بىر تۈپ تېرەكنى 50 سومغا تەستە تاپسەن... ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يەنە تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ، شۇڭا ھازىر بولسىمۇ سېلىۋېلىش كېرەك. ئۇ بۇ ئىشتا بالىلىرىنى ياردەم قىلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇلار ھەممىسىلا ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپتى.

— جاي سالىمەن دەپ نېمە جاپا تارتىسىز؟ — دېدى چوڭ ئوغلى يۈسۈپجان، — ئىدارىڭىزنىڭ بىناسىدىن ئۆي ئالسىڭىز بولمامدىمۇ. سىزگە، تۇرغان گەپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن بېرىدۇ، پارى بار، سۇيى، ھەممە نېمىسى ئىچىدە، ئۈچ ئېغىز ئۆي سىلەرگە كەڭ ـ تاشا يەتمەمدۇ؟...

— قويغىنا، شۇ بىنا دېگىنىڭنى، — تىلىۋالدى يارىتىمىغاندەك بېشىنى چايقىدى، — دېمىسىم سىقىلىپ بولالمايدىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا پېشقەدەم كادىرلار ئۈچۈن دەريا بويىغا سېلىنىۋاتقان ئۆيدىن

ئېلىك، بىر قەۋەتلىك، ھەر ئائىلىنىڭ قوراسى، گۈل-پۇل، كۆكتات تېرىغۇدەك يېرىمۇ بار ئىكەن، ھاۋاسىمۇ ياخشى يەر...

— سەن مېنى پېنسىيىگە چىق دېمەكچىمۇ؟ — تىلىۋالدى مۇدىرنىڭ ئوغىسى قاينىدى، — مەنچۇ پارتىيىگە كىرىدىغان چاغدا «ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىنقىلاب قىلىمەن» دەپ قەسەم بەرگەن. پېنسىيىنى سېغىنىپ كەتكەن بولساڭ ئۆزۈڭ چىق!...

قالغان باللارمۇ نەسىھەت قىلىپ كۆردى، لېكىن تىلىۋالدى مۇدىر ئۆز پىلانىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىدى. زېمىن دېگەن قاچان بولمىسۇن پۇل بولىدۇ. قارىماسىز، ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ، ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرى ھەممىسى شەھەر ئەتراپىدىن يەر ئېلىشىپ زېمىن سېلىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ شۇ زېمىنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن، پۇل قىلىدۇ-دە، ئىجارىگە بېرىپ قويسىمۇ پالانچى پۇل. ئۇنىڭدىن نېمە كېتىدۇ؟ يەرنى بىكارغا ھەل قىلدى، بۇ يىل مانا ئىدارىگە ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىش ئۈچۈن پۇل بەردى. قۇرۇلۇش ئىشىغا تىلىۋالدى مۇدىر شەخسەن ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئەلۋەتتە ئۇ بىر يېرىنى كۆزلىدى. قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن كېلىشىۋالسا ئۇنىڭ جايىمۇ بىكارغىلا پۈتىدۇ، دېگەن گەپ. ئۇلار ھازىرتىنلا «نېمىڭىز يوق؟» دەپ پۈرىتىۋاتىدۇ. مەيلى بىرەر، ئىككى مىڭنىمۇ خەجلىسۇن، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر زېمىنلىق بولۇپ قالىدۇ-دە... بۇنى باللار نەدىن بىلسۇن؟ ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ھوقۇق بار، ھوقۇق دېگەن پۇل. ئۇنى قولۇڭدا بار چېغىدا ئىشلىتىپ يانچۇقىڭنى تولدۇرۇۋال. ھوقۇق كەتكەندىن كېيىن ھەممىدىن قۇرۇق قالىسەن، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغانسىڭ نېمە پايدىسى. ئۇ بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلارنى كۆپ كۆردىغۇ... تېخى باللار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشىۋاتىدۇ. يەنىلا يۇسۇپجاننى تاشقى سودىدەك نەپ بار ئورۇنغا كىم ئورۇنلاشتۇردى؟ يەنىلا دادىسىنىڭ ھوقۇقى. قىزىنى قانداق قىلىپ داشۆدە ئوقۇتالىدى؟ يەنىلا ھوقۇقنىڭ كۈچى. بولمىسا ئۇمۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىدەك بىرەر زىيالىيلار ماگىزىنىدا ئىشلەپ يۈرگەن بولاتتى. كىچىك ئوغلىمۇ ئۆتكەن يىلى داشۆگە ماڭدى. ئۇ باللاردىن خاتىرجەم بولدى. ئەمدى مۇشۇ زېمىننى سېلىۋالسا ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىدۇ.

ئۇ بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ خۇددى جاڭگالدىكى چىغىر يولدەك ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپمۇ قالىدۇ. 40 يىلغا يېقىن كادىر بولۇپتۇ، شۇ يىللار ئىچىدە ئۇنىڭ بېشىدىن نېمە كۈنلەر ئۆتمىدى، نى-نى بوران-چاپقۇنلار كەلدى، ئەمما ئۇنىڭغا تەگمىدى، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىۋەردى. 50-يىلى 20 ياشلىق تىلىۋالدى ئاتا كەسپى ساتىراشچىلىقنى تاشلاپ يېڭى ھۆكۈمەتكە ساقچى بولدى. ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتلىرىدا ئۇ ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ خىزمەت كۆرسەتتى، زومىگەرلەرنى، ئۆز قولى بىلەن باستۇردى، توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشتا قەھرىمان دېگەن نامغا ئېرىشتى. تىلىۋالدى ئۈچۈن بۇ كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالنىڭ پەقەت باشلىنىشى ئىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 56-يىلغا كەلگەندە نامىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە 30 يىل ئىچىدە ئۇ 30 دەك ئىدارىنى ئايلە-

نىپ بولدى. ۋىلايەتنىڭ ئىسلاھات بۆلۈمىگە باشلىق بولدى. دېھقانچىلىق بۆلۈمى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، قول سانائەت باشقارمىسى، بانكا، پىلان كومىتېتى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، دېھقانچىلىق مەيدانى، پارتىيە مەكتىپى ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ مۇدىر بولدى. ئىككى يىلدىن بۇيان كوپېراتىپ باشقارمىسىغا مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ قىلمىغان پەقەت شۇ ئىش قالغانىدى. ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ بەزىلىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كەتتى. ھايات بارلىرىمۇ پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. لېكىن پېنسىيە ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پېنسىيىگە چىقىش دېگەن گەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىش دېگەن سۆز. ياق، ئۇ تېخى ئۆلۈمگە ئالدىرىمايدۇ، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئارمانلىرى بار. مەسىلەن: مانا ئۇ 40 يىلغا يېقىن خىزمەت ئىشلەپتۇ، 30 يىلدىن ئوشۇق ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولۇپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئاپتونوم رايونغا باشلىق بولۇپ كەتتى. بىرمۇنچىلىرى نازىر، ۋالىي دەرىجىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ قاچانغىچە شۇ دەرىجە بىلەن يۈرىدۇ؟ مەيلى ۋالىيلىقنىغۇ بەرمىسۇن، ھازىر ياشنى، ئوقۇش تارىخىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇۋالدى، ئەمما ئاۋۇ دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقى بولسىمۇ تېگىشى كېرەك-تە. ئاشۇ ئىدرىس توكۇردىن ئۇنىڭ نېمىسى كەم؟ ياقۇپ مۇدىرمۇ 50-يىللاردا ئۇنىڭغا مۇئاۋىن بولۇپ ئىشلەيتتىغۇ! ياق، ئۇنىڭغا شۇ ئورۇننى بەرمىسە پېنسىيىگە زادى چىقمايدۇ... ئۇ ئۇنچىۋالا گول، ئەخمەق ئەمەس. ھازىر پېنسىيە شامىلى يەنە چىقتى. ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭ ماقۇل بولمىساڭ سېنى گەجگەڭدىن ئىتتىرىپ چىقارمايدۇ. تىلىۋالدى بۇنداق شاماللارنى كۆپ كۆردى، ئۇنىڭ چارىسىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ دوختۇرخانىدا تاكى بۇ شامال ئۆتۈپ كەتكۈچە تىنچىقىنە يېتىپ تۇرماقچى ئىدى.

لېكىن كۈتمىگەن شۇم خەۋەر ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزدى.

*　　*

تىلىۋالدى مۇدىر چۈش بىلەن دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتى. چۈشتىن كېيىن قولۇم-قوشنىلار، ئىدارىنىڭ باشلىقلىرى ئۇنى ئۆيىگە يوقلاپ كىردى. ئۇلارنى ئۇزاتقۇچە كەچ كىردى. ئۇ ئەسلىدە چۈشتىن كېيىنلا ھېلىقى شۇم خەۋەرنىڭ تېگى تەكتىنى ئۇقۇپ باقماقچى ئىدى. قېرىشقاندەك ھال سورايدىغانلار يېرىم كۈننى گالۋاڭ قىلدى. شۇڭا كەچلىك تاماقنى ئالدىراپ يېدى-دە، ئايالىنىڭ توسقىنىغا قارىماستىن ئۇتتۇر شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە چاپتى. ئۇ ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەجەپتىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقماقچى بولدى.

بىر چاغلاردا ئۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە باشلىق بولغان ۋاقتىدا رەجەپ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلەيتتى. يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بۇ يىگىت بۇ قېتىم ئاپپاراتلارنى يېڭىلاشتا شەھەرگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئۆستى. شۇنىڭدىن بۇيان تىلىۋالدى مۇدىر ئۇنى پات-پاتلا يوقلاپ تۇراتتى. زېمىنلىق يەرنى ئېلىشتىمۇ ئۇ يېزىنىڭ باشلىقلىرىغا گەپ قىلىشىپ بەرگەنىدى.

رەجەپ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بېرىپ باياتىنلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىشىكتە كونا باشلىقىنى كۆرۈپ سەل ھەيران بول-

دى. چۈنكى ئۇ ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

— كەلسىلە تىلىۋالدى جۇرېن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ كۆرۈشۈپ، — سىلىنى دوختۇرخانىدا دەپ ئاڭلىۋىدىم، يوقلاپ بولغۇچە چىقىۋالغان ئوخشىمامىلا؟ تازىمۇ سەت بولدىغۇ بۇ ...

— يوقلىغۇدەكمۇ كېسەل ئەمەس، زۇكام بوپتىمەن، بىرنەچچە كۈن ئوكۇل قويۇۋىدى، ساقىيىپ كەتتىم، — تىلىۋالدى مۇدىر تۆردىكى دىۋانغا جايلىشىپ يېنىك تىن ئالدى ۋە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن چىمەن دوپپىسىنى ئادىتى بويىچە قولىغا ئېلىپ ياغاق بېشىنى سىيلاپ قويدى.

— شۇنداق بولسىمۇ ... سىلىنىڭ يوقلاپ كېلىشلىرى ...

— يوغىسۇ، شەھەر دېگەننىڭ ئىشى كۆپ ... بىزمۇ ھاكىم بولغان ۋاقتىمىزدا شۇنداق ئىدى. ھازىر سىلى ياش بولغاندىن كېيىن ئىشنىڭ ئېغىرى تۇرغانلا گەپ سىلىگە چۈشىدۇ. بىزمۇ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز، سىلى سىجاڭ بولغاندىن بۇيان شەھەرنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بىز ۋىلايەتتىمۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىمىز. قايسى كۈنى غوپۇر ۋالىي يوقلاپ كەپتىكەن، سىلى توغرىلىق ئۇزاق مۇڭداشتۇق ...

«يەنە باشلاندى» دېدى رەجەپ ئىچىدە ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا گەدىنىنى قاشلاپ قويدى. ئۇ بۇ كونا باشلىقنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كەمشۈك ئاغزىدىن خۇددى ئاپتوماتنىڭ ئوقىدەك تىزىلىپ چىقىۋاتقان مەدھىيە، ماختاشلارنى قورۇنغان ھالدا ئاڭلاۋېتىپ، بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ يولغا سېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئارىلىقتا سائىتىگە بىر - ئىككى قېتىم قاراپ قويدى، لېكىن تىلىۋالدى مۇدىر ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە پىسەنتمۇ قىلمىدى، ئۇ تېخىمۇ قىزىۋاتاتتى.

— ئۆتكەن ئايدا ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا، — دېدى ئۇ كۆپۈك قاينىغان جاۋغىيىنى كىر ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — ناسىروپ ئۆيىگە قىچقىرىپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ناسىروپنى بىلىلا، ئۇ ئادەم بىلەن بىز يەر ئىسلاھاتىدا بىر رايوندا ئىشلىگەن. تولىمۇ بەلەن ئادەم. شۇ يەردىمۇ سىلىنىڭ گەپلىرى بولدى. ئۇ ئادەم ھازىر مەسلىھەتچى بولغىنى بىلەن چوڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئۇ مېنىڭ تېخىچىلا ناھىيە دەرىجىلىك كادىر ئىكەنلىكىمنى ئۇقۇپ ناھايىتى خاپا بولدى، ماڭا شۇ يەردىلا دېھقانچىلىق نازارىتىگە كېلىڭ، دەپ تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇ ئادەمگە «بىز قېرىپ قالدۇق، ئەگەر كېرەك بولسا شۇ ئورۇنغا تازىمۇ لايىق بىرسى بار» دەپ سىلىنى تەۋسىيە قىلىۋىدىم، ئۇ ئادەم كاتىپىغا يازدۇرۇۋالدى ...

«ئەستاغپۇرۇللا ... — رەجەپ جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى، — بۇ ئادەم ئەمدى رەسمىيلا ئاينىغىلى تۇرۇپتىغۇ ... زادى نېمە دەپ كەلگەن بولغىيتتى؟ تېلېۋىزوردىكى كىنونىمۇ ھارام قىلىدىغان بولدى-دە ...» شۇ ئارىدا بۇلۇڭدىكى تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ، تىلىۋالدى مۇدىرنى سۆزدىن توختاشقا مەجبۇر قىلدى. رەجەپ يېنىك بىر ئۇھ دېدى - دە، تېلېفوننى ئالدى.

ــ ئۆزلىرىگە يەنە جىددىي بىر خىز-
مەت چىققان ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدى تىلى-
ۋالدى مۇدىر ئۆي ئىگىسىنىڭ تېلېفونىنى
قويۇپلا چاپىنىنى قولىغا ئالغىنىنى كۆرۈپ.

ــ ۋىلايەتتىن لىۇ شۇجى چاقىرىپتۇ، ــ
دېدى رەجەپ چاپىنىنى كىيىۋېتىپ، ــ سى-
لىنى قوغلىغاندەك بولىدى - ھە، ئوبدانىمۇ
كەپتىكەنىلا ...

ــ ھېچقىسى يوق، خىزمەت دېگەن
شۇ ... مەنمۇ بىردەم ئەھۋاللىشىپ كېلەي
دېگەن، ــ دېدى تىلىۋالدى مۇدىر ئىشىكتىن
چىقىۋېتىپ، ــ ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋەرلىرى
بار، ھېلىقى جايلىق يەرنى ... ئاڭلىسام
يېقىندىن سەل گېپى بولۇۋاتقانىمىش
دەيدۇ ... سىلىمۇ ئۇققان بولغىيتتىلا؟

رەجەپ بىردەم ئۇنىڭغا نېمە دېيىشى-
نى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ
نېمىشقا بىلمىسۇن؟ بۇ ئىش توغرىلىق
پارتىيە گۇرۇپپىسىدا ئۆزىنى تەكشۈردى.
ھازىرغىچە بۇ گەپتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ...
لېكىن بۇ ئىشلارنى بۇ ئادەمگە قانداق
دېگىلى بولىدۇ؟

ــ ئۇ گەپتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق
ئىكەن، تىلىۋالدى جۇرېن، سىلى توختى
سىجاڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسىلا. بۇ
ئىشلارغا كونكرېت شۇ ئادەم مەسئۇل.

رەجەپ شۇنى دېدى - دە، ئىشىك
ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا ئولتۇ-
رۇپ مېڭىپ كەتتى.

* *

تىلىۋالدى مۇدىر بىردەم «قانداق
قىلسام بولار» دەپ ئويلاندى. كەچكىرىپ
قاراڭغۇ چۈشكەندى. «ماشىنىسىدا توختى
سىجاڭنىڭكىگە ئاپىرىپ قويايمۇ» دېمەمدى
بۇ كاززاپ. بۇنىڭغىمۇ ھال كىرىشكە باش-
لىدى، توختاپتۇر، جاھان ئۆزۈن، ئاۋۋال
ئۆينى بىر سىلىۋالاي، سېنىڭمۇ بىر كۈن-
لىرى مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىگىنىڭنى كۆ-
رەرمەن ... توختى «توك» نېمە دەر - ھە؟
ئەتە كۆرۈشەيمىكەن؟ ناۋادا ئۇ ئەتە بىر
ياققا چىقىپ كېتىپ قالسىچۇ؟ شەھەرنىڭ
خىزمىتى ئۇنىڭ كوپېراتىپ باشقارمىسىنىڭ
خىزمىتى ئەمەس. كېچىككەن ئىشتىن چې-
چەك چىقماي قويمايدىكەن. مۇشۇ مەرەز
كېسەل چاپلاشماي تۇرغان بولسىمۇ
ئۆي سېلىش ئىشى بۇنچىلىك سۆرىلىپ
كەتمەس ئىدى. بولدى، غەيرەت قىلىپ
توختى سىجاڭنىڭكىگە باراي ...» ئۇ ماشى-
دۇرسىزلىقتىن دىرىلدەپ تۇرغان پۇتلىرىنى
كۈچ بىلەن يۆتكەپ چوڭ كوچىغا
قاراپ ماڭدى. كوچا ئېلېكتىر چىرىغى-
نىڭ نۇرىدا غۇۋا يورۇغانىدى. ئارد-
لاپ - ئارىلاپ ۋېلىسىپىتلىق كې-
شىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ
كېتىشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىت مىنىش-
نى ئۆگەنمەي قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى.
ئۇنىڭ كۆزى ھازىرقى قاراڭغۇدا بىرەر
تونۇش ئادەمنى ئاڭقىرالمايتتى، كۈندۈزى
بولسىمۇ بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالسا ئۇنى
كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالاتتى. قىرىشقاندەك
توختى قادىرنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ ئۇ چې-
تىدە، بۇ يەردىن كەم دېگەندە ئۈچ كىلو-
لومېتىر كېلىدۇ. ھەر ھالدا خۇدايىم ئۇنى
پۇت بىلەن ئېغىزدىن قىرىتمىدى، شۇنىڭ-
غىمۇ مىڭ شۈكرى.

ئۇ توختى قادىرنىڭ دەرۋازىسىنى
قاققاندا سائەت توققۇزلارغا تاقاپ قالغانى-
دى. شۇنچە كەچتە كەلگەن ئادەمنىڭ تى-
لىۋالدى مۇدىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆي
ئىگىسى ھەيران بولىدى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر

ھاسىرەشلىرىنى كۆرۈپ ئايالىغا چاي بۇيرۇدى. ئىككى پىيالە قىزىق چاينى ئىچىپ تىلىۋالدى مۇدىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىردى، پۇتلىرى تىترەشتىن توختىدى، ئىغىزىغىمۇ مادار كىردى.

— ئۆتكەندە ئوغۇللىرىنىڭ مەرىكىسىنى قىلغان ئىكەنلا، مەن قارىسىلا، دوختۇرخانىدا بولۇپ قېلىپ كېلەلمەي تازىمۇ سەتئىس بولدى، — تىلىۋالدى گەپنى شۇ يەردىن باشلىدى، — بىز تۇخان ئىككىمىز ئايرىم كەلمەكچى ئىدۇق، كۆڭلىمىزدە بار... ئۆيدىمۇ دائىم گەپلىرىنى قىلىشىمىز، رەجەپ سىجاڭمۇ تەرىپلىرىنى تولا قىلىدۇ. سىلى دېگەن شەھەرگە كونا، تەجرىبىلىرى كۆپ. مەن رەجەپكە دائىم دەيمەن: سەن توختى سىجاڭغا تايانساڭ بولىدۇ. سەن شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى تازا ئۇقۇپ كېتەلمەيسەن، شەھەر مۇرەككەپ ئورۇن، بىر مەزگىل توختى سىجاڭنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆگەن، دېدىم. ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار، رەجەپ مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلىگەن، تونۇگۈنكى سويما باللار-دە... سىلى بولغاچقا شەھەرنىڭ ئىشلىرى چاتماي كېتىۋاتىدۇ... مەن ۋىلايەتتىكى جاڭ شۇجىغا گەپلىرىنى قىلىپ بەردىم. ئۇ ئادەم بىلەن مەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن. نېمە گەپ بولسىمۇ دېيىشەلەيمىز، ھازىرغۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغانىنىڭلا بازىرى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىلى بىلەن بىز ئوقۇماي تۇرۇپمۇ 30 يىلدىن بۇيان ئىشلەپ كەلدۇققۇ. ئەڭ مۇھىمى مول تەجرىبە، قابىلىيەت كېرەك. جاڭ شۇجىنىڭمۇ ئويلىغىنى بار ئىكەن، ئۇ دەيدۇ، بۇ قېتىم قۇرۇلتايدا توختى سىجاڭنى ۋالىيلىققا ئۆستۈرمەكچىمىز دەيدۇ...

ئۇ بىر سېكۇنت توختىۋېلىپ ئۆز كېپىنىڭ ئۆي ئىگىسىگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ تىكىلدى، ئەمما توختى قادىر بولسا ياندىكى تېلېۋىزورغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. تۇرقىدىن ئۇ تىلىۋالدى مۇدىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. مېھماننىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى يادىغا ئالغان توختى قادىر بىر كەمدە ئۇنىڭغا ئۆرۈلدى ۋە قورۇقلا قىلىپ:

— قېنى چاي ئالسىلا، — دەپ قويدى.

ئاڭغىچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسىمۇ تۈگىدى.

توختى قادىر قاتتىق بىر ئەسنەپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى ۋە سائەتكە قاراپ قويدى. تىلىۋالدى مۇدىر بايىقى گەپنىڭ ئايىغىنى ئۇلاي دەپ تەمشەلگەنىدى، ئاڭغىچە توختى قادىر گەپ باشلىدى:

— تىلىۋالدى مۇدىر، بۈگۈن ئوبدانمۇ كەپلا، بىزمۇ سىلىنى ئىزدىمەكچى ئىدۇق. ھېلىقى قورۇ-جايلىق يەرنىڭ كېپى... ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ قاسىم دېگەن دېھقاننىڭ باغلىق يېرىكەن. ھازىر ئۇ ئادەم دەۋا قىلىپ كەلدى...

بۇ گەپ تىلىۋالدى مۇدىرنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى، دېمەك گەپ راست ئىكەن-دە، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ... تىلىۋالدى مۇدىرنىڭ كاللىسىغا بىر-بىرىدىن كۆڭۈلسىز خىياللار كېلىشكە باشلىدى.


— بۇ ... قانداق بولغىنى ... — دېدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا، — مەن قارىسىلا ... ئۆينىڭ يېرىمىنى سېلىپ بولغان ئەمەسمۇ؟ ...

ـ بىز كۆردۇق، ئۈچ ئىغىز ئۆيـنىڭ
هۇلى قوپۇرۇلغانىكەن، جاينىڭ ئىگىسىمۇ
ئۆي سالماقچىكەن، ئۇ هۇلنى باهالاڭلار،
مەن پۇلنى بېرەي دەيدۇ. سىلىمۇ زىيان
تارتمايدىغان بولدىلا، ناۋادا ئۇ بىر تىيىن
بەرمەيمەن دېسىمۇ ئامال يوق ئىدى. ئەتە
شەهەرلىك هۆكۈمەتكە بارسىلا، شەهەردىن
مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى چاقىرىپ ۋاقتى-
دىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەيلىمۇ، قانداق؟
ـ توختى سىجاڭ! ئۇ ئادەمگە باشقا
بىر يەردىن يەر كۆرسىتىپ بېرىشسىلە تۈ-
گىمەمدۇ، يېزا دېگەندە يەر ئازمۇ؟...
ـ ئۇنداق قىلساق قانۇنغا خىلاپلىق
قىلغان بولىمىز ـ دە، ـ توختى قادىر جىد-
دىي تۇردە دېدى، ـ تىلىۋالدى مۇدىر،
سىلىمۇ بىر پېشقەدەم رەهبىرىي كادىر،
كونا پارتىيە ئەزاسى. ئۆزلىرىگە چۈشەن-
دۇرۇش كەتمىسە كېرەك. هازىر دېهقانىنى
بۇرۇنقىدەك قارىسىغا كوملاپلا يولغا سالى-
دىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارمۇ ئاق-
قارىنى بىلىۋالدى، قانۇننى ئالدىڭىزغا تاش-
لاپ قويىدۇ... هېلىمۇ شەهەردە نۇرغۇن
يەرلەر ئۇ باشلىق، بۇ تۇغقان دېگەنلەرگە
بېرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم شەهەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيىدا بۇ هەقتە ناهايىتى نۇر-
غۇن پىكىرلەر چۈشۈپ كەتتى، شۇڭا شە-
هەرلىك هۆكۈمەت كادىرلارنىڭ سالىغان
جايلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىش-
نى، نامۇۋاپىق بولغانلارنى بىردەك قايتۇ-
رۇۋېلىشنى قارار قىلدى. مۇشۇنداق گەپ.
توختى قادىر گەپنىڭ تۈگىگەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ يەنە بىر قېتىم سائىتىگە قاراپ
قويدى. تىلىۋالدى مۇدىر ئۇنىڭ مۇزدەك
چىرايى، هارغىن تۇرقىغا قاراپ گەپ قى-
لىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى.

توختى «توك» جىلىك تۈگىلۈقىنى قىلدى.
هەتتا ئۇ كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ بىردەم
ئولتۇر دېمىدى. «بۇ توك ئۆچىنى بىر
ئېلىۋالدى، بۇنى بىلگەن بولسام ئىنقىلابتا
ئۇرغۇزۇپلا ئۆلتۈرگۈزۈۋېتەركەنمەن. مېنىڭ
ئۇنىڭ ئۇستىدە ماتېرىيال بەرگەنلىكىمنى
كىممۇ دەپ قويغان بولغىيتتى ـ هە؟...»
شەهەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن سالپىيىپ
چىقىپ قاپقاراڭغۇ كوچىدا يولنى پەرق
قىلالماي تۇرغان تىلىۋالدى مۇدىر بىردەمدە
شۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردى. ئۇ ئۆمرىدە
بۇگۈنكىدەك زەربىنى كۆرمىگەنىدى.
ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەلەم ـ ئاچچىق قاپلاپ،
نېمىدۇر تاتىلاپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ قا-
راپ تۇرۇپ جايلىق يەردىن ئايرىلىپ قا-
لارمۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە پۇل خەجلەپ سالغان
داستىخانلىرى بىكارغا كېتەمدۇ؟ پالاكەت،
نەس كېسەل...شۇ كېسەل، ئىدارىدا هېلىقى
باهالاش دېگەن نېمىلەر بولمىغان بولسا
ئۇ ئۆينى سېلىپمۇ بىر يەرگە ئاپىراتتى...
«ياق، هېلىمۇ بۇنداق ئۆتۈنۈپ بەرگىلى
بولمايدۇ. توختى «توك» قانۇن بىلەن
قورقۇتماقچى. ئۇ تىلىۋالدىنى ئەخمەق كۆ-
رۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ 40 يىلدىن بۇ-
يان بۇنداق قانۇنلارنى ئاز كۆردىمۇ؟
هەر قانداق قانۇن ۋاقتىنىسغا كەلگەندە
باشلىقنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن تارتىم-
نىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئېيىك بولسا
قانۇن دېگەن شۇ. توختى «توك» غىرىلىك-
پىرىلىك قىلسا قىلىۋەرسۇن، ئۇنىمۇ باشقۇ-
رىدىغان ۋىلايەت بار ئەمەسمۇ؟ ئۇ نېمىشقا
ۋالىي بىلەن كۆرۈشۈپ باقمايدۇ، نېمە
بولسىمۇ ئۇلار كونا سەبداشلارغۇ، هەتتا،
ۋالىينى پارتىيىگە تونۇشتۇرغانمۇ شۇ تۇر-
سا، شۇنىڭ بولسىمۇ يۈز ـ خاتىرىسىنى

قىلار ... هازىر سائەت قانچە بولغاندۇ؟
توغرا، ۋالىينىڭ ئۆيى يول ئۈستىدىلا،
كىرىپ ماۋۇ «توك»نى تازا بىر چاقمايمۇ.»
ئۇ ۋالىينىڭ قايسى بىر يىغىندا بۇ «توك»
بىلەن تەگىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

بۈگۈن تازا پەيتى ... شۇلارنى ئويلاپ
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىردى-دە، پۈتلىرى-
نىڭ سىقىراپ ئاغرىشىغا قارىماي قاراڭغۇ
كوچىنى يېرىپ مېڭىپ كەتتى. كوچىدا



ئادەم يوق، ئارىلاپ كەچ قالغان ئاپتومو-
بىللار ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن غۇيۇلداپ
ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئىلىۋالدى مۇدىرلىق يەلە
خىيال بېسىۋالدى. توختى «توك»نىڭ
مۇزدەك تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن
يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئېچىشىپ
ئاغرىپ كەتتى، بېشى قېيىپ كۆز ئالدى
قاراڭغۇلاشتى. ئۇ پەقەت نېمىگىدۇر پۈت-
لاشقىنىنى ۋە بېشىنىڭ قاتتىق بىر نەرسى-
گە تەگكەنلىكىنى غۇۋا سەزگەندەك بول-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى
بىلمىدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن يولدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان بىر شوپۇر ماشىنىنىڭ يورۇقىدا
ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ دەسلەپ يېتىپ قال-
غان مەست ئوخشايدۇ، دەپ كېتىۋەرمەكچى
بولدى. ئەمما ئۇنىڭ چاچسىز ئاپئاق بې-
شىنى كۆرۈپ توختاپ يېنىغا كەلدى ۋە
ئۇنىڭ كېسىلى تۇتۇپ يىقىلىپ چۈشكەنلى-
كىگە كۆزى يېتىپ دەرھال كۆتۈرۈپ ما-
شىنىغا سالدى-دە، ئۇدۇل بالنىتسىغا ئېلىپ
باردى. جىمجىت بالنىتسىدا پاتپاراقچىلىق
باشلاندى. دىجۇرنى سېستىرا يۈگۈرگەن
پېتى بېرىپ جىددىي بىر كېسەلنىڭ كەل-
گەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ باش دوختۇرنى
چاقىرىپ كەلدى. باش دوختۇر لى كارىۋات-
تا چىرايى تامدەك تاتىرىپ ياتقان ئادەم-
نى كۆرۈپ ئۇنى تونىدى-دە، بېشىنى
چايقاپ قويدى ...

ماخمۇت مۇھەممەت

# ھېكايىلار

## مۇھىم پىكىر

يېقىندىن تەييارلىنىۋاتقان «كېلەچەك ئۈچۈن» ناملىق بەش پەردە، يەتتە كۆرۈنۈشلۈك درامىدا بىر ئايلىق جاپالىق رېپېتىتسىيەدىن كېيىن رەھبەرلەر ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سۇنۇلدى. يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە نەپىس ئىشلەنگەن قىزىل باغاق ئەۋەتىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېقىندىن پۈتكەن رېپېتىتسىيە زالى كىشىلەرگە تولدى. رەھبەرلەر ئالاھىدە ياسالغان ئۈستەللەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ئورۇنلىرىغا، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىن كەلگەن مېھمانلار چەت-چۆرىدىكى ئورۇنلارغا جايلاشتى. بۈگۈنكى ھوكلات ئويۇنى ئارقىلىق ئىككى مەقسەت كۆتۈلەتتى: بىرى، رەھبەرلەرگە دراما ۋەقەلىكىنى سىياسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇش، يەنە بىرى، درامىنىڭ ئىقتىسادىي سەرپىياتى ئۈچۈن كېتەرلىك پۇلىغا يەنە شۇ رەھبەرلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش. شۇڭلاشقا بۇ يەردىكى «ئالاھىدە ياسالغان ئۈستەللەر» دېگەن گەپنىڭ «مول نېمەتلىك داستىخان» دېگەن مەنىسىمۇ بىردىغانلىقىغا گۇمان بولمىسا كېرەك!

دراما قىزغىن، جىددىي كەيپىياتتا ئوينالدى ۋە كۆڭۈللۈك يەپ-ئىچىش، ھاياجانلىق خىتابلار ئىچىدە كۆرۈلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆمەك مەسئۇللىرى قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. بىر پەس تۇزۇتتىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبەرلەر مەرتىۋە-دەرىجىسى بويىچە پىكىر بېرىشكە باشلىدى. درامىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى، پېرسوناژلار ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى ... قاتارلىق تەرەپلەر بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىندى، نەتىجىلەر مۇقىملاشتۇرۇلدى. يېتەرسىزلىك دەپ قارالغان تەرەپلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باھالار، تەكلىپلەر بېرىلدى ...

شۇ تەرىقىدە نۆۋەت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىغا كېلىپ توختىدى. پۈتۈن ئويۇن داۋامىدا ئۇ سەل پەرىشاندەك بىر خىل ھالەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغانىدى. سەۋەبى، ئۇ بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال تولۇق يېرىم كۈن نۆۋەتتىكى بىر تۈركۈم يېڭى رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇزاكىرە

يىغىنىغا قاتناشقان ۋە ئايرىم نامزاتلار ئۈستىدە ئۆز خىزمىتىگە چەكسىز مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ ھارغانىدى.

— ئويۇنىڭلارنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ سالماقلىق قىياپەت ۋە ھارغىن ئاھاڭ بىلەن سۆز باشلاپ، — يۇقىرىدا رەھبىرىي يولداشلار ئويۇن ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ئەمدى بۇ يەردە باشقىلار دېمىگەن بىر تەرەپنى، بىر مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. بايا كۆرگەن ئويۇندا ھېلىقى، ئىسمى نېمىدا؟ ھە... ئەكبەرنى تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا مەلۇم رەھبەرلىك قابىلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىگە قوبۇل قىلىدىغان، ئۆستۈرىدىغان بىر ئەھۋال بار ئىكەن. ئەلۋەتتە ئىقتىدارلىق ياشلارنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، مېنىڭچە، بۇ يەردە ھەممە ئىش تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە تۈزۈم بويىچە بولۇشى كېرەك. ئەكبەر ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتا مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار ئىكەن. بۇ دېمەك، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۆزى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن دېگەن سۆز، ھە... ئۇنىڭ سېكرېتارى بولسا بۆلۈم دەرىجىسىگە تەڭ. پرىنسىپ بويىچە بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلارنى... ھە، بولۇپمۇ ئەكبەرگە ئوخشاش كادىرلارنى تەشكىلات بۆلۈمىمىز تەستىقلاپ بېكىتىشى لازىم ئىدى. بىراق، ئېسىمدە قېلىشىچە، يېقىن ئارىنىڭ ئىچىدە ئەكبەر ئىسىملىك كىشىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇپ ئالمىد... دۇققۇ دەيمەن؟! بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ھە...؟ بىزنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىمىز نېمىش قىلىدىغان ئورۇن؟ ھە دېسە باشتاقلىق قىلىدىغان، تەشكىلىي تۈزۈمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ناچار ئىللەتلەرگە ئەمدى قەتئىي خاتىمە بېرىلىشى كېرەك؟...

تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالقىنى بىلەن ئۈستەلگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇۋېدى، بايا ئەكبەر رولىنى ئالغان ئارتىست ئەمدىلا قولىغا ئالغان بىر تال يوغان نەشپۈت قاڭقىپ يەرگە چۈشتى ۋە دومىلاپ خېلى يەرگىچە باردى.

## باشلىق ئاغىنەم

كەچكى تاماقنى تولىمۇ ئېچىلىپ يېيىلىپ يېدىم. ھەتتا كۈلۈمسىرىشىم ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئايالىم چىنەمگە ئاش ئۇسۇۋېتىپ سورىدى:

— نېمانچىلا كۈلقەقلىرىڭىز ئېچىلىپ كەتتى بۈگۈن؟

مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ياقۇپ بىرگە باشلىق بولۇپ كېلىدىكەن! — دېدىم.

ئايالىم كەم كۆرۈلىدىغان سوغۇقلۇق بىلەن غۇدۇردى:

— مەن تېخى ئۆزىڭىزنى باشلىق بولىدىكەن دەپتىمەن.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دېگەندەكلا ياقۇپ بىزنىڭ ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ كەلدى.

— ياخشى بولدى - دە، ئاغىنە، — دېدى ئۇ كەلگەن كۈنىلا مېنىڭ قولۇمنى

چىڭگىدە تۇتۇۋېلىپ، — بىز بىللە ئىشلەيدىغان بولدۇق. تېخىمۇ بېقىن ئاغىنە بولۇپ ئىشلەيمىز ھەم ئوينايمىز جۇمۇ!

— بىراق ....، — دېدىم، ئېيىشقىدۇر ئاغىنەمنىڭ «باشلىقلىق سالاپىتى» دىن ئەيمىنگەندەك سەل ئەندىكىپ، — جاھاندا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ...

— كېيىنكىنى چۇشەندىم، — دېدى ياقۇپ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، — سەن مېنى تېخىچىلا چۇشەنمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس جۇمۇ! — (ئاغىنەم «ئۇنداقلار» دېگەن سۆزنى ئاجايىپ بىر تەلەپپۇزدا ئېيتتى.) سۆزلەۋېتىپ ئۇ كونا ئادىتى بويىچە ئويىنىشىپ مۈرەمگە بىر مۇشت قويدى. ماڭا بۇ مۇشت خۇددى ئەركىلىتىپ سىلىغاندەك يېقىملىق تۇيۇلدى.

بىرنەچچە كۈنلەر ئەنە شۇ يېقىملىق تۇيغۇ ئىلكىدە ئۆتتى. ئىدارىدىكى باشقا كادىرلار مېنىڭ يېڭى باشلىق بىلەن ئەركىن ۋە ھەتتا سەل قوپال پاراڭ سېلىشىشىمغا ئەجەبلىنىپ، زوقلىنىپ، ھەسەت قىلىپ... قارىشاتتى.

ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن تۇيۇقسىزلا بىر نەرسىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، ئاغىنەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىنىڭ سەل ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى مەن ئىشقا كېلىپ ئەمدىلا بۆلۈم ئالدىغا كېلىشىمگە ئاغىنەم ئىشخانىسىدىن چىقىپ قالدى. كۈندىكىدەك ھالەتتە سالام قىلدىم، بىراق ئاغىنەم كۈندىكىگە ئوخشىمىغان ھالەتتە جاۋاب قايتۇردى. يەنى بېشىنى سالقىن قانىلىق بىلەن لىڭشىتىپ قويدى - دە، تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتى. تەبىئىيكى يۈرىكىم شۇ مىنۇتتا «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنلەرگىچە ئەزەلدىن ئىنتايىن كەمتەر ئاغىنەم ياقۇپنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. كۆزەتكەنسېرى ئۇنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان ھالەتلىرى مانا مەن دەپلا كۆزۈمگە چېلىقىشقا باشلىدى. بۇرۇن ئۇ ھازىرقىدەك قەددىنى ئانچىلا تىك تۇتۇپ ماڭمايتتى، تامىقىنى پات - پاتلا زورىغا قىرمايتتى. بۇرۇن ئۇ ھەرگىز گەپ ئارىسىدا «شەخسەن مەن...» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتمەيتتى... ھەتتا... ھەتتا ھەرگىز مېنى «يولداش ئەكبەر» دەپ چاقىرمايتتى...

باشلىق ئاغىنەمنىڭ بۇ يېڭىلىقلىرىغا بىرنەچچە كۈنگىچە ئەجەبلىنىپ يۈردۈم. كېيىن ئۇنى كۆرسەم ئىختىيارسىزلا كۆڭلۈم قىستايدىغان بوپقالدى. بىر كۈنى ئېپىنى كەلتۈردۈم - دە، بۇرۇنقى تۇغرا كېسەرلىكىم بىلەن ئاغىنەمگە شۇنداق دېدىم:

— ھېلىقى گەپلىرىڭنى يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ قانداق، سەندە خېلى ئۆزگىرىشلەر بوپقالدىغۇ؟

ئاغىنەم ماڭا دەرستە ناچار ئوقۇغۇچىغا قارىغان مۇئەللىمدەك بىر نەزەر سالدى - دە، ئەتەيلەپ ئەسكەرتىۋاتقاندەك:

— دۇنيادا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋە دەرھال يېنىمدىن كەتتى.

شۇ كۈنىمۇ كەچكى تاماقنى كۆللۈپلا ئولتۇرۇپ يېدىم. ئايالىم دەررۇ مەندىكى بۇ ھالەتكە دىققەت قىلدى:

— يەنە گۆلقەقەلىرىڭىز ئېچىلىپ

قاپتىغۇ؟ — دېدى ئۇ ئىستېھزالىق ئاھاڭ بىلەن. بايىقى ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم ۋە ئاخىردا:

— ئاغىنەم بۈگۈن مېنى سىلكىۋەتتى، — دېدىم كۈلگىنىمچە.

ئايالىم قىلىچە ئەجەبلەنمەستىن شۇنداق دېدى:

— شۇنىڭغا كۈلۈپ كەتتىڭىزمۇ، مەن تېخى ئۇنى سىز سىلكىۋەتتىڭىزمىكىن دەپتىمەن ...

## ئىككىنچى نۇتۇق

— يولداشلار! «ئىسلاھات قەدىمىگە يېتىشەيلى» دېگەن تېمىدىكى سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنىمىز ھازىر باشلاندى! — زاۋۇت پارتكومىنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل دائىمىي ھەيئىتى بوغۇزىدىن سىقىمداپ تۇتۇۋالغان مىكروفوننى ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ، تازىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلدى. زال ئىچى بىردىن تىمتاسلىققا چۆمدى، — ھازىر زاۋۇتىمىزنىڭ باشلىقى يولداش × × نى سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى!

— يولداشلار! — بوغۇق ۋە ھارغىن ئاۋازلىق زاۋۇت باشلىقى مىكروفون ئالدىغا كېلىپ سۆزىنى باشلىدى، — مەن ئۇزۇن سۆزلىمەيمەن، چۈنكى ھازىر ئىسلاھات ۋاقتى. بىز بۈنىڭدىن كېيىن يىغىنلارغىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز. مەخسۇس كۈن ئاجرىتىپ يىغىن ئاچمايمىز، خۇددى بۈگۈنكى يىغىنغا ئوخشاشلا، ئىش ئارىسىدا كۆپ بولسا بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت ئاجرىتىمىز. خوش، شۇنداق قىلىپ، زاۋۇتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى تالادىكى قارا تاختىدىن كۆرگەنسىلەر. ساقلانغان مەسىلىلەر بىرنەچچە خىل. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، يەنىلا سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. بىزنىڭ سۈرئەتنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ سۈپەت ئۆتكىلىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ياكى كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس. سۈپەت — سۈرئەتنىڭ قېيىن ئانىسى. قېيىن ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى ھەممىمىز بىلىمىز! ھە، ساقلىنىۋاتقان ئىككىنچى مەسىلە — دادىل بولالماسلىق. بەزى يولداشلار پايدىلىق پىكىرلەرنى ئويلىشىۋاتىدۇ، ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئايرىم مەسئۇللىرىمىز، ھەتتا بەزى دېھقانلىرىمىزمۇ بۇ «ئىشتىن سىرتقى جۇڭچىلىق» لارغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ ياكى ئىشەنچ قىلمايۋاتىدۇ. يولداشلار، ئىسلاھاتنى ھەقىقىي ئېلىپ بارىمىز، كۆڭلىمىزنى ياخشىلايمىز دېسەك كەڭ قورساق بولايلى، دادىلراق بولايلى، ئالەمشۇمۇل ئىختىرالار مۇشۇ ئىككى شەرتتىن كەلگەن. باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا زاۋۇتىمىزنىڭ بۇدا چىقىرىدىغان قىسقا خەۋەرلىرىدە يېزىلىدۇ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

— يولداشلار، دىققەت! دىققەت! — يىغىن باشقۇرغۇچى ئەۋجىدە كۆتۈرۈلگەن چاۋاكلارنى ئاران تەستە بېسىقتۇرغاندىن كېيىن يەنە تۇمشۇقىنى مىكروفونغا تەگكۈزۈپ ئېلان قىلدى، — ھازىر زاۋۇت پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش × × نى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

زالدىكىلەر ئالدىنقى قېتىملىق چاۋاكنى

بەك قاتتىق چېلىۋېتىپ ئالقانلىرىنى قىزار-تىۋالغانمۇ، بۇ قېتىم ئانچىلا كۆچەپ كېتىشمىدى. بۇ چاغدا سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان ×× بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نېمىلەرنى خاتىرىلەپ دەپتىرىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئاخىرى سۈكۈتنى بۇزۇپ ئىنچىكىرەك، مۇلايىم ئاۋازدا سۆزىنى باشلاپ، — يوقىرىدا زاۋۇت باشلىقى بىزگە زاۋۇتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ ئۆتتى، ھە، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ ئۆتتى. خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتقاندەك، ھازىر ئىسلاھات ۋاقتى، شۇڭلاشقىمۇ بىز بۇنىڭدىن كېيىن يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتقاندەك يىغىنلارغىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز، ھە، ئېلىپ بارىمىز. يەنى مەخسۇس كۈن ئاجرىتىپ يىغىن ئاچمايمىز، خۇددى بۈگۈنكى يىغىنغا ئوخشاشلا ئىش ئارىسىدىن كۆپ بولسا بىرەر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىمىز، ھە، ئاجرىتىمىز... خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، زاۋۇتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىنى ئىدارە بىناسى ئالدىدىكى قارا تاختىدىن كۆرۈۋالدىڭلار، ھە، كۆرۈۋالدىڭلار. ساقلانغان مەسىلىلەرگە كەلسەك، ھە، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بىرنەچچە خىل. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمىنى يولداش زاۋۇت باشلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يەنىلا سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. ھە، سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. بۇ يەردە بىزنىڭ سۈرئەتنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ سۈپەت ئۆتكىلىنى ياكى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ياكى بولمىسا كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس، ھە، كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس. بۇ ھەقتە يولداش زاۋۇت باشلىقى تولىمۇ ئوبدان ئوخشىتىش قىلدى. يەنى سۈپەت سۈرئەتنىڭ قېيىن ئانىسى دېدى، ھە، قېيىن ئانىسى دېدى. قېيىن ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىرى-ياش ھەممىمىز بىلىمىزغۇ؟ ئەمدى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ھەققىدىمۇ يولداش زاۋۇت باشلىقى ياخشى دىئاگنوز قويدى. بۇ — دادىل بولالماسلىق، ھە، دادىل بولالماسلىق. ئېيتقاندەك، بەزى يولداشلار بەزەن پايدىلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاۋاتىدۇ، ھە، تاشلاۋاتىدۇ، بىراق ئايرىم سېخ مەسئۇللىرى، ھەتتا بەزى تېخنىكلىرىمىزچۇ، خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇلار بۇ «ئىشتىن سىرتقى جۇگېلياڭ»لارغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ، ھە، ئانچە بەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ. قەدىرلىك يولداشلار، ئەگەر ئىسلاھاتنى ھەقىقىي تۈردە ئېلىپ بارىمىز، ھال-ئەھۋالىمىزنى تېخىمۇ ياخشىلايمىز دېسەك كەڭ قورساق بولايلى، دادىلراق بولايلى، ھە، دادىلراق بولايلى. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك جاھاندىكى نۇرغۇن ئىختىرالار مۇشۇ ئىككى شەرتتىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ يەردە باشقىمۇ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر يوق ئەمەس، بۇنى خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، زاۋۇت پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئىشخانا بىرلىكتە باشقۇرۇپ چىقىرىۋاتقان زاۋۇت گېزىتىنىڭ بۇداقى سانىدىن كۆرۈۋالالايسىلەر، ھە، كۆرۈۋالالايسىلەر. ۋاقىت ئېيتى-

باري بىلەن سۆزۈمنى مەشەدە ئاياغلاشتۇرىمەن. باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يەنە قانداق پىكىرلىرى بارىكىن؟

يىغىن باشقۇرغۇچى رەئىس ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا ئۈچىنچى قېتىم كەلدى. ئاغزىنى مىكروفونغا يېقىنلاشتۇردى - دە، بىردىن قايرىلىپ، باشلىقلار تەرەپكە قاردى ... دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ نۆۋەتتە سۆزلەيدىغان رەھبەرلى ئىزلەۋاتقان كۆزلىرى تەئەججۇپتىن چاقناپ كەتتى. چۈنكى زاۋۇت باشلىقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شەپكىسىنى كىيگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭغانىدى. ئاڭغىچە يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ قۇلىقىغا زال تەرەپتىن كەلگەن ھەيۋەتلىك «دۇر» قىلغان ئاۋاز ئۇرۇلدى.

## پروتوتىپىنىڭ① غەزىپى

قايسى بىر ئۇلۇغ زات «سەن ماڭا يېرىم سائەت پاراڭ قىلىپ بەر، مەن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بېرەيمەن» دېگەنىكەن. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى قوشنام — جاي ئىگەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدىنلا بىلىۋالدىم. كۆچۈپ كەلگەن كۈنىمىز يۈك - تاقلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋاتاتتۇق، جاي ئىگەم ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، سايما كەشىنى شىپىلداتقىنىچە ئالدىرىماي بېسىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى - دە:

— توختاڭ، ئىجارە پۇلىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن يۈك - تاقنى ئۆيگە ئەكىرىڭ! — دېدى.

— مانا ... ھازىر ... — دەۋەتكىنىمنى ئۆزەممۇ سەزمەي قاپتىمەن. كۆڭلۈمنى بولسا شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا تاشتەك ئېغىر بىر سېزىم چۇلغىۋالدى. «ھەتتىنەي، ئۆينى كۆرۈپتىمەنۇ، ئىگىسىنى سورۇشتۇرماپتىمەن - دە!» دەپ ئويلاپ قالدىم. بىراق ئىش ئۆتكەن، ئوق ئېتىلىپ بولغانىدى.

نېمىلا بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يېڭى قوشنام بىلەن چىقىشىپمۇ قالدۇق. چىقىشماي نەگە بارىسەن؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ قوشنامغا تەبەسسۇملۇق سالام بەرگىنىمدە «بىر قورۇسى بار ئادەم پاڭدۇڭ، بىر قىزى بار ئادەم جاڭجۇن» دېگەن دانا ماقالنى ئېسىمگە ئالاتتىم. بۇ بەستى - بويى سوقا سەندەلدەك، چىرايى ئاپورت ئالمىنىڭ مەگزىدەك قوشنام ئۆزىنىڭ يايلاقنىڭ يامغۇرىدەك پات - پاتلا ئۇچراپ تۇرىدىغان غەلىتە مىجەزلىرى بىلەن ماڭا گوگولنىڭ پىلىيوشكىن دېگەن داڭلىق خەسىس پېرسوناژىنى ئەسلىتەتتى.

قوشنامنىڭ 90 ياشقا تاقاشقان ئاتىسى ئۆزى بىلەن بىللە تۇراتتى. قۇلىقى سەل ئېغىرلىشىپ قالغاندىن باشقا، تېنى ساغلام، ئىشتەيلىك بۇ ئاقساقالنى دەسلەپتە مەن جاي ئىگەمنىڭ قېيىن ئاتىسىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغان ئىكەنمەن.

① پروتوتىپ (گرېكچە) — ئەدەبىي ئوبراز يارىتىشتا يازغۇچىغا مەنبە، ئەندىزە بولغان شەخس.

سەۋەبى، خوجايىن ئايالىنىڭ بوۋاقىغا ئىسسىققىنا، يۇمشاققىنا ئىمزالارنى ئېرى يوق چاغلاردا ئۈزدىپ تۇرغانلىقىنى ئايالىم بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ئىكەن. مەن ئۆزۈممۇ بىر قېتىم شۇنداق تەسىرلىك مەنزىرىنىڭ تاماشىبىنى بوپقالغانىدىم. لېكىن بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن خوجايىن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ غەزەپلىك چىڭقىلىشتىن تېخىمۇ قىزىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىچە ئورۇق، ۋىجىككىنە كەلگەن ئايالىنى ئوتتۇرانچى بارمىقى ئارقىلىق ئالدىغا شەرەتلەپ چاقىرىۋالدى.

— ھەي گاس قۇلاق، ئەتىگەن نېمە دېگەنىدىم ساڭا ھە؟ ئەمدى ئەتىلىككە گۆشنىڭ جىيدىلىنى قىلىپ باق جۇمۇ!

بىچارە ئايال ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ تەنبىھنى مېنىڭ ئاڭلاپ قالغىنىمدىن نومۇس قىلدى بولغاي، ئۆزىنىڭ يۇۋاش تەبىئىتىگە قارشى ھالدا ئېرىگە ئاچچىقى بىلەن جاۋاب ياندۇردى:

— نېمانچىلا قىلىپ كېتىسىز؟! قورسىقىم ئېچىپ قالدى دېۋىدى، ئاش پىشقىچە خېلى بارىكەن دەپ كىچىككىنە مەمپەر تاشلاپ بەردىم. ئېتىپ بەرسەم ئۆزەمنىڭ دادانىغا ئېتىپ بەرگىنىم يوق، سىزنىڭ دادىڭىزغۇ!

— بولدى، بولدى، كاپشىما-ھە! — جاي ئىگەم مەن تەرەپكە غىلام-غىلام قاراپ قويدى-دە، نېرىدا ئاش ئىچىۋاتقان ئاقساقال تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا «ئۇ ھازىر دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراش ئۈچۈن ئەمەس، چىنىدىكى گۆشنىڭ مىقدارىنى چامىلاپ بېقىش ئۈچۈن ماڭدىغۇ» دېگەن خىيال كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قوشنامنىڭ خەسىسلىكى، چۈپەيلىكى مېنىڭ ئالدىمدا مول-مول نامايان بولىدىغان، مېنى كۆڭۈلسىز، ئېغىر ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرىدىغان بولدى. ئادەم دېگەننىڭ مىجەزى بىر خىل بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى ھەر خىل تەدبىر، ھەر خىل پىلانلار بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ ئۆزىدە ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا قوشنامنىڭ «سىقىپ-يالاپ» ئائىلە باشقۇرۇش مىزانى ھەققىدە گاھىدا كۆڭلۈمدە كەچۈرۈش ھېسسىياتىمۇ ئۆرلەپ قالاتتى-يۇ، لېكىن بىرلا ئىشى، ئۆزىنىڭ تاپقان ۋە باققان دادىسىنى ئوشۇقچە يۈك ھېسابىدا كۆرۈشى كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. شۇنداق ھېسسىياتلارنىڭ تۈرتكىسىدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم-دە، ئىلھامىمنىڭ يېڭى مېۋىسى — «ئالقىنىڭنى ئېچىۋەتكىنە» ناملىق بىر ھېكايىنى ئاپىرىدە قىلدىم. ھېكايە ياخشى يېزىلىپ قالدىمۇ ياكى شۇ كۈنلەردە ئەدەبىي مۇھەررىرنىڭ ئۈستىلى قۇرۇقدىلىنىپ تۇرۇۋىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ھېكايەم ئەۋەتىلىپ ئىككى ھەپتىگە قالمايلا گېزىتكە بېسىلىپ چىقتى.

مەن سىلەرگە قوشنامنىڭ كەسپى سودىگەرچىلىك بولسىمۇ، ئەمما گېزىت-ژۇرناللارغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەنىدىغۇ دەيمەن؟ شۇنداق، ئۇ ئاخشاملىرى تاماقتىن كېيىن ھويلىدا بىر دەم-يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقان ۋاقىتلىرىمىزدا ھە دېسىلا خەلقئارا مەسىلىلەردىن گەپ ئاچاتتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كەلگەن گېزىتلەرگە بېسىلغان بەزى مۇھىم خەۋەرلەرنى ئۆزى كۆرگەن ۋەقەلەردەك قىلىپ ھەممىدە مەن زادىلا ئۇلارنى

گېزىتتىن كۆرمىگەندەك پىشىلدۇرۇپ سۆز-
لەپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە ئالدىراش
بازارغا، دۇكىنىغا تەرەپكە كېتىۋېتىپمۇ
مەندىن سوراپ قوياتتى:

— خوش، شۇنداق قىلىپ ئىراق
بىلەن ئىراننىڭ ئىشى نەدىن نەگىچە كېلىپ
توختىدى؟

ئەنە شۇ ئاجايىپ قوشنام، يەنى
جاي ئىگەم بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆيىمىزگە
ئالايىتەن قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدى.
قولىدا مېنىڭ ھېكايەم بېسىلغان گېزىت
تۇراتتى. گېزىتكە كۆزۈم چۈشتى-يۇ،
يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. «ئاپلارەي،
ئۆزىنى يازغىنىمنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟
تەتۈرلۈكىگە ئالسا ھە! ...» دەپ ئويلاپمۇ
ئۈلگۈردۈم.

— مانا قارا، ھېكايە-پېكايە يازىدى-
غان مىجەزىڭمۇ بار ئىدى دېسىڭىز بول-
مامدۇ؟ — قوشنام مېنىڭ كۈتكىنىمنىڭ
ئەكسىچە، ھىجىيىپ پاراڭ باشلىدى، — بۈگۈن
پوچتىكەش ئۈچ-تۆت كۈنلۈك گېزىتنى
بىراقلا ئەكېلىپ تاشلاپ بەرگەنتى، شۇنداق
قارىسام سىزنىڭ ئىسمىڭىز. «ۋاھ، توختاپ
تۇرغىنا» دېدىم-دە، سېرىدىلا ئوقۇپ چىق-
تىم. ئەمما لېكىن ئالامەت يېزىپسىز، ھې-
لىقى پەخىرلىقنى ... ماخارىغا گاچچىدىلا
قويۇپسىز. مانا قارا، بىچارە ئانا سېنى
توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت
قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ مىڭبىر جاپادا
بېقىپ قاتارغا قاتتۇن. سەن بولساڭ ئۇنى
قېرىغىنىدا خارلا. ھۆي ۋىجدانسىز مۇناپىق!
تۇفى سېنىڭ ئاشۇنداق قىلىپ تاپقان
پۇللىرىڭغا! تۇفى ئابروي-ئاتىقىڭغا! راست
گەپنى قىلسام ئاچچىقىمدا پوكەينى مۇشت-
لاپ كېتىپتىمەن جۇمۇڭ ئۇكا. راسا قو-
يۇپسىز مۇناپىقنى! ...

قوشنامنىڭ غەزەپلىك نۇتقىنى ئاڭ-
لاپ، بايىقى ئەندىشىلىرىم شامالغا سورۇلغان
پاخالدەك ئۇچۇپ كەتتى.

مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە قوشنامنىڭ
ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قاپتىمەن.

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن



## كۆڭۈل بايانلىرى

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن 1964 - يىلى 2 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جاندا تېرىم كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1985 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا شۆبىسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر كورلا «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ 1982 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويدى.

ياش شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن يېقىندا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

— تەھرىردىن.

## ئىنتىلىدۇ ھەر كۆڭۈل كەڭرىلىككە

كەڭرىلىكنى تىلەيدۇ بار مەۋجۇدات،
ئىستىقبالى تۇنجۇقار قىسىلغاندا.
تار ئىمكاندا كۆلگەن بار نەدە مۇرات،
تۇلپار ئۇچار چۈشكى قىيىلغاندا.

كەڭ تۇت، كۆڭلۈم، ئۆزۈڭنى ھەرجايدا كەڭ،
تاپسۇن سەندىن ھەر كۆڭۈل ئازادىلىك.
ئۆزەڭ بىلەن ھەر كىمنى تەڭ كۆرگىن - تەڭ،
چىرىغىغا روھلارنىڭ بەر ماي، يىلىك!

ئىنتىلىدۇ ھەر كۆڭۈل كەڭرىلىككە،
ھەر كۆڭۈلنى ئۆزەڭدەك چۈشەن، كۆڭلۈم.
كەڭرىلىكتە ئۆسەر روھ تەڭرىلىككە،
كەڭرىلىككە بولمىغىن كىشەن، كۆڭلۈم!

ھەر كۆڭۈلنى ئۆزەڭدەك چۈشەن، كۆڭلۈم،
كەڭرىلىككە بولمىغىن كىشەن، كۆڭلۈم!

## قەبرىدىكى پالۋان

(ئارخېئولوگ خاتىرىسىدىن)

ئالدىمدا مۇڭ باسقان قەدىمىي قەبرە،
ئىچىدە بىر جەسەت گويا تىرىكتەك.
كىيگەن ئۇ يۇڭ رەختتە جىگەر رەڭلىك تون،
كۆزلىرى بىر يەرگە قادالغان مىختەك!

www.uyghurkitap.com

يۈزلىرى دۈگىلەك، بۇرنى قاڭشالىق،
ئۈسكىلەك بۇرۇت ۋە ساقىلىدا ئاق.
يۈلەنگەن گەۋدىسى قەبرە تېمىغا،
ئۇ ئۆرە ئولتۇرار، قولتۇقتا تاياق.

بىر ياندا مۇڭگۈزدىن ياسالغان بىر جام،
بىر ياندا تۇرىدۇ تۇلپار كاللىسى.
ئۇ قەدىم ئوقيانى سىقىمدىغان چىلىك،
قالغاندەك مۇقەددەس جەڭنىڭ چالىسى!...

تەسەۋۋۇر قۇياشىم تاغلاردىن ھالقىپ،
ئەسىرلەر كۆكىنى يورۇتتى خىرە.
ئالدىمدا يۈز ئاچتى قەدىمىي جەڭگاھ،
ھۇرلۇك دەپ نەرىلەر تارتقان مەنزىرە:

تالادا ئات كىشنەر،
پالۋان يىگىتكە
ئۇزاتتى نىگارى ئۇتۇق تىلەپ جام.
(ماڭماقچى ئۇ ياۋغا ماماتلىق يوللاپ،
ئالماقتا بوۋىسى ئۈچۈن ئىنتىقام.)

تىترىدى جام تۇتقان قولى پالۋاننىڭ،
قاپلانىنى بوغقاندا تىترىمىگەن ئۇ!...
يار قالدى خىيالچان،
ئۇ مىندى ئاتقا،
قەلبىنى ئۆرتىدى ئەل چەككەن قايغۇ.

قوشۇلدى تۇلپارى پىداكار سەپكە،
ئۇ قانداق چىدىسۇن بولسا يۇرت مۇنقەرىز!؟
چاسىق ياۋ ئايىغى ئاستىدا قالغان
ئەسلى پاك ئېلىنى پاك ئەيلىمەك پەرز!

تۇلپارى ئېتىلدى سۇرئەتتى بوران،
نەرىلەر تارتتى ئۇ بىر چاقماقسىمان.
ۋىژىلداپ ئۇزۇلدى ساداقىدىن ئوق،
يىقىلدى دۈشمەنلەر يەر چىشلەپ شۇئان.

قۇربانلار قېنىدا رەڭلەنگەن زېمىن
ئەل سۆيەر قېنىدا بويالدى يەنە...
ئاخىر ياۋ تەن بەردى مەردلەر ئالدىدا،
جەڭگاھتا غالىبلار قىلدى تەنتەنە.

ئاھ، شۇ پەيت بىر شۇم ئوق كېلىپ غايىبتىن
يىقىلدى ئۇ پالۋان، يىقىلدى تېرەك!
دەل شۇ چاغ پالۋاننىڭ ئۆيىدىن «ئىڭە» ـــ
ياڭرىدى!
ياۋلارغا ئولاشتى تىترەك!...

*

ئالدىمدا تۇرىدۇ قەدىمىي جەسەت
ۋە نەچچە ئەسىرنى قېرىتقان قەبرە.
يۇرت مېنىڭ، قەبرىمۇ مېنىڭ مىراسىم،
بۇ قەدىم جەسەتكە مەن يېڭى ئەۋرە.

جەڭچىمەن يۈكسىلىش جەڭگاھىدىكى،
بىر قورغان ئالدىدۇ ھەر باسقان قەدەم.
ئۆلۈم بىر تېپىشماق، بەلكىم بىر كۈنى
كىرەرمەن ئەزرائىل چۈشلىرىگە ھەم.

دوستلىرىم، كېيىنگە ئورنىماڭ ئۇ كۈن،
ياتقۇزماڭ،
تۇراي مەن گۆرىدىمۇ ئۆرە!
قولۇمغا تۇتقۇزۇڭ مىلتىقىمنى ھەم
قەبرەمنىڭ تېمىغا سىزىڭ كۆك بۆرە!

## چاقماق

كۈننى توسۇپ رەزگى تۇمان، بۇلۇتلار،
كۆك يۈزىگە خۇنۇك چۈمبەل ياپقاندا;
كەڭ بوشلۇقنى قاپلاپ غۇۋا مەنزىرە،
تەبىئەتكە ھاۋا سوغۇق باققاندا;

سەن كېلىسەن نەرە تارتىپ غەزەپتە،
قەدەملىرىڭ ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ.
شىددىتىڭدىن كېلەر بوشلۇق لەرزىگە،
جەڭگاھتا توپ ئېتىلغاندەك گۈمبۈرلەپ.

ھەيۋىتىڭدىن ھەر تەرەپكە پىتىراپ،
سەراسىمگە چۈشەر كۆرەڭ بۇلۇتلار.
تۇمانلارنىڭ يۈرىكىگە قويار دەز
سەن ئويناتقان نۇردىن پۈتكەن ئۇمۇتلار.

ۋە قۇيۇلار كۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ
مەغلۇبىيەت يېشى يامغۇر توسىدە.
قۇدرىتىڭدىن سۇنۇپ ئاجىز ھەيۋىسى،
ئۇندىن ئەسەر قالماس ھەم كۆك يۈزىدە.

ئەنە شۇ چاغ ئارام تېپىپ كۈلىسەن،
قۇياش يەنە پارلار ئاسمان سۈزۈلۈپ،
نۇر ئىلكىدە چاقنار پۈتۈن مەۋجۇدات،
يۈرەك ئەركىن سوقار، ھاۋا تۈزۈلۈپ.

*

چاقماق، چاقماق، خىسلەتلىرىڭ دىلىمدا،
سەن تۇرىسەن ئۇندا پات-پات چېقىلىپ.
نىمە ئارمان، ئۈچسەم، ھايات كۆكىدە
بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ئوت بوپ يېقىلىپ!

كۈرەشچان ھۈسەيىن

# سۆيگۈ تۇيغۇلىرى

## سۈبھى كۈيى

سۈزۈلمەكتە ئۇپۇق ئانار رەڭ،
تۆكۈلمەكتە زېمىنگە زىيا.
لەيلەپ يۈرەر ناۋات رەڭ تۇمان،
تۆكۈلگەندەك رەڭمۇ-رەڭ سىيا.

ئۆرلىگەندە قۇياش كۆك سايان،
تۇنجى نۆۋەت سۆيۈنەر قىيا.
لەۋ يېقىشىپ نۇر بىلەن كۆككە
شەبنەملەرنى ئۇزىتار گىيا.

نازۇك ھېستا تەۋرەپ تەبىئەت
ئورۇنلايدۇ سېھىرلىك رايال.
ئىغاڭلىتىپ، سىلاپ تاللارنى،
چىمەنلەرنى ئېگىدۇ شامال.

گۈزەللىكنىڭ سۇلتانى سۈپەت،
زېمىن ئاچتى كۈلۈپ ئۇز جامال.
ئۇ سېھىرلىك سۈلكىتى بىلەن
بار سۆيگۈمنى ئەيلىدى قامال.

## دېڭىز

شېرىن چۈشلەر قۇچاقلىغاندەك،
تەكلىماكان ياتار خىرامان.
بارخانلىرى دولقۇندۇر گويا،
ئوكيان ئارا غۇلاچلار ئاتقان.

كۆرۈنمەيدۇ چېكى-قىرغىقى،
خاسلىقىدا ئۇ كەڭرى دۇنيا.
سىرى بىلەن، قۇدرىتى بىلەن
تەڭدىشى يوق تەڭرىدۇر گويا.

ئۇنىڭدا بار سىرلىق تىلسىمات،
مۆجىزاتلار مۆكۈنگەن پىنھان.
ئۇنىڭدا بار گۈزەللىك، ھېكمەت
ھەم تۈگىمەس-پۈتمەس ئالتۇن كان.

## كۈن نۇرىدۇر شائىر خىيالى

كۈن نۇرىدۇر شائىر خىيالى،
ئۇچالايدۇ نۇردەك تېز، راۋان.
رىيازەتسىز ئۆتىدۇ بۆسۈپ،
توسا تۇمان، بۇلۇت ۋە داۋان.

كۈن نۇرىدۇر شائىر خىيالى،
باغاش ئېتەر كۆكنى، زېمىننى.
قۇتاتسۇن دەپ مېھرىنى تۆكۈپ،
ياشنىتىدۇ بۇندا ھەممىنى.

كۈن نۇرىدۇر شائىر خىيالى،
مىسراسىدا چاقنار گۈزەللىك.
دۈشمىنىنى بوغۇپ تېپچەلتىنىڭ،
ئىنسانلارغا تىلەر ئېسەنلىك.

كۈن نۇرىدۇر شائىر خىيالى،
ئۇ زېمىننى، ھاياتنى سۆيەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈنكى مەن چوققىدا ئۆرلەۋا...
ئاسمانغا ئۇتاشتۇر مەنزىلى...
ئاتۇ چاغ ئۈستۈڭگە چى...
قالدۇ تۇزىماس گۈلل...
ئەمرا...

سەن بىر چىنار ...
پارلاق غايەم ...
سەن بىر ...
پايانى يوق ...
سەن ...
قۇم ...
سەن ...



ئىدرىكىم نى كېمىسى سېپىردىك كۆلىگە،
كۆزىلىم، بىر چاغلار كەتكەچىكە چۆكۈپ.
بىراق بىر يەنىلا يۈرىمىز خۇشال،
دىل بەرمەي، سىر بەرمەي زوردىغا كۈلۈپ.
ئارماندا بولىمىز بىرىمىز سەۋدا،
ئاۋادا بىرىمىز كۆز يۇمساق ئۆلۈپ.

## داستان

كۆزلىرىڭدە كۆلگەچ ئىلھامىم،
پۈتتۈم سۆيگۈ داستانىمىزنى.
نۇر لازىدۇرار ئۈزۈندىكى مەزمۇن
مەڭگۈ ھايات بوستانىمىزنى.

كۆيدۇم، پىشتىم دىمىدىم ئەسلا،
قىلمىدىم ھېچ قۇرۇق ۋەدىلەر.
مۇقەددىمە پۈتتى غايىدىن،
قالغانلىرى ئۆلمەس ئەھدىلەر.

بىرىنچى باب ۋاپا ھەققىدە،
ئىككىنچىسى چىنلىق ۋە تاقەت.
ئۈچىنچى باب — قۇچماقلىق شەرەپ،
خاتىمىسى بولدى سائادەت.

## گۈل

مېھرىمدىن گۈل ئۆستۈردۈم، جانان،
سوۋغات ئۈچۈن سۇندۇم ھەم ساڭا.
گۈلدە بەخت سىمۋولى ئايان،
سەنمۇ ئاسراپ مېھرىڭ تۆك ئاڭا.
پاك قەلبىمنى گۈل رەڭگىسمان...
ئەقىدەمنى ھىدىدىن پۇرا.
گۈل قېتىدا سىرىمىز پىنھان...
ۋەسلىمىزنى غۇنچىدىن سو...

## ئۈچ شېئىر

قايىلمەن ئۇ...
ۋە لېكىن چ...

...يارالغان
...ىلەر كۆيەر.

## ...ساق بىمالال

...ب دىللارنىڭ
...بولساق بىمالال،
...بولسىمۇ تىنچ،
...تەبىئەت دەرھال.
...سماندىن نۇر تۆكەر بىرگە،
...سەيلىدە بولساق بىمالال.

...لىندۇ دەريا شاۋقۇنى،
...پىلىپ بىرگە يېقىملىق رايال.
...سەكرىشىدۇ كۆللەردە بېلىق،
بىر سەيلىدە بولساق بىمالال.

كۆلەر بۇلاق ۋىلىق-ۋىلىتلاپ،
غىدىقلايدۇ ئەركىلەپ شامال.
مۆكۈشىدۇ كۆلەڭگىلەرمۇ،
بىر سەيلىدە بولساق بىمالال.

دېگىز سالام ئېيتسا كۆيىدىن،
تاغلار سۇرەر بىز ئۈچۈن خىيال.
ئىزىمىزنى سۆيەر پەرىشتە،
بىر سەيلىدە بولساق بىمالال.

پەيغەمبەرلەر قىلىشسا دۇئا،
ئەگرى بىرگە تىلەيدۇ ۋىسال.
زەپ تۈيغۇلۇق شىلدىرلايدۇ باغ،
بىر سەيلىدە بولساق بىمالال.

يوپيۇرماقلار كۆرسىتەر قىلىق،
يۈز بەرگىنى ئەجەبمۇ ئۇز ھال.

## ئىمزاھات

يۈزىمىز كۆلكىدە جىلۋىلەنسىمۇ،
يۈرەكلەر ئىنتىزار ياش تۆكەر ئۆكسۈپ.
...ەپ

...تان ياش.
...مېنىڭ.
...ئىزىمدىن
...شكەن
...دۇم مېنىڭ.

...ەم جان بېرىپ،
...جداد روھى بىخلانغان.
...ورلىردا بالداقلىرى پولاتتىن،
...تا ئاسمانغا تىكلەنگەن.
...كەك ھارماس-چارچىماس،
...تۆگە زادى ھالقىغان.
...كىشى، نى چۆللەردىن ئاغلاردىن،
...ناخشا سادا ئۇلىپ كۆككە بالقىغان.
...بىر پەرۋازلىك يۈكسەك لىكشىماس،
...بىر كۆۋرۈك غىچىرلىماس، دەرياغا.
...ەن بىر دەريالارنى چېتىپ تۇرغان ئۈستىق كۆل-گىيا. تومۇزدا
سەن بىر دەرمان، بۇلاق ئۈتتەك ساڭا ئەشنا مەنزىلىمنى،
جانغا دەرمان، ساڭا ماڭا پىراق
سەن كۆرسەتكەچ پەللەم ئاقىرۇدى.
يېقىنلىشار ئەنە كۆتەر مېنى مەشۇقۇم،
شۇ پەللىدە پەللەرگە چاقىرۇدى.
ئەنە يېڭى سەھنە مەن ئۇچقۇن
ھايات گويا سەھنە مەن ئۇچقۇن،
ھايات گويا ئۈندا ۋول ئالغان.
سەنئەتكارمەن

ئۆمەرجان كېرىم

لەپىلدىتىپ مەردلىك تۇ...
كىلەچەككە دادىل ئات سالغان.
ھايات گويا سەھنە، مەن ئۇچقۇن،
ياڭرىتىمەن ئۇندا ناخشىلار،
كۆيلىرىمگە تىبما كۆزلەلىك،
كۆيلىرىمگە تىبما يا خشىلار.
ھايات گويا سەھنە مەن
ياڭرىتىمەن ئۇندا
شۇ سەھنىدىن
ئەل قەلبىگە

## مۇھەببىتىم

مۇھەببىتىم كۆلدۇرما
ئەسەبىيچە تۇۋلا
مۇھەببىتىم چېچىلا
قۇچقۇچ ئۇچقۇن
مۇھەببىتىم
دېڭىزگە ...

...ئىگىزلىكىگە
...ەدەر بېشىڭغا دەسسەپ.
...قەدەمەن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



بۇلاقلارغا باقىمەن غەمكىن،
ئاۋازىڭغا ئوخشايدۇ ئەجەب.
شاماللارغا خىتاب قىلىمەن،
يارغا سالام يەتكۈزەرمۇ دەپ.

يۈرىكىمگە ھەيرانمەن ئەجەب،
ئۇ مېنىڭمۇ، ئەمەسمۇ شۇ تاپ؟
سەن تۇرسەن ئىگىلەپ ئۇنى،
خىسلىتىڭگە قالدىم تېڭىرقاپ.

## بۈركۈت

ئالقىشلاندى ھۆرمەتتە بۈركۈت،
يوللىغاندا تۈلكىگە ئەجەل.
يارغىنىدا كىيىك باغرىنى،
ئاڭا نەپرەت ياغدى شۇ مەھەل.

## ئىزلەش

مەن ئىزدىسەم سۆبھى يولىدىن،
چىقىپ كەلدىڭ كۆكۈم قوينىدىن.

ئارمان ئابلىز

# تۆت پەسىل قوشىقى

سۆيگۈگە بولغاندا قەلبىم ئىنتىزار،
سەنمۇ ھەم سۆيگۈمگە بولغان مۇيەسسەر.
بىر شۇنداق تونۇشقان دەسلەپكى باھار،
يۇمران ئوت-چۆپلەرگە پۈركەنگەندە يەر.

باش باھار ئاپتىپى گۈزەل ھۆسنۈڭدە —
چاقنىسا، تويمايتتىم مىڭ كۆزدە قاراپ.
بىلەتتىم مەن سېنى ۋاپادار شۇنچە،
قەلبىمنى چەكمەيتتى ھىجران ۋە ئازاب.

دىللارغا زوق بېرىپ كەلدى گۈزەل ياز،
سۆيگۈنى قۇتلۇقلاپ ئۆتكەندە باھار.
مەن يەنە ئەيلىدىم سەن بىلەن پەرۋاز،
سۆيگۈمىز پاك ئىدى چىن ۋە بىغۇبار...

مىڭ ئەپسۇس، بىردىنلا ئۆزگەردى ھەممە،
پۈركىنىپ غازاڭغا بۇ چەكسىز جاھان.
يۈتتۈرۈپ قويدۇممەن سېنى شۇكەمدە،
قارىدىم يولۇڭغا كېلەر دەپ پىنھان.

پىراق ۋە ھىجراننىڭ تىنىماي كېزىدۇ
ياش تۆرۈپ ئۆتكەسەن قەلبىمدە پەقەت.
ئېسىمدىن چىقمايدۇ ئەتە ۋە مەڭگۈ
كۆلەڭگە كەبىي شۇ دەردلىك مۇھەببەت.

بەستىمنى كۆمىدۇ قار چېچەكلىرى،
سەزمەيدۇ سوغۇقنى تەنلىرىم زىنھار.
ئويلىما يىغلىتىپ قويدۇم دەپ ئۇنى،
ئاھ!... مېنى ئىزلەيدۇ يەنە بىر باھار.

پولات ئەزىموپ

# ئۈچ شېئىر

## ئاۋارىمۇ بولىدۇ گۆردە

ئامەت بىلەر بەزى ئادەملەر
سورۇنلاردا ئولتۇرسا تۆردە.
تۆرنى ئىزدەپ، ئۆلگەندە، شۇلار
ئاۋارىمۇ بولىدۇ گۆردە.

## شائىر

شائىرسەن ئىنسانغا روھىي ئىنژېنېر،
تۈنلەردە ھىلال ئاي سەن بىلەن سىرداش،
شوخ سابا مەڭزىڭگە سۆيگەندە سەھەر،
بۇلبۇلدەك گۈل بىلەن بولسەڭ مۇڭداش.

بۇ گۈزەل تەبىئەت ئىلھامىڭ سېنىڭ،
ئىرادەڭ كۆك سۆيگەن تاغلار مىسالى.
ھاياتنىڭ دەھشەتلىك قاينامىلىرىمۇ
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە باغلار مىسالى.

يۈرىكىڭ ئوخشىماس ئۆزگە يۈرەككە،
يىللارنى قىرىتار ئىجادىڭ سېنىڭ.
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئەۋلادلىرىڭنىڭ
قەلبىنى يورۇتار ئىلھامىڭ سېنىڭ.

## دۇنيا

دۇنيا بۇ بىر سەھنە ئادەمگە تولغان،
ھەركىمگە ھەر خىل يول بېرىدۇ تەڭرى.
بىرىنىڭ مېڭىشقا زىنھار يولى يوق.
بىرىنىڭ يوللىرى دېڭىزدەك كەڭرى.

بىرسى توي ئويىنسا خۇشلۇق ئىلكىدە،
خورلۇقتىن يىغلايدۇ بىرسى باغرى قان.
بىرسى شاد يايرىسا قەسىر - سارايىدا،
ھە، بىرسى بۇلۇڭدا ساتمىدا ياتقان.

غەزەپتىن مەي ئىچسە بىرسى قاۋاقتا،
بىرسى يار لېۋىدىن تېتىيدۇ شەربەت.
بىرسى جان ئاتسا ئەل بەختى ئۈچۈن،
بىرسىدىن تېپىلماس ئىنسانىي خىسلەت.

بىرسى مەن گۈزەل دەپ چېھرىدىن مەمنۇن،
بىرسى شۇ گۈزەلنىڭ دەردىدە مەجنۇن.
بىرسىنىڭ ساپالچە بولمىسا قەدرى،
بىرسىنىڭ قىممىتى گوياكى ئالتۇن.


دۇنيادىن كۈتمىدىم ئۆزگە ئىلتىپات،
ئىنسانىي خىسلەتتىن بولغاچ نېسىۋەم.
ھەييامنىڭ جامىغا شاراب تولدۇرۇپ،
كۆتۈرەي دوستلىرىم بىلەن دەممۇدەم.

**5 - ساندا تۈزىتىش**

78 - بەت تۆۋەندىن 5 - قۇردىكى 90 - بەللىرىنىڭ دېگەن سۆزنى 70 - بەللىرىنىڭ دەپ، 126 - بەت يۇقىرىدىن 9 - قۇردىكى «تەلىم - تەربىرى» دىبيە ئۇچىركاگەن دېگەن سۆزنى «تەلىم - تەربىيە ئۇچىركامىرى» دېگەن دەپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

تەھرىر بۆلۈمى

ئەخەت تۇردى
ئابلا ئەخمىدى




(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

تەبىئەت — يەر شارىدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئانىسى. ئۇ سېخىي، شۇنداقلا پېخسىق؛ ئۇ مېھرىبان، شۇنداقلا رەھىمسىز؛ ئۇ ھىممەتلىك، شۇنداقلا ھىيلىگەر؛ ئۇ مۇلايىم، شۇنداقلا جاھىل...

بۇ — ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى!

ئۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەڭگۈ ئۆزىگە باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، بەزىدە ئاجايىپ مېھرىبانلىق كۆرسەتسە، بەزىدە شۇنداق رەھىمسىزلىك، شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ھەرقانچە ئەركە پەرزەنتىمۇ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىدۇ. نېمە ئىلاج؟ دۇنياغا يارالغان ئىكەنسەن، ئانائىنىڭ پەپىلەشلىرىگىمۇ، دۆشكەلەشلىرىگىمۇ كۆنمەي ئامال يوق!

بۇ — تەبىئەتنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە خىتابى.

ئەپسۇسكى، ھېچقانداق بىر مەۋجۇدات ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ رايىغا باققان ئەمەس، بەلكى ھەرقايسىسى ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ، ھايات يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋەرگەن!

ھايات — كۈرەش دېمەكتۇر.

بۇ — بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياشاش مەنتىقىسى، شۇنداقلا مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئادەمنىڭ ئانا تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىشى كېرەك بولغان، ئەمما نېمە ئۈچۈن-

دۇر بەرمەيۋاتقان (ھېچ بولمىغاندا، دەل كېرەكلىك پەيتتە بەرمەيۋاتقان) ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ قولىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىش يولىدىكى مەنىۋى تەييارلىقى.

بۇ كۈرەش ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. نەتىجىدە، ئادەم تەبىئەتنىڭ چاڭگىلىدىن نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۇلۇپ ئالدى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىسىنى تارتقۇزۇپمۇ قويدى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يۇلۇپ ئالغىنى تارتقۇزۇپ قويغىنىدىن ھامان كۆپ بولدى.

بۇنداق خورلۇققا تەبىئەت تەن بېرەمدۇ، دەمسىز؟ يېقىنقى بىر مىسالنى ئالايلى: ئۇ، 1987 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە قەشقەر تۇپرىقىغا 31 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن ئەۋەتتى، 7 - ئايدا بولسا، ئۇنى 46.1 مىللىمېتىرغا يەتكۈزدى. بۇ 1986 - يىلدىكى پۈتۈن يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىدىن 3.1 مىللىمېتىر ئېشىپ كەتتى.

بۇ، نېمىدېگەن رەھىمسىزلىك - ھە!

ئۇنىڭ قەشقەر خەلقىگە قىلغان رەھىمسىزلىكى ھەقىقەتەن ئېغىر بولدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە ماكانلاشقان پەيزىۋات خەلقىگە قىلغان رەھىمسىزلىكى، تەلۋىلىكىنىڭ نەقەدەر شىددەتلىك بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپسىڭىز يۇقىرىدىكى گەپلىرىمىزنىڭ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە قايىل بولىسىز:

«6 - ئاينىڭ 2 - ، 3 - كۈنلىرى قىزىل دەرياسىغا سەلەپ كېلىپ، ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى كېمەزاكۇ، يېڭىئاۋات، سېرىقتوغراق، سۇپىتوغراق تۇغى قاتارلىق 11 تۇغ - تومىنى ئېلىپ كەتتى. بۇلاردىن كېمەزاكونىڭ يار ئېغىزى 40 - 50 مېتىر، يېڭىئاۋات تۇغىنىڭ يار ئېغىزى 100 مېتىر بولۇپ، تېرىم، بارىن، يېڭىمەھەللە، شاپتۇل، خۇشئابات، قىزىلسۇ گۈللۈك يېزىلىرى ۋە «قارلىغۇچ» دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ سۇ مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى...»

«...كېمەزاكۇدىن يار كەتكەن سۇنى ئايلاندۇرۇپ قىنىغا سېلىش ئۈچۈن 2500 ئادەم 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر، 25 سېكۇنت - كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان بىر ئۆستەڭ چاپتى. يەنە بەش كۈن تىرىشىش ئارقىلىق، زاكۇ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى...»

«6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە 1500 ئادەم يېڭىئاۋات تۇغىدىكى يار ئېغىزىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان 300 سېكۇنت - كۇب مېتىر سۇغا زەربىدارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، خۇشئابات يېزىسىغا 7 سېكۇنت - كۇب مېتىر؛ قىزىلسۇ، گۈللۈك يېزىلىرىغا 10 سېكۇنت - كۇب مېتىر سۇ چىقاردى. 30 مېتىر قالدۇق يارنى ئېتىش ۋە مۇستەھكەملەشكە قالدۇرۇلغان 200 ئادەم 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۈزمەي جەڭ قىلىپ، كەلكۈننى تەلتۆكۈس بويسۇندۇردى...»

«7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 627 سېكۇنت - كۇب مېتىر سۈرئەت بىلەن 2 - قېتىملىق كەلكۈن كەلدى.»

«7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چاقماق، بوغاز دەريالىرىدىن ناھىيىمىز تەۋەسىگە ئۆتكەن سۇ 250 - 300 سېكۇنت - كۇب مېتىرغا، قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ 1000

www.uyghurkitap.com



سېكۇنت - كۇب مېترغا يەتتى...»

«..............»

«بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە سەرپ قىلىنغان پۇل 5 مىليون 609 مىڭ 276 يۈەن بولۇپ، ۋىلايەتتىن بېرىلگىنى 250 مىڭ يۈەن، ناھىيە ئىچكى - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن ئاجرىتىلغىنى 225 مىڭ يۈەن، دېھقانلارغا سېلىق چېچىش يولى بىلەن يىغىلغان 215 مىڭ يۈەن (بۇ ھەر بىر يېزا نوپۇسىغا 23 يۈەن 88 پۇڭدىن توغرا كېلىدۇ)...»

«..............»

بۇ بىزنىڭ ئۆتكەن يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پەيزىۋات ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن كۆچۈرۈۋالغانلىرىمىز.

ھەربىر يېزا نوپۇسىغا 23 يۈەن 88 پۇڭ زىيان بولغانلىقى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭە: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن نامراتلىقتا داڭقى كەتكەن، ھەربىر يېزا نوپۇسىنىڭ 78 - يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 41.60 يۈەندىن ئاشمايدىغان بۇ ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئېغىر سېلىق - تە!

دۇرۇس، ئەينى يىللاردا ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئۆتمۈشتە تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. بىراق، ھازىرقى ئەھۋال پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن: توۋا، بىز شۇنچىۋالا ئىچ ئاغرىتقىنىمىز بىلەن بىرەرمۇ دېھقاننىڭ مۇشۇ قېتىملىق زىيانغا يىغلىغىنىنى، ھۆكۈمەتتىن، كادىرلاردىن نارازى بولغىنىنى كۆرمىدۇق. كىم بىلەن ئۇچراشمايلى، كىم بىلەن سۆزلەشمەيلى، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، كۆڭلىدە خۇشاللىق... ئىككى گەپنىڭ بىرىدە ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ قابىللىقى، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كۆيۈمچانلىقى، ئارمىيىمىزنىڭ قەيسەرلىكى توغرىلىقلا سۆزلىشىدۇ. ھېلىقى 23 يۈەن 88 پۇڭ ئۇلارنىڭ خىيالىدىمۇ يوق. بار دېگەنمۇ، بىر قاپ سەرەڭگىنى كەم ياققانچىلىكلا...

نېمە ئۈچۈن؟

بۇ — بىر سىر. بولۇپمۇ چوڭ سەلەپ تېزگىنلىنىپ، تۆت ئايدىن كېيىنمۇ يەنىلا قىزىل دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا قىشنىڭ ئۇششۇك سۈيى بىلەن تىنىمسىز ئېلىشىۋاتقان پەيزىۋات دېھقانلىرىنى نەق مەيداندا كۆرمىگەن ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئوپۇل - توپۇل چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىر!

ئەگەر بۇ سىرنى بىلگۈڭىز كەلسە، تۆۋەندىكى بايانىمىزنى ئوقۇڭ.

### مەسئۇلىيەت

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت نۆلدىن 15 مىنۇت ئۆتكەن چاغ. پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ماموت ئىسمائىل 12 يېزىنىڭ مەسئۇللىرىغا تېلېفون ئارقىلىق نۆۋەتتىكى كەلكۈن ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، ئېغىر بىر تىنىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۈمىد ۋە ئەندىشە بىلەن تولغانىدى. ئۇنى

ئۈمىدلەندۈرۈۋاتقىنى قىزىل دەرياسىدا كەلكۈن باشلانغان 50 نەچچە كۈندىن بۇيان، پەيزىۋات خەلقىنىڭ «كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، يۇرتىمىزنى قۇتقۇزايلى!» دېگەن شوئار ئاستىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قەيەردىن يار كەتسە، شۇ يەرگە دەرھال ھۇجۇم قىلىپ، چاڭقاپ ئۆلەي-ئۆلەي دەپ قالغان كۆزلۈك زىرائەت مايسىلىرىنى ئۇسسۇزلۇققا قاندۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، يۇلغۇن ئۈندۈرۈش ئۈچۈن 200 مىڭ موغا يېقىن قاقاس شورلۇققا لاي چۆ-شۈرۈۋالغانلىقى، شۇنداقلا ھەرقاچان بۇيرۇققا تەييار ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى ئىدى. ئامما تەييار ھالەتتە تۇرغانىكەن، مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق بىر رەھبەرنىڭ پارتىيە ئالدىدا يۈزى يورۇق بولىدىغانلىقى تەبىئى. بۇ نۇقتىدا 46 يىللىق ئۆمرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى دېھقانلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، دادۈي، گۇڭشېنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتىگەن، ئۇدا ئۈچ قېتىم ھاكىملىققا سايلانغان مامۇت ئىسمائىلغا بەش قولدەك ئايان ئىدى، يەنە بىر نۇقتا شۇكى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 85 نەپەر كوماندىر-جەڭچىسى ئەڭ چوڭ ئاپەت مەنبەسى بولغان شېكەركۆل سۇ ئامبىرى دامبىسىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جېڭىگە ئاتلىنىپ كەتكىنىگە ئالتە كۈن بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىمۇ ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشكە، دىلىغۇل بولۇشقا نېمە ئاساسى بار دەيسىز!

ئەلۋەتتە، ئۈمىد بىلەن ئەندىشە قوشكېزەك بولىدۇ. بولۇپمۇ يېڭىش-يېڭىلىش، ھايات-مامات پەللىسى تېخى كۆزگە كۆرۈنمىگەن شارائىتتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھازىر مامۇت ئىسمائىلنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان ئىشلار ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈۋاتقان ئىشلاردىن چەندان كۆپ ئىدى. ئېيتايلۇق، قىزىل دەريا سۈيىنىڭ دەم ئۆرلەپ، دەم پەسىيىشى كېمەزاكوغا يەنىلا تەھدىت سېلىپ تۇرۇپتۇ. يېڭىئاۋات تۇغىمىدىكى يار ئېغىزىنىڭ قاچان تۇتاشتۇرۇلۇپ بولۇشى مەلۇم ئەمەس. نۇرغۇن يېزا-كەنتلەر بىر تېمىم سۇغا تەشنا بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، قىزىل دەرياسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك سۈيى بېشى قايغان تەرەپكە ئېقىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى بۇزۇپ-چېچىپ، بالايىئاپەت مەنبەسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ «تەلۋە»نىڭ ئاخىرقى ھۇجۇم نۇقتىسى — شېكەركۆل. شېكەركۆل يار كەتسە، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ئۆردەكلىك، غولتوغراق، شېكەركۆل يېزىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3-شى پەيزىۋات باش مەيدانىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسى، 600 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى؛ مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئاناركۆل، سېرىقبۇيا يېزىلىرى، جۇدىلىدىن قارقىلچىن دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ غەرق بولۇپ كېتىدۇ!

بۇ خىيال مامۇت ئىسمائىلنىڭ كاللىسىغا بۈگۈنلا كەچكىنى يوق، بەلكى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارام بەرمەي كەلمەكتە. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا بىئارام...

مامۇت ئىسمائىلنىڭ بېشى پىررىدە قىيىپ، كۆزلىرى يېڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق ئۇنى ھالسىزلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن يېتىپ-قوپۇۋاتقىنىغا بىر ئايغا يېقىنلاشتى. بىرەر ۋاق تاماقنى ۋاقتى-قەرەلىدە يېيەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ-چوڭ كۆزلىرى چاناقلىرىغا چۆكۈپ، مەڭىزىدىكى قىزىللىق نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. ئورۇقلاپ، توپا ئۆرلەپ كەتكەن يۈزلىرى ئۇنى 60 ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك كۆرسىتەتتى.

ئۇنى ئەسنەك تۇتتى. بېشى شىرەگە تەگسىلا، مەلەختەك ئۇخلاپ كېتىدىغان ئەلپازى بار ئىدى. لېكىن زىممىسىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. ئۇ كۆزلىرىنى قىيا يۇمۇپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئىشلەنگەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلىدى: شېكەركۆل سۇ ئامبىرىنى قوغداشقا ئاجرىتىلغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئامبارنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئامبارغا بولغان بېسىم يەنىلا ئازلىمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسا قۇربان، قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان قاتارلىقلار 22-چېسلا پۈتۈن بىر كۈن پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ، قىزىل دەرياسىنىڭ شېكەركۆلگە ئانچە يىراق بولمىغان 7 جايدىن يار كەتكەنلىكىنى؛ يار ئېغىزىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 90 مېتر بولۇپ، بۇ ئېغىزلاردىن شېكەركۆلگە كىرىۋاتقان سۇنىڭ 40 سېكۇنت-كۇب مېتر ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە بۇ ئېغىزلارنى ئېتىش ۋەزىپىسىنى قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ مازار قۇم باشقۇرۇش رايونىغا ھۆددە بەرگەنىدى (ئەسلىدە بۇ يېزىنىڭ 5 مىڭ ئادەم سەپەرۋەر قىلىپ، قىزىل دەرياسىنى بويلاپ 55 كىلومېترلىق ئېھتىيات دامبىسىنى سوقۇش ۋەزىپىسى بار ئىدى). ئۇلار شۇ كۈنىلا 500 ئادەم ئاجرىتىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن. مامۇت ئىسمائىل بۇ ئىشتىن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت نۆلدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە خەۋەر تاپقانىدى. مۇندىن سەل ئىلگىرىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ۋەزىپە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپتۇ. بىراق، شېكەركۆلگە كىرىۋاتقان سۇ يەنىلا ئازايمىغانىدى.

«بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ يەنە قەيەردىن يار كەتتىكىنە؟ يېڭىئاۋات تۇغىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتقاندۇ؟ ئوبۇل ئەمەت نېمانداق جىمىپ كېتىدۇ-ھە؟ ئەستا...»

مامۇت ئىسمائىل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى. ھايال ئۆتمەي، تېلېفوندىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوبۇل ئەمەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىلگىرى تەييارلانغان قوزۇقلار يارغا بويلىماي، سەككىز مېترلىق 50 تال ياغاچ سېتىۋالدۇق. ھازىرغىچە 70 مېتر يار ئېتىلىپ بولدى.

— نېمە؟ «70 مېتر؟» يارايسىلەر!... — مامۇت ئىسمائىل ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — قالغان قىسمىنى قاچان ئېتىپ بولۇشنى مۆلچەرلەۋاتىسىلەر؟

— ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

ـــ لېمىشقا؟
ـــ ئۆنئۆگۈلكى يامغۇر بىلەن سۇ يەنە ئېلغىيىپ كەتتى.
ـــ خەۋىرىم بار، ھازىر ئۇ يەردە قانچىلىك سۇ بار؟
ـــ 300 سېكۇنت ـ كۇب مېتىردەك.
ـــ خۇشئابات، قىزىلسۇ، ئۆردەكلىك تەرەپكە سۇ چىقتىمۇ ـ يا؟...
ـــ چىقتى...

ماموت ئىسمائىلنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تېپچەكلەپ، چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس
تەبەسسۇم يۈگۈردى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇ جاۋابقا ئىنتىزار ئەمەسمىدى! 6 ـ ئاي ـ
نىڭ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى قىزىل، تەلۋىچۇك دەريالىرىغا سەلەپ كەلگەندىن بۇيان، پەيزى ـ
ۋات خەلقىغە بىر كۈنمۇ ئارامچىلىق بولمىدى: بۇگۈنى بۇ يەر ۋەيران بولسا، ئەتى ـ
سى ئۇ يەر ۋەيران بولدى. يار ئېتىش، دامبا سوقۇش پەيزىۋات خەلقىنىڭ ھەممىنى ـ
بىسىپ چۈشۈدىغان ئىشى بولۇپ قالدى. 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك قو ـ
ماندانلىق شتابىنىڭ خادىملىرى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، كېچە ـ كۈندۈز ئامما بىلەن
بىللە تۇغ ـ توما باشلىرىدا جاپالىق ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، خەۋپ يەنىلا ئازايمىغان
ئىدى. پەيزىۋاتقا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە كېمەزاكۇ بىلەن يېڭىئاۋات تۇغىنى ـ
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. بىرىنچى قەدەمدە 2500 نەپەر ئادەم 15 كۈن كېچىنى ـ
كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەش ئارقىلىق، كېمەزاكۇنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلو ـ
مېتىر، سىغىمچانلىقى 25 سېكۇنت ـ كۇب مېتىرلىق ئۆستەڭ چېپىپ، تېرىم، بارىن، يېڭىمە ـ
ھەللە، شاپتۇل يېزىلىرى ۋە «قالىغۇچ» مەيدانىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەت ـ
تىن ھەل قىلغاندى. ئەمدى 1500 ئەزىمەتنىڭ 35 كۈندىن بېرى يېڭىئاۋات تۇغىغا
تۆككەن تەرىمۇ بىكار كەتمەپتۇ!

«سۇ چىقتى» دېگەن بۇ گەپ ـــ 50 نەچچە كۈندىن بۇيان قاغجىراپ كەتكەن
ئۈچ يېزا، بىر مەيدانىنىڭ 400 نەچچە مىڭ مو قاغجىراپ كەتكەن شورتاڭ تۇپرىقى ـ
دا سۇسىراپ نىمجان بولۇپ قالغان كۆزلۈك زىرائەتلىرىنىڭ تومۇرىغا قان، «داشقازان
تامىقى» دىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ يېڭىچە ھاياتقا قەدەم قويغان 100 نەچچە مىڭ ئاما ـ
لىنىڭ جېنىغا جان قوشۇلدى، دېگەن گەپ ئىدى!

بىراق، ھەي... ئوبۇل ئەمەتنىڭ كېيىنكى گېپى ماموت ئىسمائىلنىڭ يۈرىكىنى
يېڭىنە سانجىغاندەك ئېچىشتۇرۇپ، چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ
كەتتى.

ـــ ھازىرچە، ـــ دېدى ئوبۇل ئەمەت سۆزىنى داۋام قىلىپ، ـــ خۇشئاباتقا يەتتە سې ـ
كۇنت ـ كۇب مېتىر، قىزىلسۇ بىلەن گۆللۈككە ئون سېكۇنت ـ كۇب مېتىر سۇ مېڭىۋاتىدۇ...
دېمەك، 280 سېكۇنت ـ كۇب مېتىردىن كۆپرەك سۇ تېخىچە ئادەملەرنىڭ رايىغا
بويسۇنماي ئۆتۈپتۇ ـ دە!

ماموت ئىسمائىل بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن سورىدى:
ـــ پىلانىڭلار قانداق؟
ـــ كۆچىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، 1300 ئادەمنى قايتۇرۇۋېتىپ، 200 ئادەم

بىلەن يار ئېغىزىنى تۇتاشتۇرۇپ، تۇغنى مۇستەھكەملىمەكچىمىز.

— قالغان ئوتتۇز مېتىر جايىنىڭ ئىشىچۇ؟

بۇ سوئالغا ئوبۇل ئەمەت ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرگە خاس ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھازىرغىچە ئېتىلىپ بولغان جاينى تەلتۆكۈس مۇستەھكەملەپ بولغۇچە، 30 مېتىر ئارىلىقتىن سۇغا يول بەرمىگەندە تېخىمۇ چوڭ خەۋپ يۈز بېرىشى مۇمكىن!

ماموت ئىسمائىل بۇ ئۇنۇملۇك تەدبىرگە قايىل بولۇپ، تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئەمدى بىر ئوتلام قايناقسۇ ئىچىپ تۇرۇۋىدى، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ ئارقا-ئارقىدىن دوكلات كېلىشكە باشلىدى:

«تەلۋىچۇقتىكى سۇ مىقدارى 400 سېكۇنت-كۇب مېتىر. (ئەتىگەن سائەت 1.55)»

«تەلۋىچۇقتىكى سۇ مىقدارى 621.87 سېكۇنت-كۇب مېتىر. سۇ داۋاملىق كۆپىيىشى مۇمكىن. (ئەتىگەن سائەت 2)».

«......»

ماموت ئىسمائىل دىم ۋىلايەتلىك قوماندانلىق شتابىغا پۈتۈن ناھىيىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى تېلېفون ئارقىلىق دوكلات قىلسا، دىم ۋىلايىتىنىڭ تەلىپى ۋە يولىيورۇقلىرىنى دەرھال تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، ئىجراسىنى سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللىقاچان تاڭ سۈزۈلۈپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. كاللىسىدا بىرلا نەرسە: «شېكەركۆلگە توختىماي كىرىۋاتقان سۇنىڭ كېلىش مەنبەسى زادى نەدە؟» دېگەن سوئال ھۆكۈم سۈرەتتى. ۋىلايەت باش قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى...

*　　　*

ئەتىسى كېچە سائەت 12 دە جىرىڭلىغان بىر تېلېفون ماموت ئىسمائىلنى خېلى خۇشال قىلدى. ئۇنىڭدا قىزىلسۇ يېزىسى ھۆددە ئالغان يەتتە ئورۇندىكى يارنى ئېتىش، 3 كىلومېتىر دامبىنى ئېگىزلىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىپ بولغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى. بۇ خەۋەر كىچىككىنە بولسىمۇ خاتىرجەملىك بېغىشلىغاندەك ماموت ئىسمائىل يېنىك نەپەس ئالدى. لېكىن بۇ خاتىرجەملىك ئۇزۇنغا بارمىدى، مۇئاۋىن ھاكىم ھەسەن ئابدۇرېھىمنىڭ غولتوغراق يېزىسىدىن بەرگەن مەلۇماتىدىن خەۋەر تاپقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك دېمى سىقىلىپ، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى.

— «... شېكەركۆلگە كىرىۋاتقان سۇ ھازىر 90 سېكۇنت-كۇب مېتىر بولۇۋاتىدۇ. بوغاز، چاقماق دەريالىرىدىن كېلىۋاتقان سۇنىڭ پەسلەش ئېھتىمالى يوق. تاش كېچىكتىن گوداڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان سۇ 25 سېكۇنت-كۇب مېتىر چامىسىدا. بۇ سۇ توسۇۋېلىنمىسا، شېكەركۆل يېزىسىنىڭ 1-، 2-باشقۇرۇش رايونلىرىنى سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپى بار...»

بۇ تولىمۇ دەھشەتلىك خەۋەر ئىدى. يەنى بۇ، شېكەركۆلگە كىرىۋاتقان سۇ تۈنۈگۈنكى مىقدارىدىن توپتوغرا 50 سېكۇنت-كۇب مېتىر ئارتۇق، دېگەن گەپ ئىدى،

شۇنداقلا 500 كىشىنىڭ ئىككى كۈنلۈك جاپالىق ئەمگىكى شامالغا ئۇچۇپ كەتتى، دې-
گەن گەپ ئىدى!!!

مامۇت ئىسمائىلنى غەم باستى: قوماندانلىق شتابىدىكى 13 كىشىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى مۇداپىئە رايونلىرىغا تارقىلىپ كەتكەچ، بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەجلىس ئېچىپ قارار چىقىرىشقا ئىلاج يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يار كەتكەن جاي شىكەر كۆل سۇ ئامبىرى تەۋەسىدە بولسىمۇ، غولتوغراق يېزىسىغا بىۋاستە تەھدىت سېلىۋاتاتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەمدى يەنە دىلغۇل بولۇشقا بولمايتتى. مامۇت ئىسمائىل قوماندانلىق شتابىدىكى نۆۋەتچىگە تېلېفون بەردى:

— يولداش موسا قۇربانغا دەرھال خەۋەر قىلىڭ: 1) قىزىلسۇ يېزىسى دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، تاش كېچىكتىكى يارنى ئەتسۇن. ئېتىش مۇمكىن بولمىسا، سۇنىڭ بىر قىسمىنى مۇۋاپىق جايدىن زەيكەش-سازلىقلارغا قويۇۋەتسۇن؛ 2) خەۋپ يېتىش ئېھتىمالى بولغان كەنتلەرنىڭ ئاھالىسىنى باشقا جايغا كۆچۈرۈش تەييارلىقى ئىشلەنسۇن؛ 3) شىكەركۆل چۈشۈرگۈسىگە 70 كۇب مېتىر تاش يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن؛ 4) مەن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن قىزىلسۇ يېزىسىغا بارىمەن. موسا قۇربان مېنى كۈتسۇن، مازار قۇمدىن باشلاپ يار ئېغىزىنى قايتا تەكشۈرۈمىز.

......

موسا قۇربان سەھەر سائەت 2 دە بۇ بۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى دەرھال غولتوغراق، ئۆردەكلىك ھەم قىزىلسۇ يېزىلىرىغا چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزدى.

مۇندىن كېيىن يەنە قانداق يامان خەۋەر باردۇ؟

پۈتۈن ناھىيىنىڭ قۇلىقى دىڭ. ھەممە ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا تەييار ئىدى...

## مۇشكۈل قەدەم

كېچىچە توختىماي جىرىڭلاپ چىققان تېلېفوندىن ئەتىگەن سائەت 8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە يەنە بىر يامان خەۋەر كەلدى. تېلېفون ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىدىن ئىدى:

— «شىكەركۆلدىكى سۇ 70 مىليون كۇب مېترغا يېقىنلاشتى. دامبىنىڭ يار كېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ...»

نېمىدېگەن دەھشەتلىك خەۋەر-ھە!

شىكەركۆل — ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئەسلىدىكى سىغىمچانلىقى 96 مىليون كۇب مېتىر ئىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە تۈزلەڭلىككە ياسالغان بۇ ئامبار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى دۆڭلىشىپ، سىغىمچانلىقى 70 — 80 مىليون كۇب مېترغا چۈشۈپ قالغان.

uyghurkitap.com

شۇڭا، ھازىر كۆلگە يىغىلغان سۇنى ئەڭ ئاخىرقى چەك دېيىشكە بولاتتى. 7-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن بۇيان، كۆلنى 58 نەپەر كوماندىر-جەڭچى كېچە-كۈندۈز ھوشيارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇپەتتىشى تالىپ داۋۇت باشچىلىقىدىكى سۇ قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى ئۈستىگە ئالغانىدى. شېكەركۆل مۇداپىئەسىگە كېتەرلىك شاخ-شۇمبىنى يەتكۈزۈپ بېرىش پەيزىۋات ناھىيىسىگە تاپشۇرۇلغانىدى. ھازىرقى بىردىنبىر مەسىلە ئامبارنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزى ئېتىۋېتىلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئامباردىكى سۇنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى ئىدى. بۇ يەرگە كىرىۋاتقان سۇنىڭ قىزىل، چاقماق، بوغاز دەريالىرىنىڭ سۈيى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن، يار كەتكەن جاي زادى نەدە؟ مانا بۇ مەسىلە بۈگۈنگىچە ھەل بولماي كەلدى. يار ئېغىزىنى تاپماي تۇرۇپ، شېكەركۆلنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۈگۈن (7-ئاينىڭ 26-كۈنى) تاڭ سەھەردە تالىپ داۋۇت، ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابدۇقېيۇم مۇھەممەت، ۋىلايەتلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى غوپۇر ئوسمان، قىزىل دەريا باشقارمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئوسمان بەكرى قاتارلىق يولداشلار قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ مازار قۇم كەنتىگە كېلىپ، مۇشۇ مەسىلىنى جىددىي مۇزاكىرىگە قويدى. ئاخىرىدا مامۇت ئىسمائىل باشچىلىقىدا سەككىز كىشىلىك بىر گۇرۇپپا تەيىنلىنىپ، يار ئېغىزىنى تېپىش قارار قىلىندى.

ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 يېرىمدا، قۇم قوتان كەنتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن يولغا چىقتى ۋە ئازغىنا مېڭىپلا قويۇق پاتقاقلىققا دۈچ كەلدى. ماڭغانسېرى پاتقاقلىقمۇ، سۇمۇ چوڭقۇرلىدى. ھەممەيلەن كىيىملىرىنى سېلىپ كۆتۈرۈۋېلىشتى. مامۇت ئىسمائىل بەكلا چارچاپ كەتكەنلىكتىن، پۇتلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەيتتى. باشقىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. ھەرقانچە تىرىشقان بىلەن يول ئاۋۇمايتتى. دەسلەپ چوڭ-چوڭ چامدىغان پۇتلار بارا-بارا ئاران يۆتكىلىدىغان بولدى. ھارۋىنىڭ چاقىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۈننىڭ يۇقىرىدىن، قايناپ كەتكەن شورنىڭ تۆۋەندىن قىزىتىشى ئۇلارنى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى.

نەچچە تارام، نەچچە ئېقىن، نەچچە پاتقاقلىق ئاستا-ئاستا ئارقىدا قالدى. ئۇلار ئىچكىرىلىگەنسېرى بەزىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپەيدى، بولۇپمۇ قىزىل دەريا باشقارمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئوسمان بەكرى ئالغا سىلجىيالماي قالدى. ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسى پاتقاقلىقتا ناھايىتى ئېغىر يۈك بولدى. سېمىزلىك — كەلكۈندىن، پاتقاقلىقتىن ئۆتۈشتە ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئالدى تەرەپتە ئۇنى يەنە قانداق قىيىنچىلىقلار كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى كۆپچىلىكنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئاخىر ئۇلار ئۇنى قايتىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تالىپ داۋۇتقا مەلۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى...

— سائەت نەچچە بولغاندۇ؟

مامۇت ئىسمائىلنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى. ھېچكىم سائەت تاقىمىغانىدى.

دەل شۇ پەيتتە، يەنى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كۈندۈز سائەت ئۈچ يېرىمدا ۋىلايەت - لىك پارتكوم ۋە ھەمۇرىي ھەكىمىنىڭ مەسئۇللىرى ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار باشقارمىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجاننىڭ كۈندۈز سائەت 12 دىن 49 مىنۇت ئۆتكەندە «ھازىر شېكەركۆلدىكى سۇ 75 مىليون 900 مىڭ كۇب مېترغا يېتىپ، ئېھتىيات سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى. سۇ يۈزى دامبىنىڭ ئەڭ پەس قىسمىغا 70 سانتىمېترلا قالدى. سۇنىڭ ھازىرقى كىرىش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، يەنە ئۈچ كۈندە سۇ دامبىدىن تېشىپ كېتىدۇ...» دەپ بەرگەن مەلۇماتىدىن قاتتىق چۆچۈپ، جىددىي باش قوشۇش يىغىنى ئېچىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان سوئال يەنىلا: «قىزىل دەرياسىدىن شېكەركۆلگە سۇ كىرىدىغان ئېغىز ئېتىۋېتىلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئامباردىكى سۇ ئۆرلەۋېرىدۇ؟...» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ سوئالغا جاۋاب تاپقۇچىلار دەل مۇشۇ پەيتتە، نەچچە قېتىم پاتقاقلارغا پېتىپ، دەھشەتلىك قايناملارغا چۆكۈپ، بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ، تارتىشىپ، ئەڭ چوڭ يار قېشىغا يېتىپ كېلىشكەنىدى. تاپانلىرىنى ئاچچىق شور يالاپ، دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمىغان بۇ ئادەملەر بەلگە چىققۇدەك پاتقاق ئىچىدە تۇرۇپ چوڭقۇر ۋە ھاياجان بىلەن بىر «ئۇھ...» دېيىشىۋالدى: ئۇلار شېكەركۆلگە شۇنچە كۈندىن بۇيان تەھدىت سېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئاپەت مەنبەسىنى تاپقانىدى!

ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلدى. ھەممەيلەننىڭ يار ئېغىزىغا چۈشۈپ، ئۇ يەرنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ باققۇسى بار ئىدى. لېكىن باشقىلار ئۆزىنى ئۆكلاپ بولغۇچە قۇم قوتان كەنتىنىڭ شۇجىسى ئابلا ھەسەن سۇغا شۇڭغۇدى ۋە نەچچە چۆكۈپ، نەچچە لەيلەپ، ئاخىرى مەقسەتكە يەتتى:

— كەڭلىكى 90 مېتر، چوڭقۇرلۇقى تۆت يېرىم مېتردەك كېلىدىكەن، — دېدى ئۇ ئېقىندىن چىقىپلا.

— ......

لېكىن، بۇ تېخى ۋەزىپىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئەمەس. ئۇلار يەنە ئىلگىرىلىشى، يېڭى يار ئېغىزلىرىنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك.

«دەريادا بېلىق ئۇسسۇز» دېگەن گەپنى قايسىبىر دانا ئېيتىپتىكىنە؟ ئۇلار سۇ ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۇسسۇز ئىدى. چۈنكى، شۇنچە كەڭ زېمىننى قۇچاقلاپ ياتقان لايىلاتمىلار، دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنىڭ سۈيى ئېغىزغا ئالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە تۇزلۇق ئىدى. لايلىقنى دېمەمسىز تېخى، بەئەينى تامچىلار ئىشلىتىدىغان دوغاپ! ئۇلار ئۇسسۇزلۇقتىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىيتتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ تولىسى بىر پارچە ئوتلۇق شاردەك يېلىنجاپ تۇرغان كۈننىڭ تەپتىدە تۇرۇپمۇ لاغىلداپ تىترەيتتى، ئاغزى تۇزۇك گەپكە كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇندىن 7 - 8 سائەت ئىلگىرى ناشتا قىلغان، ئەڭ كېيىن ناشتا قىلغانلىرىمۇ 5 - 6 سائەتتىن بۇيان ئاغزىغا بىر چىشلەم بىرنەرسە سالمىغان، بىر تېمىم ئۇسسۇزلۇق ئىچمىگەنىدى. دۇرۇس، ئۇلار يولغا چىققاندا بىرنەچچە نان

www.uyghurkitap.com



ۋە قوغۇن ئېلىنىشقان بولسىمۇ، بىرەر سائەت كۆتۈرۈپ مېڭىپ بېقىپ، ئارتۇقچە يۈك ھېس قىلىشتى - دە، كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن بىللە نەگىدۇر قويۇپ قويۇشقانىدى. مانا ئەمدى قورساق تازا ئاچقان، ئۇسسىغان چاغدا، بۇ نەرسىلەر يوق. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز بوشىشىپ كەتكىلى بولمايتتى، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى بۇنىڭغا ئازراقمۇ يول قويمايتتى.

ئۇلار قىسقىغىنە مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، يەنە يار ئېغىزلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى...

## ھايات - مامات بوسۇغىسىدا

ئەڭ دانا ئادەملەرمۇ بەزىدە ئەقلىنى جايىدا ئىشلىتەلمەيدۇ. گەرچە بۇلار دانالار قاتارىدا سانالمىسىمۇ، ھەرھالدا، بىرقەدەر تەدبىرلىك، كۆزلۈك ئادەملەر ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ زېمىننىڭ ئوي - دۆڭىنى بەش قولدەك بىلەتتى. بىر نەچچە سائەت سۇ ئۈزۈپ، پاتقاق كېچىش جەريانىدا ئۇلار زادىلا نىشاندىن ئازمىغانىدى. كېيىن، نېمە بولدىكىن، بىرەر يۈز قەدەم ماڭار - ماڭمايلا، پېشكەللىككە دۇچ كېلىپ تۇردى، بىرىدىن قۇتۇلسا، يەنە بىرى، ئاندىن يەنە بىرى...

ئاھ ... ئۇلار زادى نەگە كەلدى؟ نەگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ؟

بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

كۈننىڭ يۈنىلىشىگە قاراپ تەرەپنى بەلگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولۇشسىمۇ، كۆزلىرى كارغا كەلمىدى، مېڭىسى ئىشلىمىدى. بىر - بىرىنى قوغلاپ، ئەتراپقا دەھشەت ئۇرۇقى چېچىۋاتقان دولقۇنلارنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى گويا ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى پاڭ، بېشىنى گاڭ قىلىۋەتكەنىدى. ئۆزئارا سۆزلەشكەندە، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىمىسا، بىرى بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايتتى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى...

ئۇلار زادى قانچىلىك يول باستىكىن، ئاخىرى قىزىل دەريانىڭ كونا قىنىغا كىرىپ قالغىنىنى سېزىشتى. ئۇزۇن يىللار سۇ دىدارى كۆرمەي قاغجىراپ كەتكەن بۇ ئېقىن ئەينى يىللاردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق سۇنى قوينىغا ئالغانىدى. ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىپ قېلىشى، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشكەن كونا - تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ تاسادىپىي ئەسلىگە كېلىپ قېلىشى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق، ھازىر تاسادىپىي «تىرىلىپ» قالغان قىزىل دەريانىڭ كونا قىنى ئۇلارنىڭ تەرەپنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. تەبىئەت ئۇلارنىڭ كۆزىنى باغلىۋالغانىكەن. ئەمدى بىلدى، ئۇلارنىڭ نىشانى توغرا ئىكەن. يەنە بىر نەچچە سائەت بەرداشلىق بەرسە، ۋەزىپىنى جەزمەن غەلىبىلىك ئورۇندايدۇ!

لېكىن ئەمدى گەپ ئۇلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكىدە ئىدى!...

نەچچە ئېقىن، نەچچە ئون لايلاتما - پاتقاقلىق ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىپ كەتتى. ئۇلاردىكى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ - ئۈمىد ھارغىنلىقنى، ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى يەڭمەكتە، غەيرەتنى غەيرەت قوشماقتا ئىدى. كىم بىلسۇن، كۈتۈلمىگەندە، ئۇلار

كەڭ كەتكەن لايلاتمىغا كىرىپ قېلىشتى. ماڭغانسېرى لايلاتما چوڭقۇرلاپ، دەسسەپ بەلگە، ئاندىن كۆكرەككە چىقتى. تىزنىڭ ئاستى پاتقاقتا، يۇقىرىسى سۇ ئىچىدە ئىدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە نىشانىنى يوقىتىپ قويۇشتى. لېكىن، قەدىمىنى توختاتمىدى. بىرسى بىرسىگە ھەمدەم بولۇشۇپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. ئىلگىرىلەپ-ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى، سەل دۆڭرەك بىر يەرگە چىقىپ قېلىشتى، ئەمدى ئۇلار بىردەم بولسىمۇ «ئۇھ» دەۋېلىش ئۈچۈن، بەزىلەر پۇتلىرىنى ئىككى يانغا كېرىپ، لايغا مىنىپ ئولتۇرۇشتى، بەزىلەر ئۆزىنى تاشلاپ، ئوڭدا يېتىشتى.

ئەمدى يولنى قايسى تەرەپكە سېلىش كېرەك؟

بۇ سوئالغا دەرمەھەل ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى.

ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى. ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىق، شور يالاپ نېپىزلىتىۋەتكەن پۇتتاپانلار، كۈن كۆيدۈرۈپ شەلۋەرەپ كەتكەن دۈمبە-يەلكىلەر ئېچىشىشقا باشلىدى. كەيپىياتمۇ تۆۋەنلەپ قالغانىدى. بۇنداق ھالەت داۋاملىشىۋەرسە، ئاقىۋىتى ئوبدان بولماسلىقى ئېنىق ئىدى.

ماموت ئىسمائىل شۇ خىيال بىلەن كەيپىياتنى ئوڭشاش نىيىتىگە كېلىپ، چاقچاق باشلىدى:

— كىنو ئىشلىگۈچىلەرمۇ-زە، ئىشنىڭ يولىنى تاز بىلمەيدىكەن، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرەڭگۈ چىقىرىشقا تىرىشىپ، — بىرمۇنچە چىقىم بىلەن ئارتىس تەربىيىلەيمەن دەپ ئاۋارە بولغۇچە، ئايروپىلان بىلەن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كەلسە، ئاجايىپ قىزىق بىر كىنو ئىشلىۋالامسىدى!؟

ئۇنىڭ گېپى خۇددى ئويۇننىڭ مۇقەددىمىسى بولغاندەك، ھەممەيلەن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. تۇشمۇ-تۇشتىن ئۇنىڭ چاقچىقىغا ئورتاقلاشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

— شۇنى دېسىلە، ما شىيەنجاڭ! شۇ تاپتا سۈرىتىمىزنى تارتىۋالغىنىغا ئۇلاردىن بىر تىيىنمۇ ھەق تەلەپ قىلمايتتۇق...

— ئون يىل تەربىيىلەنگەن ئارتىسمۇ بىزدەك قاملاشتۇرۇپ رول ئالالماس!...

— لېكىن-زە... خوتۇنۇڭ كۆرۈپ قالمىسا بولىدۇ-دە! بولمىسا سېنى مۇشۇ يەرنىڭ قوڭغۇر ئېيىقى ئىكەن، دەپ قالىدۇ...

— .........

چاقچاق سەل بېسىققاندا، موسا قۇربان يىراقتا چوخچىيىپ تۇرغان گېئولوگىيىلىك بەلگە مۇنارىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئەقىل پەيدا بولدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ، — بىز ئۇدۇللا مۇنارنى كۆزلەپ مېڭىپ باقمايلىمۇ؟ يا بىر يەردە يېتىپ قالارمىز، يا نىشانىنى بەلگىلەپ يۇرت ئىچىگە بېرىۋالارمىز. قانداق دېدىم؟ «تەۋەككۇلنىڭ بىر ناخشىسى ئوشۇق» دەپتىكەن. بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقمايلىمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى، ئۇ يەرگە تىنچ-ئامان بېرىۋالساقلا، مۇنارنىڭ جازىسىغا چىقىپ بولسىمۇ بىرەر كېچىنى ئۆتكۈزەلەيمىز...

ــ توغرا، ئۇ يەردىمۇ ئىشانىنى بەلگىلىيەلمىسەك، سۇنىڭ پەسلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرساقمۇ ھېساب...

ــ ئەگەر بۈگۈن قايتىپ كېتەلمىسەك، ئەتە چوقۇم بىزنى ئىزدەپ ئايىروپىلان كېلىدۇ. كىمنو دېگەنگە مانا شۇ چاغدا چۈشۈمىز!

ــ ھا ـ ھا، ھا ـ ھا!...

ھارغىنلىق، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، مۇنارنى كۆزلەپ ئالغا ساجىدى...

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس». بۇ ماقالىنىڭ ھەقىقەتەن داۋلىسى بار. بىراق، پۈتۈن ئەزايى لاي ـ شور بىلەن بۇلغانغان بۇ ئادەملەر بىر كىلومېتر ئارىلىقىنى بىر سائەتتىمۇ بېسىپ بولالمىدى. مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭسا، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ يۇرت ئىچىگە يېتىپ بارالمايتتى.

ئېقىن، لايلاتما، پاتقاقلىق، يەنە لايلاتما...

شۇ يەردە بولمىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كۆلكىلىك گەپتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئۇلار بېسىپ ئۆتۈۋاتقان بۇ «يول» تۇتقىلى بولمايدىغان «قولى»، كۆرگىلى بولمايدىغان سېھىرلىك كۈچى بار «ئەجەل شوتىسى» ئىدى. ئۇلار بۇ «شوتا» غا قانچە ياماشقانسېرى ئەجەل ئۇلارغا شۇنچە يېقىنلىشىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنى تۇيمايتتى: يامىشاتتى، يامىشاتتى، يەنە يامىشاتتى. يامىشىپ، يامىشىپ ئاخىرى كۆكرەككىچە چىققۇدەك پاتقاقلىققا كىرىپ قالدى. پاتقاق ھەم قويۇق، ھەم يېپىشقاق ئىدى. شۇڭا، مېڭىش مۇمكىن بولماي قالدى. توختاپ تۇرۇشقىمۇ بولمايتتى. بىر مىنۇت توختاش ــ يەرگە بىر سانتىمېتر پېتىش دېگەن گەپ ئىدى. بىر سانتىمېتر، بىر سانتىمېتىردىن پېتىۋەرسە، ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. لېكىن، ھېچكىم ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشنى خالىمايتتى!

ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك!

كاللا ئىشلىتىش كېرەك، كاللا!

كىمدۇر بىرى بىرلا كۆچەپ پۇتلىرىنى پاتقاقتىن سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، پاقىچىلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى. بۇ «كاللا ئىشلەتكەنلىك» ئىدى. باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ باققاندى، دەرۋەقە، ئۈزۈش مېڭىشتىن بىرقەدەر ئوڭاي توختىدى. غەيرەتلا قىلسا، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولاتتى. مۇشۇنداق ئىلگىرىلەۋەرسە، كىم بىلىدۇ، يەنە بىرنەچچە مىنۇت ياكى بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئەجەل گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپ، دەسسەپ تۇرۇشقا بولىدىغان بىر يەرگە چىقىپ قېلىشار؟!

ئۇلار مۇشۇ ئۈمىد بىلەن ئۈزۈشنى داۋام قىلدى...

**نىجادلىق قىرغىقى**

تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى تولىمۇ تولا، تولىمۇ غەلىتە بولىدىكەن: ئۇلار يېرىم سائەتتەك ئۈزۈپ، پاتقاقلىقتىن چىقىۋېلىشتى. شۇ چاغ مۇنارنىڭ شىمال تەرىپىدە ئازراق

شورتاڭ زېمىن كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۈمىد بىلەن تولۇپ، چىرايىغا تەبەسسۇم قوندى.

— يولداشلار، كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاۋۇ يەردە نىجادلىق قىرغىقى كۆرۈندى، — دەپ قىزىقچىلىق قىلدى غوپۇر ئوسمان. — يەنە سەللا غەيرەت قىلىپ، ئۇ يەرگە بېرىۋالساقلا، ھەممە بالا-قازادىن قۇتۇلىمىز!

— توغرا، غەيرەت قىلايلى!

— ......

ئۇلار بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، «نىجادلىق قىرغىقى»نى كۆزلەپ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. ھېرىققان پۇتلارنى شور يەپ، يېلىڭداپ كەتتى، قومۇشنىڭ پاتاسلىرى، دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى تىتىپ، يارا قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىۋەردى. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ سۈرئەت بىلەن ماڭسا، ئۇزۇنغا قالماي «نىجادلىق قىرغىقى»غا چىقىۋېلىشى مۇمكىن!

لېكىن، ھەي... ئۇلار چوتىنى خاتا سوققانىدى: مۇناردىن بەش-ئالتە يۈز مېتىر يىراقتا ئۇلارنى كۆلالچىلارمۇ ئىزدەپ تاپالمايدىغان يېپىشقاق، بەلگە چىققۇدەك چوڭقۇرلۇقتىكى سوزما سېغىزلىق كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا «نىجادلىق قىرغىقى»غا يېتىشنىڭ بايا ئۆزلىرى پەرەز قىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەسلىكىنى سېزىشتى. كەينىگە يېنىشقا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، كەينىگە يېنىشنىڭ ئىلاجىمۇ يوق ئىدى! ئۇلار ئۈمىدىنى قانات، ھاياتقا — يۇرتقا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى كۈچ قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. بارا-بارا پۇتلارنىڭ ماغدۇرى كېتىپ، باش-كۆزلەردىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. پۇتلارنى بىر قەدەم يۆتكەش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ-غەيرەت سەرپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەش بەسى مۇشكۈل ئىدى. بېرىپ-بېرىپ، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، پۇتلارنى يۆتكەش زادىلا مۇمكىن بولماي قالدى. ئۆمىلەش ياكى ئۈزۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇلار يەنە ئامال تاپتى: ئىككى قولى بىلەن دەسلەپ سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ پاتقاقتىن سۇغۇرۇۋېلىپ، بىر قەدەم يۆتكەيتتى-دە، ئاندىن قولىنى ئوڭ پۇتىغا ئۆزگەرتەتتى. مۇشۇنداق بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئالغا سىلجىپ، «نىجادلىق قىرغىقى»غا چىقىۋېلىشقا يىگىرمە-ئوتتۇز مېتىرچە قالغاندا، پۇت-قوللار پۈتۈنلەي كارغا كەلمەي قالدى. بىر قەدەممۇ ئالغا سىلجىش مۇمكىن بولماي قالدى. كىمدە كىم سەللا مىدىرلىسا، پاتقاق ئۇنى ئاستىغا سۆرەيتتى. ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن ۋاقىتسىز شۇم ئەجەلنى ياكى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈشتىن بۆلەك يول يوق ئىدى.

ئۇلار بىر-بىرىگە ئۈنسىز قاراپ قويۇشتى. دەرۋەقە، ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ، ھايات ھەقىقەتەنمۇ شېرىن. ئېيتايلۇق، ھاياتى بىر تىنىقتا قالغان ئادەممۇ بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەي، ئەتراپىدىكى ھەممە-ھەممە نەرسىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىدۇ-غۇ!

بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلۇغۋاتقانلار توغرىسىدىكى گەپ. ئالدى ئەمدىلا ئەللىك ياشتىن

ئاشقان، كەينى تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ تولمىغان يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، ئەقلىي-ھوشى جايىدا بۇ ئادەملەرنىڭ بىمەھەل قىستاپ كەلگەن ئەجەلگە تەن بېرىشى مۇمكىنمۇ؟

ياق! تۈمەنمىڭ قېتىم ياق!!!

بىراق، بۈگۈنكى قىسمەت شۇنداق بولسا كېرەك، ئۇلار ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىش قارارىغا كەلگەن. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارى ئەمەس، ھېچ بولمىغاندا، چىن يۈرىكىدىن تەن بەرگەنلىكى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىككى پۇتىنى سېرىكولىدەك كېرىپ، تۇرغان جايىدىن قىمىرلاشمىدى. بۇ— ئۇلارنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقان ئەجەلگە قىلىنغان ئاغمىسى ئىدى. مۇنداق قىلىشنىڭ راستلا پايدىسى باردەك قىلاتتى، مىدىرلىمىسىلا چۆكۈپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئەتراپتا، لېكىن ئوڭ-سول، ئالدى-ئارقا تەرەپلىرى پۈتۈنلەي سۇ، بەلكىم دېڭىزمۇ شۇنداق بولسا كېرەك. يا قىرغاق، يا تىرىك جان ئەۋلادى كۆزگە چېلىقمايتتى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ ھەر بىر مىنۇت-سېكۇنتى ئۇلارغا ھېسابسىز ۋەھىمە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار شۇنچە تېز ۋە سۈرلۈك قىياپەتتە ئۆتۈۋاتقان بۇ ھېسسىز ۋاقىتنىڭ ۋەھىمىسىنى دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى بىلەن، يېرىم تورمۇزلىنىپ قالغان ئەقلىي-ھوشى بىلەن غىرە-شىرە سېزەتتى...

ئەتىگەندىن بېرى يالقۇندەك يېلىنجاپ تۇرغان ئىسسىقنىڭ تەپتى يېنىشقا باشلىدى، كۈن ئاستا-ئاستا غەربكە قېيشىپ، ئاقباش تىيانشاننىڭ ئۇچما چوققىلىرىغا باش قويدى، ئاسمان جىيەكلىرى كەچكى شەپەق بىلەن قان رەڭگىدە تاۋلاندى...

رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ئاسمان، سۇ ۋە يىراق ئۇپۇق ئۇلارغا تولىمۇ گۈزەل، يېقىملىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تولىمۇ سوغۇق ۋە سۈرلۈك كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھېسابلىنىدىغان ئابدۇۋەھىلىم ئابدۇراخمان يېنىدىكىلەرگە ئەلەڭلەپ قارىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېقىمسىز بىر سوغۇق تىترەك چىرمىۋالغانىدى. ئۇ ئەتراپقا — مۇدھىش باسقان ئۆلۈك پاتقاقلىققا قارىغانسېرى كۆڭلىدىن ھەر خىل شۇم خىياللار كېچىشكە باشلىدى. قۇلاق تۈۋىدە ئۈشتۈمتۇت بىر ئاۋاز ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇ سەل-پەل ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى تىڭشىدى. ئاخىرى بۇ ئاۋازنىڭ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى سوۋېت تېلېۋىزىيە تىياتىرى«بۇ يەرنىڭ سەھەرى جىمجىت»دىكى سېرىق چاچلىق قىز بولىچكىنانىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىقىپ، پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ بولىچكىنانىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا نامايان بولدى...

ئەنە، ئۇ يەتتە ياشلىق سەبىي قىزئۆزىنى ھالاكەت ئىچىگە سۆرەپ كېتىۋاتقان پاتقاق بىلەن ئېلىشماقتا...

ئەنە، ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئايانچلىق ئاۋاز بىلەن «مېنى قۇتقۇزۇڭلار!...» دەپ ۋارقىرىماقتا...

ئەنە، سېسىق پاتقاق ئۇنىڭ نەپسىنى بوغماقتا...

ئەنە، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەسرەتلىك نىداسى پاتقاق بىلەن بىللە بۇلدۇقلاپ چىقماقتا...

ئابدۇھېلىمنىڭ كۆزىگە بىردىنلا قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى، يۈرىكىنى ئۈنسىز دەھشەت باستى. ئۇ خىرەلەشكەن كۆزىنى يوغان ئېچىپ، يىراقتا — كەچكى شەپەق بىلەن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن ھېلىقى «ئىجادلىق قىرغىقى» تەرەپكە قارىدى...

«ئىجادلىق قىرغىقى» ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا چوقچىيىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار يېتىپ بارالمايتتى. شۇ تاپتا، ئۇلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يېرىمى پاتقاق ئىچىگە ئۆيۈپ كەتكەن، قالغان يېرىمى شامنىڭ پىلىكىگىلا ئوخشايتتى. شام، ئوت يېقىلمىسا، يانمايدۇ، نۇر چاچالمايدۇ. ئۇلار ئوتنى كۈتۈۋاتاتتى. يورۇقلۇق چىقىرىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى. لېكىن، ئوت نەدە؟

ھەي!...شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە مىڭ تونۇرنىڭ ئوتى لاۋۇلداۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «پىلىلىدە» يورۇقلۇق چىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى...

لېكىن، بۇنداق ئۈنسىز، قايغۇلۇق ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى. موسا قۇربانىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۇلار گويا كۆز ئالدىدىكى ۋەھىمىنى ئۇنتۇپ جانلىنىپ قالدى:

— ئەگەر پۇتلىرىمىز ئاچا بولمىغان بولسا، بۇ چاقىچە بۇ يەرگە پېتىپ كېتەرمىدۇق؟ — دېدى موسا قۇربان ھەمراھلىرىغا مەنىلىك قاراپ، — ھېلىمۇ پۇتىمىز ئىككى بولۇپ قاپتىكەن...

— شۇنى دېسىلە، — ئارقىدىنلا مامۇت ئىسمائىل سۆز قاتتى، — پۇتىمىز بىر بولۇپ قالغان بولسا، بۇ چاقىچە پاتقاققا قوزۇقتەكلا كىرىپ كەتكەن بولار ئىدۇق. ئۇ چاغدا ئۆزىمىز تۈگۈل، ئىزىمىزمۇ قالمايتتى...

— مۇبادا، ئۆلۈپ قالساق جەننەتكە كىرەرمىزمۇ، دوزاخقىمۇ؟! كاشكى، ئەل - يۇرت بىلەن ۋىدالىشىۋالغان بولساقمۇ...

ئابدۇھېلىمنىڭ يېرىم چاقچاق، يېرىم ھەسرەت ئارىلاشقان بۇ سۆزلىرى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى، موسا قۇربان ئالمان - تالمان مۇنداق دېدى:

— نېمىشقا دوزاخقا كىرىدىكەنمىز؟ چوقۇم جەننەتكە كىرىمىز، ئۇكام! — ئۇ خۇددى شۇنداق بولىدىغاندەك ئىشەنچلىك ھەم ئەستايىدىل سۆزلەۋاتاتتى، — دوزاخ نەدە دەمسىلەر؟ ئەگەر دوزاخ ئاسماندا بولسا، دەل بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە بولغان بولىدۇ، ئەگەر يەردە بولسا، دەل پۇتىمىزنىڭ ئاستىدا بولغان بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە مۇلايىم كۈلگىنىچە داۋام قىلدى، — لېكىن - زە، مەن چوقۇم جەننەتكە كىرىمەن. نېمىشقا دېسەڭلار، نەچچە كۈندىن بۇيان سۇ ئىچىدە، پاتقاق ئىچىدە يۈرۈپ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھىم بولسىمۇ يۇيۇلۇپ كەتتى...

موسا قۇربانىنىڭ گېپى بەزىلەرگە ئانچە ياخشى تەسىر قىلمىدى، تۇرۇپلا كەيپىيات سۇسلاشتى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئاخىرەتنىڭ غەلىتە، ۋەھىمىلىك خىياللىرى پەيدا بولغاندەك قىلاتتى. شۇڭا مامۇت ئىسمائىل سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى بىردىنلا باشقا ياققا بۇراپ كەتتى:

— ئاغىنىلەر، ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «مۇزدىن ئۆتسەڭ، بالدۇر ئۆت، چۈشۈپ كەتكەننى كۆرىسەن. سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، چۆكۈپ كەتكەننى كۆرىسەن» دەپتىكەن، لېكىن بىرەرسى پاتقاقتىن قانداق ئۆتۈش توغرىلىق بىر نەرسە دېمەپتۇ، ئەگەر شۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەقىقەتەنمۇ بىرەر ئەقىلسىزچە گەپ بولغان بولسا، بىز بۇ يەردە مۇشۇنداق تۇرماس ئىدۇق ـ ھە؟

ــ شۇنى دېمەمدىغان! ــ ئابدۇھېلىم دەرھال ئۇنى قاتتىق ۋە بىر ئەرسىنى ئەسلىگەندەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ داۋام قىلدى، ــ ھە راست، ھېلىقى ئوسمان بەكرى نېمە بولغاندۇ؟

ــ توغرا، ئۇ بىچارىمۇ پېلەك جىيامۇدەك ئېزىپ ـ تېزىپ قالمىغاندۇ...

ــ خۇدا ساقلا...

ــ ھەي، قاراڭلار، مۇناردا بىر نېمىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتامدۇ نېمە؟

ــ قېنى... قېنى...

ــ ئەنە، ئەنە، مۇنارنىڭ تۆپىدە.

ــ ھە، كۆردۈم، ئادەممىدۇ، ياق؟...

ــ ئادەمدەك قىلىدىغۇ...

ــ توۋلاپ باقمايلىمۇ؟

ــ ئا ـ ھا ـ ھوي ـ ي!...

ھەممەيلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى. لېكىن ھەرقانچە ۋارقىرىغىنى بىلەن سۇنىڭ شاقىرىشىنى بېسىپ كېتەلمىدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاۋازى مۇنارغا يەتمىگەندەك قىلاتتى. مۇنار ئۈستىدىكى ئادەم ئۇلارنى كۆردىمۇ ياكى ئۆزىنى ئۇلار كۆرسۇن دەپ شۇنداق قىلدىمۇ، ئېيتاۋۇر، قوللىرىنى تىنىماي پۇلاڭلىتاتتى ۋە ھايال ئۆتمەي مۇناردىن چۈشۈشكە باشلىدى.

بېلىگىچە پاتقاق ئىچىدە قىمىر قىلماي تۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقان بۇ ئادەملەرنىڭ بىردىنلا جېنىغا جان قوشۇلغاندەك، كۆزلىرى چاقناپ، ۋۇجۇدى ئىللىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ قوللىرى ھە دەپ پۇلاڭلايتتى، ئاغزى تىنىماي ۋارقىرايتتى:

ــ ئا ـ ھا ـ ھو ـ ي...

ــ ئا ـ ھا ـ ھا ـ ھوي ـ ي ـ ي!...

كىمنىڭدۇر ئېسىگە يەنە ئوسمان بەكرى يەتتى:

ــ ئۇ، ئوسمان بەكرى بولمىسۇن يەنە.

ــ راست، شۇدەك قىلىدۇ.

ــ ۋاي بىچارە، يالغۇزلۇقتا قانچىلىك ئىچى سىقىلغاندۇ؟

ــ ......

ھېلىقى ئادەم خۇددى سېھىرگەردەك يەڭگىل، ئىتتىك چامداپ، سۇدا ـ پاتقاقلىقتا ئەمەس، بەلكى توپتۈز يولدا ماڭغاندەك ئەركىن ـ ئازادە مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. بوي ـ قەددىمۇ زىلۋا، ئورۇقراق ئىدى. بېشىدا كىرلەشكەن شاپاق دوپپا بار ئىدى.

ھەممەيلەننىڭ قايتىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ھېرىسمەن كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى.

ھايال ئۆتمەي، تونۇش بىر چىراي ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ـــ قىزىلسۇلۇق دېھقان كېرىم ھېيت ئىدى.

— ھوي، كېردم ئاخۇنمۇسەن! — دېدى ئېگىز بوي، ئاق سېردق، ئورۇقراق كەلگەن، 25 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىتنى بىرىنچى بولۇپ تونۇغان سەممەت ئابلىز ھاياجىنىنى باسالماي، — ئىتتىك بول!... سېنى خۇدا ئەۋەتتىمۇ، ئۆزۈڭ كەلدىڭمۇ؟

— تالىپ داۋۇت بىلەن ئوسمان بەكرى ئەۋەتتى، — دېدى يىگىت ئۇلارغا ئېغىشەۋۇ يېقىنلاپ كېلىپ.

ئارىلىق ئىككى مېترچە قالغاندا، كېردم ھېيت قولىدىكى غولدىنى ماموت ئىسمائىلغا ئۇزاتتى. ماموت ئىسمائىل مەھكەم تۇتۇپ، بىر پۇتىنى مىدىرلاتتى. يىگىت كۆچەپ ئالدىغا تارتقاندى، ئۇنىڭ پۇتى بەئەينى ئۆتۈكتىن سۇغۇرۇۋېلىنغان قېلىپتەك، پاتقاقتىن پولوككىدا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ ئىككىنچى پۇتىنى پاتقاقتىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندا، يىگىت:

— ئىتتىك ماڭسىلا، بولمىسا يەنە پېتىپ قالىلا! — دېدى.

ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن: ھەممەيلەن ئۇنىڭ غولدىسى ۋە مەسلىھەتىنىڭ كارامىتى بىلەن ئەجەل گىردابىدىن قۇتۇلۇپ، «نىجادلىق قىرغىقى»غا چىقىۋېلىشتى، ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى تېپىز پاتقاقلىققا تاشلاپ، راھەت بىلەن سوزۇلۇپ ياتتى، سەل ـ پەل دەمىنى ئالغاندىن كېيىن، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە ھىممەت كۆرسەتكەن ھېلىقى يىگىتتىن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراشتى. كېردم ھېيتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پادىسىنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتسا، ئەمدىلا تالىپ داۋۇت بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ماموت ئىسمائىل قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىۋاتقان ئوسمان بەكرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئوسمان بەكرى ئۇنى دەرھال بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامان يۇرتقا ئېچىگە كېلىۋالغانلىقىنى ماموت ئىسمائىللارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ...

ھەممەيلەن ئوسمان بەكرىنىڭ ساق ـ سالامەتلىكىنى ئاڭلاپ، يەڭگىل بىر تىنىۋېلىشتى. كىمدۇر بىرى:

— «لايدىن ئۆتسەڭ ئىتتىك ئۆت، پېتىپ قالغاننى كۆرسەن» دېگەن داۋلىنى بالدۇرراق بىلىۋالغان بولساق، بۇنچىۋالا تەس كۈنگە قالمايدىكەنمىز! — دەپ كۈلدى. ئابدۇھېلىم ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى:

— قىلىدىغان ئىشىمىز، يەيدىغان رىسقىمىز، ئەل ـ يۇرتتىن قەرزىمىز تۈگىمەپتىكەن، شۇڭا جېنىمىز ئامان قالدى...

— ......

ئۇلار كېيىنكى قەدەملىرىنى خېلى ئوڭۇشلۇق باستى. ئەمدى ئۇلار پاتقاقلىقتا قانداق مېڭىشنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغاندى. بۇ چاغدا پۇتىنىڭ ئالقىنى تىتما ـ كاتاك بولۇپ كەتكەن ماموت ئىسمائىلنىڭ جېنىمۇ بىرئاز ئارام تاپتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىردىنبىر كەش كىيگەن موسا قۇربان پۇتىدىكى شوينا بىلەن باغلىۋالغان لاتىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويغاندى.

سائەت ئالتىگە يېقىن مۇنار تۆۋىدىن قوزغالغان بۇ ئادەملەر سائەت يەتتە يېرىمدا قىرنىقتام كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەردە ئۇلارنى نۇرغۇن كىشىلەر كۈتۈۋالدى...

www.uyghurkitap.com



## بۇ كومېدىيە ئەمەس

كىنو ئېكرانى، تىياتىر سەھنىسىدە رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئاما بىلەن بىرلىكتە ئوت بىلەن، سۇ بىلەن ئېلىشقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنىڭ بەزىلىرى يازغۇچىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز، بەزىلىرى راست ئىش — راست ئادەملەرنىڭ تەبىئىي كارتىنىسى. بىز يېزىۋاتقان بۇ ئەھۋاللار كېيىنكى تۈرگە مەنسۇپ!

ئەنە قاراڭ، ئاۋۇ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق، تەمبەلگىنە ئادەم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈي شياۋچىڭ، ئاۋۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ، كۆسەيدەك قارىيىپ كەتكەن، ئېگىز بوي، قاتاڭغۇ كىشى تالىپ داۋۇت، ئاۋۇ ئورۇق، ئېگىز بوي كىشى شىڭ ۋېيۇن، ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋاتقىنى ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۈي شىنمىن؛ ئەنە ئاۋۇ ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنى ئابدۇقېيۇم مۇھەممەت، ئۇنىڭغا ياندىشىپ ليۇ يۈڭچاڭ، ماموت ئىسمائىل، ۋېي جىڭشىنلەر كېتىۋاتىدۇ. ھەممىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقىنى يەنىلا موسا قۇربان... لېكىن سىز ئۇلارنى قۇملۇق ياكى توپىلاڭ يولدا كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ! ئۇلارنىڭ دەسسەپ كېتىۋاتقىنى بەلگە چىققۇدەك پاتقاق. تۆت ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز پوتكاپ سۇ. پەقەت ئۇيەر - بۇيەردە شور ئۆرلەپ تۇرغان نەمكۆپ زېمىن ئاندا - مۇندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. بۇ — دەريا سۈيىنىڭ تونۇگۈنكىدىن بىرئاز سوغۇلغانلىقىدىن بىشارەت.

ئەگەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ: «بۇلارنىڭ ئامىتى بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالسىڭىز، چوقۇم خاتالىشىسىز. چۈنكى، تونۇگۈن كېچە ۋە بۈگۈن ئەتىگەن قىزىل دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر قىسىم سۇ تارماق ئۆستەڭلەرگە چۈشۈرۈۋېتىلدى. مۇندىن كېيىن يەنە نېمە يېڭى ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ؟ بۇنى ھازىرچە مۆلچەرلەش تەس.

ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئالغا سىلجىماقتا، خۇددى تورنىلاردەك بىر - بىرىنى سوڭدىشىپ، بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن ئالغا سىلجىماقتا...

ۋاقتى كەلسە ئىشخانىدا، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تېلېفوننى بىرلا چۆرۈپ پۈتۈن ۋىلايەتنى ئاياغقا تۇۋغۇزالايدىغان بۇ ئادەملەر ئەجەل قۇشى ھەر قاچان باشلىرى ئۈستىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇ پاتقاقلىقتا نېمىدەپ سۆرىلىپ يۈرىدىكىنە؟

ئۇلارنى بۇ يەرگە خەلقنىڭ غېمى، پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى ئېلىپ كەلدى: بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئىككىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا تېلېفون ئارقىلىق مۇنداق كەسكىن بۇيرۇق بەردى:

1. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شېكەركۆلگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. چۈنكى ئۇ، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مۇھىم ئورۇن. ئۇنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك.

2. سۇ چىقىپ كەتكەن يار ئېغىزلىرىنى چوقۇم ئېتىش كېرەك.

3. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى شېكەر كۆلگە بېرىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش كېرەك.

4. شېكەر كۆلدىن مەسىلە چىقسا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

ۋىلايەتلىك پارتكوم بۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپلا جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى: بىر

قىسىم رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئىنژېنېر - تېخنىكلاردىن 12 كىشى بۈگۈن پەيزىۋاتقا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يار ئېغىزلىرىنى دەرھال ئېتىشكە مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، شىبكەركۆلنىڭ تېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ۋاقىتىنچە دەريانىڭ جەنۇبىي دامبىسىنى كېسىپ، سۈيىنى غىشكۆلگە چۈشۈرۈۋېتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىلاجسىزلىقنىڭ ئامالى ئىدى. بۇ جەھەتتە، پەيزىۋاتنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا غېمى بار ئىدى: مۇشۇ سائەتتە ئاتۇش ۋە پەيزىۋاتلارنىڭ زەي سۈيى غىشكۆلگە ماڭغاندىن تاشقىرى، تۈنۈگۈن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان توققۇزتارامدىن ئېقىۋاتقان 200 سېكۇنت - كۇب مېتىر سۇمۇ شۇ يەرگە كېتىۋاتاتتى. ئەگەر دەريانىڭ جەنۇبىي دامبىسى كېسىۋېتىلىدىغان بولسا، «كۆتۈرەلمىسەك - ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ئىش بولاتتى - دە، دەريانىڭ ھەممە سۈيى غىشكۆلگىمۇ، زەيلىككىمۇ پاتماي، غولتوغراق يېزىسىنىڭ لۇڭكۇ، سوكەن ئاستى، غەزنە قۇم، ئۆتەك كەنتلىرىگە، ئۆدەكلىك يېزىسى ۋە «قالسغۇچ» دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا يامرايتتى. بۇ يېزا - كەنتلەر ھەش - پەش دېگۈچە سۇ ئاستىدا قالاتتى.

بۇ، نېمىدېگەن خەتەرلىك ئاقىۋەت - ھە!

ئەلۋەتتە، شىبكەركۆل يار كەتسە، بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق خەۋپ كەلتۈرۈشى تەبىئىي!

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى زادى نېمە؟

ھازىرچە بۇ سوئالغا جاۋاب تاپقىلى بولمايتتى. چۈنكى، ھەر ئىككى خىل ئەھۋال مۇقەررەرلىك بولماستىن، بەلكى ئېھتىمال ئىدى. ئېھتىماللىق ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، چوقۇم مۇقەررەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئەڭ يامان تەرەپتىن مۆلچەرلىمەي بولمايتتى. شۇنداقلا، ئېھتىمالنى مۇقەررەرلىك دەپ قاراپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن بىڭتۈەن جەڭچىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز جان تىكىپ قوغدىشى نەتىجىسىدە تېخىچە مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شىبكەركۆل دامبىسىنى كېسىۋېتىشمۇ، ئوخشاشلا «ئوغرىدىن قېچىپ، قاراقچىغا ئۇچرىغان» دەك ئىش بولاتتى. شۇڭا، بىردىنبىر ئىشەنچلىك چارە — يار كەتكەن نەق مەيداننى يەنە بىر قېتىم ئەتراپلىق كۆزدىن كەچۈرۈپ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاخىرقى قارارنى چىقىرىش ئىدى.

ئۇلار مۇشۇ مەقسەت بىلەن بىر نەچچە سائەتتىن بېرى پاتقاق كېچىپ، سۇ ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا ئىچ تامبالدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار ھېرىپ «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا قىلچە بوشاشماستىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، يار ئېغىزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. كەڭلىكىنى، چوڭقۇرلۇقىنى ۋە ئېقىم تېزلىكىنى ئۆلچەيتتى. ئۆرە تۇرۇپلا، قىسقا - قىسقا يىغىنلارنى ئېچىپ، مۇناسىپ چارە - تەدبىرلەرنى تۈزەتتى، سۇ ئۈستىدىلا ئوزۇقلىناتتى.

بىر لايىلاتمىدا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ شۇي شياۋچېڭنىڭ تامبىلى چۈشۈپ كەتتى. بۇ ناھايىتى چوڭ كۈلكىگە سەۋەب بولدى. كۈلۈش — يىغلاشتىن، مەيۇسلىنىشتىن مىڭ

www.uyghurkitap.com



چەندان ياخشى، ئەلۋەتتە. ئۇلار كۆلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ مېڭىپ، ھارغىنلىق، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن بولسىمۇ، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرىشمىغانىدى.

ئۇلار پاراڭ-چاقچاق بىلەن كېلىۋاتقىنىدا، مامۇت ئىسمائىل شۆي شياۋچىڭغا بىر خىل تەلەپكارلىق تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۆي شۇجى، سىز ۋىلايىتىمىزگە باش بولغاندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم دۈچ كەلگەن ئىشىڭىز چوڭ كەلكۈن بولدى، مېنىڭچە، بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ قويغىنىڭىز ياخشى بولدى، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سىز ئۈچۈن بىر سىناق!

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى شۆي شياۋچىڭ قوروپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىتىپ تۇرۇپ، — بۇ كەلكۈن بىزنىڭ غەيرەت-جاسارىتىمىزنى، چارە-تەدبىرىمىزنى سىنىماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بىز ئورتاق تىرىشساقلا، بۇ سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيمىز!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، كۆتۈرۈلمىگەندە، غىرتتىدا تېيىلىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشتى. مامۇت ئىسمائىل دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇنىڭ ماڭلايلىرىغا چاپلىشىپ قالغان شالاڭ چاچلىرىدىن، گەز باغلاپ كەتكەن ئاغزىدىن دوغاپتەك بۇزامتۇل سۇ ئېقىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بەئەينى سوزمە خالتىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى...

يار ئېغىزلىرىنى ئۆلچەشنى ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش شۆي شىنمىن ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ 50 مېتىرلىق تانىنى كۆتۈرۈپ ئېقىنغا چۈشۈپ، نەچچە چۆكۈپ، نەچچە لەيلەپ، ئاخىرى ئېنىق سانلىق مەلۇمات ئېلىپ چىقتى.

ئۇ ئىگە بولغان مەلۇمات ئالدىنقى قېتىم ئابلا ھەسەن ئىگىلىگەن كۆزچەن مەلۇمات بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى: يار ئېغىزى 90 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئالتە مېتىر.

.........

بەش سائەت يول مېڭىپ، ئاران يەتتە يېرىم كىلومېتىر مۇساپىنى باسقان، ھەممە يېرى پاتقاق بىلەن بۇلغىنىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەملەر سائەت ئۈچ يېرىمدا بىنام كەنتىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنى مۇشۇ ئەپتى بىلەن كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇلارنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىكەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پەيزىۋات ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قەشقەرگە قايتىشتىن بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇزاكىرە قىلدى.

كېيىنچۇ؟

پۈتۈن ناھىيە ئاياغقا تۇردى.

ناھىيىنىڭ تېلېفونى ۋىلايەتكە، ۋىلايەتنىڭ تېلېفونى ئاپتونوم رايونغا ئۇلاندى.

شۇ كۈنى كېچە سائەت 11 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمنىڭ جېڭچىيسى فېڭ جىنمىڭ ئەتە ئەتىگەندە بىر قىسىم كوماندىر

جەڭچىنى باشلاپ خۇشئابات يېزىسىنىڭ بىنام كەنتىگە يېتىپ بېرىش توغرىسىداجىد-
دىي بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.
شۇ كۈنى كېچىدە يېڭىئاۋات تۇغىدا كەلكۈن بىلەن ئېلىشىۋاتقان خۇشئابات يې-
زىسىنىڭ شۇجىسى مامۇت غوپۇر دەرھال ئۆز يېزىسىغا قايتىپ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان
ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىگە تۇرالغۇ تەييارلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.
شۇ كۈنى كېچە سائەت 11 دە پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ جانباز، خۇشئابات، يېڭى-
مەھەللە، تېرىم، بارىن يېزىلىرى ۋە ئورۇقچىلىق مەيدانىنىڭ مەسئۇللىرى 2000 ھار-
ۋا شاخ-شۇمبا تەييارلاپ، 9-چېسلا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىنام كەنتىگە يەتكۈزۈپ بو-
لۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. بۇ بۇيرۇق بىر سائەت ئىچىدىلا ھەرقايىسى
كەنت، مەھەللە، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.
يەنە بىر سائەتتىن كېيىن، بىنام كەنتىگە ئەڭ يېقىنى يەتتە كىلومېتر، ئەڭ يىرى-
قى 50 كىلومېتر كېلىدىغان كەنت، مەھەللىلەردە قول چىراغىنىڭ يورۇقى بىلەن شاخ
كېسىپ ھارۋىلارغا بېسىپ، بىنام كەنتىگە قاراپ ماڭغان كىشىلەر يول-يولىدا پەيدا
بولدى. بەزى ھارۋىلارغا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىمۇ بېسىلغانىدى. ئاشۇ شاخلار-
نى كېسىپ ھارۋىلارغا باسقىچە، بەزى دېھقانلارنىڭ يۈرىكى قانچىلىك ئېچىشقانلىقى،
قوللىرى قانچىلىك تىترىگەنلىكى ئانچە سىر ئەمەس ئىدى. لېكىن زور كۆپچىلىك دې-
ھقانلار بۇ ئىشنى ئۆزى، ئەۋلادلىرىنىڭ رىسقى ۋە كەلگۈسى بەختىنى قوغداش يۈزىسى-
دىن قىلىۋاتقىنىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئالدىرايتتى. ئاشۇ شاخ-شۇم-
بىلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جايىغا يەتكۈزۈپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇر-
غان ئاپەتنى يېڭىشتە، قولىدىن كېلىشىچە ھەسسە قوشۇشقا ئالدىرايتتى...

### تەۋرەش

— ... 200 ھارۋىدىن 193 ى تارامدىن ئۆتەلمەي پېتىپ قالدى. 500 دەك
ھارۋا يولدىن ئېزىپ، شىمال تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ...
تېلېفوندىن ئابدۇھېلىم ئابدۇراخماننىڭ ئەنسىز ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. قاشلىرىنى
يىمىرىپ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە چەكچىيىپ قالغان مامۇت ئىسمائىلنىڭ كۆڭلى
بىر قىسما بولۇپ، چېكىسىدىن «پۇررىدە» تەر چىقىپ كەتتى. تېلېفوندا خەۋەر قىلىن-
غان ئەھۋاللار ئۇنىڭ قىياس-تەسەۋۋۇرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەنىدى. تېخى
مۇندىن سەل ئىلگىرى، ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىق ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ: «...سىز
باش قوماندان، ئەگەر تەلەپ قىلىنغان شاخ-شۇمبا، قوزۇقلار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا،
بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بارالماي، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئىشىغا تەسىر
يېتىپ قالسا، بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىڭىزگە ئالىسىز!...» دېگەنىدى. مانا ئەمدى...
مامۇت ئىسمائىل دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۆي ئىچىدە ئايلانماقچى
بولدى-يۇ، لېكىن قولىدا تېلېفون تۇرۇپكىسى بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئورۇندۇققا

www.uyghurkitap.com



لەسسدە ئۇلتۇردى. تېخى بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى ھەرقايسى يېزىلارغا شاخ-شۇمبا
يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شاخ-شۇمبا بېسىل-
غان ھارۋىلار يوللارغا سىغمىشماي، قاتناش جىددىيلىكى كېلىپ چىققانىدى. ئەگەر ئەھۋال
مۇشۇنداقلا بولسا، شاخ-شۇمبا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ۋاقتىدا يېتىپ بارالماسلىقى، بۇ-
نىڭ بىلەن يار ئېغىزلىرىنى تېزرەك ئېتىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ئەڭ مۇ-
ھىمى، شېكەركۆلگە بولغان بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ، يار ئېلىپ كېتىش خەۋپى تېخى-
مۇ ئېشىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ماموت ئىسمائىل ئومۇمىي مۇساپىنى ئون نەچچە كى-
لومېتر قىسقارتىپ، ۋاقىتنى ئۇتۇش مەقسىتىدە، ھارۋىلارنى ئۇدۇللا سۈيى سوغۇلغان
تارام بىلەن ماڭدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كىم بىلسۇن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى 200
ھارۋىدىن ئاران يەتتىسى تىنچ-ئامان ئۆتۈپ، قالغىنى پاتقاقىقا پېتىپ قاپتۇ. ئەمدى
ھارۋىلارنى كەينىگەياندۇرۇپ چىقىشمۇ، قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈۋېلىشمۇ مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى. ئەگەر يەنە داۋاملىق تارامدا تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ھارۋىلار تېخىمۇ چوڭ-
قۇر پېتىپ كېتىشى، ھەتتا دەريا سۈيى تاسادىپىي ئۆرلەپ كەتسە، تېخىمۇ خەۋپلىك
ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. بەزى يېزا-كەنتلەردىن بىنام كەنتكە بىۋاسىتە
ئاپتوموبىل، تراكتور قاتنىيالمايتتى. ئاپتوموبىل، تراكتور ئارقىلىق يۆتكەلگەن شاخلار-
نىمۇ ئاۋۋال مازار قۇم، ئاقئېرىق، چوڭئېرىق كەنتلىرىگە يىغىپ، ئاندىن ھارۋىلار بىلەن
بىنام كەنتكە يەتكۈزۈش پىلانلانغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، 193 ھارۋىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا
پاتقاقىقا پېتىپ قېلىشى ھەممە ئىشنى بۇزدى. تازا قىستاپ كەلسە، بۇنى ماموت ئىس-
مائىلنىڭ «تەۋەككۈلچىلىكى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت دېيىشكە بولاتتى، ئەگەر ئۇ
مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولسا، ھېچكىممۇ بۇنچىلا جىق ھارۋىنى پاتقاقىقا پاتۇ-
رۇپ قويمايتتى. ماموت ئىسمائىل بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق سېزىپ تۇراتتى. شۇڭا
ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك بىئارام ھەم خىجىل ئىدى.
ئەلۋەتتە، بىئارام بولۇش، خىجىل بولۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى. بىئاراملىق،
خىجىللىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى — كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ۋەزىيەتنى
ئوڭشاپ، ۋەزىپىنى دەل ۋاقتىدا ئورۇنلاش ئىدى.
چۈنكى، شۇ تاپتا شېكەركۆلنىڭ تەقدىرى مۇشۇ شاخ-شۇمبىنىڭ دەل ۋاقتىدا،
بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىش-بارالماسلىقىغا باغلىنىپ قالغانىدى.
ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادى مۇشۇ شاخ-شۇم-
بىدا ئىدى.
كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تېلېفونلارمۇ شۇ شاخ-شۇمبا توغرىسىدىلا
سۆزلەيتتى.

.........

ماموت ئىسمائىل ھەر قانچە ئويلىنىپمۇ، ئەسلىدىكى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، شاخ-
شۇمبىنى قۇرۇقلۇق بىلەن يۆتكەشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، قاراپ تۇرۇپ
ئون نەچچە كىلومېتر مۇساپىنى ئارتۇق بېسىش كەلكۈنگە قارشى كۈرەشتە ناھايىتى

كۆپ ۋاقىتنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىك؛ ۋاقىتنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىك — ئاپەتكە يول بەردى دېگەنلىك ئىدى.

ئۇ كەسكىن قارارغا كەلدى، يەنە بىر قېتىم «تەۋەككۈلچىلىك» قىلماقچى بولدى! تۇرمۇشتا جىددىي پەيتكە توغرا كېلىپ قالغان بەزى ئىشلاردا «تەۋەككۈل دەرياسىغا كېمە سېلىش» زۆرۈر ئىدى.

— شاخ - شۇمبىلارنىڭ بىر قىسمىنى پاتقاقلىققا چۈشۈرۈپ، هارۋىلارنى ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈڭلار. زۇنۇن هوشۇرغا ئېيتىڭ: ئېزىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يول ئايرىشلاردا ئادەم توختىتىشنى ئورۇنلاشتۇرسۇن!...

بۇ بۇيرۇق دەرهال ئورۇنلاندى. دېهقانلار جاپالىق ئەمگەكى بىلەن يېڭى يول ئاچتى. ئەڭ خەتەرلىك جايلاردىمۇ ئەپچىللىكنا ئۆتۈشمە پەيدا بولدى. لېكىن، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. گەرچە هارۋىلار جايىدىن قوزغىلالمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر پېتىپ قالمىسىمۇ، لېكىن سۈرئەت ئاستا، قەدەم تاشلاش جاپالىق ئىدى. بەزى ئۇلاغلار هالىدىن كېتىپ يىقىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا هارۋا ئىلگىرى ئۇلاغلاردىن بەكرەك كۆچەشكە مەجبۇر بولاتتى: چاقلارنى مۇرىدەپ ئىتتىرەتتى، شوتىغا يانداق بولۇپ سۆرەيتتى ياكى ئۇلاغلىرىنى هارۋىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى سۆرەيتتى. شۇڭا، قېلىڭ جىنئەن 263 نەپەر كوماندىر - جەڭچىنى باشلاپ 22 ئاپتوموبىل بىلەن بىنام كەنتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، پىلاندىكى شاخ - شۇمبىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرى بەلگىلەنگەن جايغا دۆۋىلەنگەنىدى...

ئەمدى بىز شاخ - شۇمبىنى قويۇپ، يار ئېغىزلىرىغا نەزەر تاشلاپ باقايلى: تۈنۈگۈن مۇقىملاشتۇرۇلغان توققۇز يار ئېغىزىنىڭ سەككىزى پەيزىۋات تەۋەلىكىدە، ئەڭ چوڭ هەم خەتەرلىك بىرسى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق شېكەر كۆل تەۋەلىكىدە ئىدى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق هەرقايسى تەرەپ ئۆزىگە تەۋە يارنى ئېتىش قارار قىلىنغانىدى. شۇڭا، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن پەيزىۋات باش دېهقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ئەڭ چوڭ، ئەڭ خەتەرلىك يارغا هۇجۇم باشلىغانىدى. شۇ تاپتا، بۇ يەرگە شاخ - شۇمبا ئاش - ناندىنمۇ زۆرۈر ئىدى، تېلېفونلارمۇ «شاخ - شۇمبا!...» دەپ جىرىڭلايتتى، هەممە ئادەم «شاخ - شاخ!...» دەپ چاقىلدايتتى.

بىراق، ئىشنىڭ بىسمىللىسىدىلا تەبىئەت يەنە تەتۈرلۈكىنى قىلىشقا باشلىدى: 28 - چېسلا چۈش مەهەلدە شارقىراپ ياغقان يامغۇر 6.2 مىللىمېترغا يەتتى. لېكىن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىمۇ، دېهقانلارمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى قولى قولىغا تەگمەي بۆرە بۇقا ياساپ، سىم تور توقۇپ، چېپتىلارغا لاي قاچىلاپ، يار ئېغىزىغا باسسا؛ ئۇلاردىن 2 - 3 كىلومېتر نېرىراقتا نەچچە يۈز نەپەر دېهقان ئۇبۇل ئەمەتنىڭ باشلامچىلىقىدا بويىلا ① ياساپ، تۇرمەل تۇ-

① بويىلا — تۇرمەلنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىدىغان پۇختا ئارقان ياكى ئېشىلگەن سىم. ئۇنىڭ بىر ئۇچى شاخلارنى بىر يەرگە تۇتاشتۇرىدۇ، يەنە بىر ئۇچى سىرتتىكى قوزۇققا ئېلىنىدۇ.

رەتتى. 60 — 70 چىڭ ئېغىرلىقتىكى توقماقلارنىڭ قوزۇقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاۋازى، شاخ-شۇمبا توشۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىيا-چىياسى بىلەن قوشۇلۇپ، يامغۇرنىڭ شارقىرىشىنى بېسىپ كېتەتتى. ھەممە ئادەم جان-جەھلى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى، پۇت-قولىنى ئىشلىتىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، كاللىسىنى ئىشلىتىۋاتاتتى، قولىدىن كېلىشىچە، چارە-تەدبىر ئويلاۋاتاتتى. بۇ يەردە — ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئون نەچچە كىلومېتىر دائىرىدە — بىرمۇ يەڭگىل ئىش يوق ئىدى، ھەتتا يامغۇردىن پاناھ بولغۇدەك جايمۇ يوق ئىدى. ھەممە يەر سۇ، ھەممە يەر پاتقاق، مۇقىم يولنىڭ تايىنى يوق. نەچچە يۈزلەپ ھارۋا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ ئۈزۈلمەي مېڭىۋاتقاچقا، ئەڭ ياخشى دېيىلگەن يېزا يوللىرىمۇ كاتاڭ ئۈستىگە كاتاڭ بولۇپ كەتكەنىدى، شاخ-شۇمبا توشۇلۇۋاتقان ئېقىن ۋە لايلاتمىلار خۇددى تراكتور بىلەن تىلغىغاندەك ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ كەتكەنىدى. ھارۋا تۈگۈل يايتاق ئۇلاغنىڭ ئىتتىكرەك مېڭىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق ئىكەن، شاخلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزگىلى بولارمۇ؟

جاۋاب بىرلا: بولمايدۇ!

ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

يەنىلا ئەقىل-پاراسەت كارغا كەلدى: بەزىلەر شاخنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ بىر باغلام-بىر باغلامدىن سۆرەپ، بەلگىلەنگەن يول بىلەن ماڭسا، يەنە بەزىلەر ھارۋىسىنى دەريا بويىغىچە ھەيدەپ كېلىپ، شاخنى چۈشۈرەتتى-دە، ئارغامچا، تانا، ھەتتا سىملار بىلەن چېتىپ باغلاپ، سال شەكلىگە كەلتۈرۈپ، بىر چېتىگە ئېسىلىۋېلىپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بېرەتتى. چوڭقۇر ئېقىنلاردا شاخ ئۇلارنى سۆرىسە، دۆڭ تارامىلاردا ئۇلار شاخنى سۆرەيتتى. بۇ خىل تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئۈنۈمى خېلى ئوبدان بولدى. لېكىن، خەتىرىمۇ ئاز بولمىدى...

ئەڭ ئاخىرقى بىر ھارۋا شاخ-شۇمبا بىنام كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، 29-چېسلا ئەتىگەن سائەت بىرگە يېقىنلاشقانىدى.

شۇ كۈنى كەچكىچە يامغۇر توختىمىدى. سۇمۇ ئۈزلۈكسىز ئۇلغايدى...

* *

30-چېسلا ھاۋا بىرئاز ئېچىلىپ، ئالا بۆرەك بولدى، ئارىلاپ-ئارىلاپ يامغۇرمۇ يېغىپ تۇردى. كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن سۇنىڭ شارقىرىشىغا ئايروپىلان ماتورىنىڭ گۈرىگەن ئاۋازى قوشۇلدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراشتى، بەزىلەرنىڭ قولى ئىشتىن توختىدى. بىنام ئاسمىنىدا بىر نەچچە تىك ئۇچار ئايروپىلان پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بۇ بىر يېڭىلىق ئىدى. بولۇپمۇ تىك ئۇچار ئايروپىلاننى كىنو ئېكرانلىرىدىلا ئانچە-مۇنچە كۆرۈپ قالغان دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

— ئايروپىلان كەلدى!

ـــ قېنى... قېنى...؟

ـــ ئەنە، كۆرمىدىڭلىمۇ؟

ـــ ھە، كۆردۈم...

ـــ يىڭناغۇچقىلا ئوخشايدىكەنغۇ!

ـــ نەگەر قونار؟

ـــ ناھىيىگە قونارمىكىن...

ـــ ناھىيىدە ئايرودروم بولمىسا...

ـــ مىشەگە قونىدىغان ئوخشايدۇ!

ـــ ماڭە، بۇ يەرگە قونسا يېتىپ قالمامدا؟...

ـــ قاراپتۇر، يېتىش-پاتماسلىقىنى ھېلى كۆرۈمىز...

دېھقانلار مۇشۇنداق بەھىس قىلىشىۋاتقاندا، ئايروپىلان ئاستا-ئاستا پەسلەپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى يار ئېتىۋاتقان جاينىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە بوشلۇققا قوندى ۋە ھايال ئۆتمەي ئىشكى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى لى شۇشەن بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش ئۇيغۇر مىنوپ، ۋالىي ئابدۇغۇپۇر سىدىق، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىي قاتارلىق يولداشلار چىقىپ كەلدى. ئۇلارنى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى.

يولداش لى شۇشەن، ئۇيغۇر مىنوپ قاتارلىقلار نەق مەيداننى كۆردى. ئاممىا بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئۇققۇشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نامىدىن شىكەر كۆل مۇداپىئەسىگە ئىشلەۋاتقان كوماندىر-جەڭچى، يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى ۋە دېھقان قېرىنداشلاردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇلارنى تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

شۇ كۈنى پەيزىۋات ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ليۇ يۇڭچاڭنىڭ خوتۇنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يېڭىشەھەردىكى 12-دوختۇرخانىسىدا جان ئۈزگەنىدى. ليۇ يۇڭچاڭ ئىرىكلەرنىڭ غېمىنى يەپ، ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى.

شۇ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم لى شۇشەن، ئۇيغۇر مىنوپلارنىڭ قاتنىششىدا يىغىن ئېچىپ، شىكەركۆلنى مۇداپىئە قىلىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى ۋە كونكرېت قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىشتى.

.........

31-چېسلا ئەتىگەن سائەت 2 دە لى شۇشەن، ئۇيغۇر مىنوپلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا تېلېفون بېرىپ، شىكەر كۆل مۇداپىئەسىنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالى ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ شىكەركۆل مۇداپىئەسىنىڭ مۇندىن كېيىنكى قەدەم-باسقۇچلىرى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىسىنىڭ روھى ۋە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 7.45 دە يېڭىشەھەردە تۇرۇش-

www.uyghurkitap.com



لۇق مەلۇم تەلىم-تەربىيە تۈەنىنىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى جاڭ خۇڭ 150 نەپەر كوماندىر-جەڭچىنى باشلاپ، بىنام كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتى.

شۇ كۈنى كۈندۈز سائەت 12 دە يەكەندە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ كۆۋرۈك ياساش لىيەنى جىددىي بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى ۋە 15 مىنۇت ئىچىدىلا تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ، پىششىق ئالدىدا تۇرغان تاماق-سەيلىرىنىمۇ قازانىدا قالدۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ماتورلۇق قېيىق، رېزىنكە قولۋاقلارنى ئېلىۋالغانىدى. سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپلا، سۇ ئۈستى ترانسپورت ئەترىتى، سۇدىن قۇتقۇزۇش ئەترىتى، بىخەتەرلىكنى ساقلاش ئەترىتى تەشكىل قىلدى ۋە بىنامدىكى ئىش ئورنىغا يېتىپ بېرىپلا، جىددىي كۈرەشكە ئاتلاندى.

شۇ كۈنى 2 مىڭ ھارۋا شاخ-شۇمبا يار ئېغىزىغا بىھۇدە يەم بولۇپ كەتتى. ئەگەر جىددىي تۇتۇش قىلىنمىسا، خەۋپنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەتىگەن سائەت 7 دە مامۇت ئىسمائىل تېلېفوندا پەيزىۋات، قىزىلبوي، شاپتۇل، خۇشئابات، قىزىلسۇ ۋە تېرىم يېزىلىرىغا 2100 ھارۋا شاخ-شۇمبا تەييارلاپ، ئەتە (8-ئاينىڭ 1-كۈنى) تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن بىنامدىكى ئىش ئورنىغا يەتكۈزۈپ بولۇشنى بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11.50 دە موسا قۇربان ۋىلايەتلىك قوماندانلىق شتابىغا جىددىي تېلېفون بېرىپ، شىكەركۆلدىن سېكۇنتىغا 47 كۇب مېتىر ئەتراپىدا سۇ چىقىۋاتقانلىقى؛ بۇ سۇ ئۆردەكلىك يېزىسىنىڭ 6-كەنتىنى بېسىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى.

شۇ كۈنى كېچە سائەت 10 دا ئۈچ نەپەر بىگتۈەن جەڭچىسى بىنام كەنتىدىن ئون كىلومېتىر يىراقتىكى پاتقاقلىقتا ئېزىپ قېلىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. بەختكە يارىشا ئابدۇقىيۇم، مامۇت غوپۇرلار ئۇلارنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇردى.

شۇ كۈنى 24 سائەت ئىچىدە ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابى 50 قېتىمدىن ئارتۇق تېلېفون قوبۇل قىلدى. بۇلارنىڭ بەزىسى ھەرقايسى يېزا-كەنتلەردىن، بەزىسى ۋىلايەتلىك قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەنىدى. ھەممىسى ئەنسىزلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ئادەمنى خۇش قىلىدىغان بىرەرمۇ خەۋەر يوق ئىدى!

شۇ كۈنى پەيزىۋات ناھىيىسى مەسئۇل بولغان سەككىز يار ئېغىزى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ بولغان بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: ئەسلىدە ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرى «1-ئاۋغۇست» كۈنى يارنى ئېتىپ بولۇشنى پىلانلىغانىدى. بىراق، يۇقىرىدىكى يار ئېغىزلىرىنىڭ ئېتىلىپ بولۇشى بىلەن تەڭ، سۇنىڭ بېسىم كۈچى ئۇلار ئىشلەۋاتقان جايغا مەركەزلىشىپ، ئېتىلىپ بولغان بىر قىسىم جايىنى سۆرەپ كەتتى. بۇ ۋەقە ھەممە ئادەمنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ۋەقەدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەر خەۋەر تېپىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا جىددىي يوليورۇق بەردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە

قىلدى. يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، يېڭى قارار ماقۇللىدى. پەيزىۋات ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابى جىددىي يىغىن ئېچىپ، بۇ قارارنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەتىدىن باشلاپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى توشۇشتىن بۆلەك ھېچقانداق ئىشقا سېلىنماسلىقى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىنىڭ دەرھال ئىش مەيدانىغا يېتىپ بېرىشى، بۆلۈم، كومىتېت، ئىدارە، مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن 20 كىشىنىڭ ئەتىدىن باشلاپ ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قىسقىسى، تەبىئەتنىڭ شېكەركۆل سۇ ئامبىرىغا ئۈزلۈكسىز سېلىۋاتقان تەھدىتى ھەممە ئادەمنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى. پەيزىۋات ناھىيىسى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى كېچە-كۈندۈز شېكەركۆلنىڭ، ياق، شېكەركۆل ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بالايىئاپەتنىڭ ۋە شۇ بالايىئاپەتنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان نەچچە 100 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غېمىنى يېمەكتە ئىدى!...

## ئىتتىپاقلىق توغىنى

بۈگۈن — 8-ئاينىڭ 1-كۈنى تولىمۇ خاسىيەتلىك كۈن بولدى.

بۈگۈن بۇ يەردە سۇ ئەجدىھاسى بىلەن تىنىماي كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتقان كوماندىر-جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ شانلىق بايرىمىنى غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن قارشى ئالماقچى!

بۈگۈن بۇ يەردە خەلق ئۆز ئارمىيىسى بىلەن بىللە ئاخىرقى جەڭگە قاتنىشىپ، قىزىل دەريا توغىنىغا ئىتتىپاقلىقنىڭ ئالتۇن مۇنارىسىنى تىكلىمەكچى!

بۈگۈن بۇ يەردە ئارمىيە بىلەن خەلق، ۋىلايەت بىلەن ناھىيە بىرلىشىپ، كىشىلەرنى ئاپەت گىردابىغا سۆرەپ كېتىۋاتقان تەلۋە يار ئېغىزىغا بىرلەشمە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى سالتەنەت بىلەن باسماقچى!...

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈن بۇ يەر — ئەڭ ئاخىرقى ئاپەت مەنبەسى — بىنام كەنتى ئۆدۈلىدىكى يار ئېغىزىنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

بۈگۈن بۇ يەردە ئاپتونوم رايوندىن ئۇيغۇر مىنوپ، ۋىلايەتتىن شۈي شياۋچىڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، شىڭ ۋېيۋېن قاتارلىق يولداشلار نەق مەيداندا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. قارار بويىچە يار ئېغىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئارمىيە بىلەن بىڭتۇەن، شىمال تەرىپىدىن يەرلىك خەلق ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. يەرلىككە مامۇت ئىسمائىل، ۋېي جىڭسەن ۋە ئوبۇل ئەمەتلەر مەسئۇل قىلىنغانىدى. ھەرقايسى كەنتلەردىن شاخ-شۇمبا توشۇۋاتقانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر بۇ يەرگە 3 مىڭغا يېقىن ئەزىمەت جەم بولغانىدى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ جايدا داغدۇغىلىق قەسەمىيات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن خەلق قەلبىنىڭ ئارمىيە قەلبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن، كىشىلەر قەلبىنىڭ پارتىيە قەلبى بىلەن بىردەكلىكىنى نامايان قىلدى!

قەسەمىيات يىغىنىدىن كېيىن يار ئېغىزىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى: ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئالدىراش بۆرە بۇقا ياسايتتى، يېقىن ئەتراپ پۈتۈنلەي ئوماچتەك سۈيۈق پاتقاق بولغاچ، يىراق-يىراقلاردىن چىپتىلارغا بەز لاي قاچىلاپ، يار بېشىغا يۈدۈپ توشۇيتتى، پۇت-قوللىرىنى زىدە قىلىپ سىم تور توقۇيتتى. يەرلىك خەلق بولسا، بويلا ئېشىپ، تۇرمەل تۇرەتتى. ھاۋزا① ياسايتتى، قوزۇق ئۇشلايتتى...

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئاما بىلەن بىللە تۇرۇپ يار ئېتىشكە قوماندانلىق قىلىشى كۆپچىلىكنىڭ غەيرىتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇۋەتكەنىدى. ھاۋا ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ جاڭ پەيجاۋ گۇرۇپپىسى ھەيدىگەن تىك ئۇچار ئايروپىلانىنىڭ دەم بىنام كەنتىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىش مەيدانىدىكى كىچىككىنە بوشلۇققا قونۇشى، دەم ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، بىنام كەنتىدە پەيدا بولۇشى بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى گويا رىۋايەتلەردىكىدەك سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەن بولسا، تىنىمسىز ئىشلەۋاتقان سىمسىز تېلېفوندىن ئاڭلىنىۋاتقان جىددىي بۇيرۇق ۋە يېڭى-يېڭى مەلۇماتلار بۇ يەرنى گويا شىددەتلىك جەڭ مەيدانىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى...

«يىغىن» دېسە، كۆپ ھاللاردا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئازادە ئىشخانا ياكى زاللاردا سىپايە قىياپەتتە سۆزلەۋاتقان بىرسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇشقان بىر توپ ئادەمنىڭ زېرىكىشلىك قىياپىتى كېلىدۇ. بەزىدە، ئاساسلىق رەھبەر يېتىپ كەلگۈچە، ئۇنى بىرەر سائەت كۈتۈدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، سۆزلىنىدىغان نۇتۇقلارنىڭ تېكىستلىرى كاتىپلار تەرىپىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بولىدۇ ياكى ناتىق سىستېمىلىق، رەتلىك سۆزلەش كويىدا بىر مۇنچە زورىقىدۇ. لېكىن، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى بۇ يەردە — دېڭىزغا ئوخشاش تىنىمسىز چايقىلىپ، گۈركىرەپ تۇرغان مۇشۇ يەردە — تىزىغىچە سۇ ياكى پاتقاق ئىچىدە تۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم يىغىن ئاچتى. يىغىننىڭ ئېچىلغان ئورنى مۇشۇنداق «ناباب» بولۇشىغا قارىماي، مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدىن بىرى مۇھىم بولدى. بۈگۈنكى باش قوشۇش يىغىنىمۇ ئەنە شۇنداق يىغىنلارنىڭ بىرى: ئۇيغۇر مىنوپ، شۇ شياۋچىڭلار ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، ماموت ئىسمائىل:

— شېكەركۆل ۋىلايەتنىڭ بولغىنى بىلەن، يار ئېلىپ كەتسە، بارلىق زىيان ناھىيىمىزگە بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئارمىيە، يەنە بىر تەرەپتىن بىڭتۇەن ياردەم قىلىۋاتسا، يارنى بىز ئەتمەي كىم ئېتىدۇ!؟ ھەممە چىقىمنى ۋىلايەت ئۈستىگە ئالغاندىكىن، ئارمىيىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، ۋەزىپىنى پۈتۈنلەي بىزگە يۈكلىسىمۇ پىكرىمىز يوق ئىدى. ئاڭلىساق، ئارمىيە بىزنى خاتىرجەم ھېيت ئوينىۋالسۇن، دەۋېتىپتۇ. قۇربان ھېيتقا تېخى بەش-ئالتە كۈن بار. بۈگۈن ئارمىيە بايرىمى تۇرۇقلۇق ئۇلار مۇشۇنداق جان

① ھاۋزا — بىر ئۇچى كەڭ، بىر ئۇچى تار قىلىپ ياسالغان شوتا شەكىللىك جابدۇق. ئۇنىڭ مۇ ئىچىگە ئورنىتىلغان تار ئۇچى قوزۇققا ئىلىپ قويۇلىدۇ. قوزۇق ئولتۇرۇشتا نېرى ئۇنىمۇ پەسلەيدۇ.

تىكىپ ئىشلەۋاتسا، بىر قاراپ تۇرالامدۇق!...

ۋېي جىگىشەن، ئۇبۇل ئەمەتلەرمۇ مامۇت ئىسمائىلنىڭ سۆزىنى قوللىدى. شۇي-شياۋچىڭ مامۇت ئىسمائىلنىڭ مۇرىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەپسىلەر، دېھقانلارنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن! — دېدى ۋە بىر ئەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك سورىدى، — ئادەملەرنى ھەممە يېزىدىن ئاجراتتىڭلارمۇ، يا؟ ...

— ياق، ھەممىدىن ئەمەس، پەقەت خۇشئاۋاتتىن 1100، قىزىلسۇ يېزىسىدىن 300 ئادەم ئاجراتتۇق ...

مامۇت ئىسمائىلنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىن، يەنە بىرەيلەن سورىدى:

— نېمىشقا باشقا يېزىلاردىن ئاجراتمىدىڭلار؟

— ھەممە يېزىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار، — دېدى مامۇت ئىسمائىل ئىدىتلىق سۆزلەپ، — بەزىلەر دامبىغا ئىشلىسە، بەزىلەر ھەر يەردىكى يار ئېغىزلىرىنى ئېتىۋاتىدۇ. خۇشئابات بىلەن قىزىلسۇ بۇ يەرگە يېقىن، كېچە-كۈندۈز ئىشلەشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئۆۋەتلىشىپ ئۆيلىرىدە يېتىپ قوپالايدۇ. تاماقتىمۇ قىينالمايدۇ. شۇڭا، ئۇقتۇرۇشتىن خەۋەر تېپىپلا تېنى ساق، كۈچ-قۇۋۋىتى بار ئادەملەر بەس-بەس بىلەن ئۆزىنى تىزىملىتىپتۇ، شۇنداققۇ؟

— ھەئە، — مامۇت غوپۇر بىلەن ئابدۇھېلىم ئابدۇراخمان تەڭلا جاۋاب بەردى، — ھېچكىمنى مەجبۇرلىمىدۇق.

كىمدۇر بىرەيلەن گەپ قىستۇردى.

— ناھىيە بويىچە 150 نەپەر خەلق ئەسكىرىمۇ سەپەرۋەر قىلىندى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزالىرى.

— ياخشى ...

— ئەتراپلىق ئويلاپسىلەر...

— .......

رەھبەرلەرنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەگىدى. گەپ ئارىسىدا مامۇت غوپۇر يار ئېغىزىغا چۈشۈپ، چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ چىققانىدى. ئۇيغۇر مىنوپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قانداق؟ ئېتەلەيدىغاندەك تۇرامسىلەر؟

— ئېتىمىز، ئەتمەي!... ھېلىغۇ ئارمىيە ياردەملىشىۋاتىدۇ، ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇلسىمۇ، دېگەن مۆھلەتتە ئېتىپ بولىمىز!

— بەش كۈندە ئېتىپ بولالامسىلەر؟

— ئۇنچە كەتمەيدۇ، ئۈچ كۈندە ئېتىپ بولىمىز!

— راستمۇ؟!

ئابدۇغوپۇر سىدىق بىلەن شىڭ ۋېيۋېن تەڭلا سورىغانىدى، مامۇت غوپۇر شىڭ ۋېيۋېنگە قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— راست بولماي! ... — دېدى كەسكىن ھالدا، شىك ۋېيۋېن ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى، مامۇت غوپۇر ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالغانىدى، شۇڭا گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاق تەلەپپۇزىدا تۈگەتتى، — ئەگەر سىزلا قوماندانلىق قىلىدىغان بولسىڭىز، چوقۇم ئېتىپ بولىمىز! ...

— ئۈچ كۈندە ئەمەس، تۆت كۈندە ئېتىپ بولالىسىڭىزمۇ، سىزنى مانا بۇنداق بىلەن مۇكاپاتلايمىز، — دەپ ئۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى شۇي شياۋچىڭ.

مامۇت غوپۇر ئۇنىڭ ئۈچ بارمىقىنىڭ 3 يۈز يۈەنگە ياكى 3 مىڭ يۈەنگە ئىشارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ - چۈشەنمەيلا:

— شۇجى، سىز مېنى بۇ يەرگە پۇل تاپقىلى كەلدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭ! — دېدى جىددىي قىياپەتتە، ئۇنىڭ يىرىك ساقال باسقان قىپقىزىل يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى، — ھازىر پۇل تاپماقتىن ئاسان ئىش يوق ... ئەگەر پۇل تاپىمەن دەيدىغان بولسام، بۇ يەردە نېمىش قىلىمەن؟! مەن بۇ يەرگە پەقەت يۇرتىمىزنى ئاپەتتىن قوغداش ئۈچۈنلا كەلدىم! — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاقچاقا يۆلەپ تۈگەتتى، — ھىم ... يەنە مۇكاپات - پۇكاپاتنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن جۇمۇ! ...

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى...

— ... ...

ئۆرە تۇرۇپلا ئېچىلغان بۇ «يىغىن» ئون مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى. ۋىلايەت بىلەن ناھىيىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يارنى تۆت كۈن ئىچىدە ئېتىپ بولۇش قارار قىلىندى ...

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جىددىي خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، لى شۈشەن، ئۇيغۇر مىنوپلارنىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان دوكلاتىنى مۇھاكىمە قىلدى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش ئورنى، مالىيە نازارىتى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى شېكەركۆل مۇداپىئەسىگە سەرپ قىلىش ئۈچۈن 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاجراتقان 400 مىڭ يۈەننىڭ ئۈستىگە يەنە 500 مىڭ يۈەن پۇل قوشۇپ بەردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4.30 دە يولداش شۇي شياۋچىڭ مامۇت ئىسمائىل بىلەن نۆۋەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتى. ھازىرقى جىددىي مەسىلە يەنىلا شاخ - شۇمبا مەسىلىسى ئىدى: نەچچە يۈز چېپتا توپا، 4000 باغقا يېقىن شاخ - شۇمبا يار ئېغىزىغا بېسىلىپ، يار ئېغىزى خېلىلا قورۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سۇ تېخىچە ئەسلى قىنىغا يانمىغانىدى. ئەگەر قالغان 300 ھارۋىدەك شاخ - شۇمبا ھازىرقى سۈرئەت بىلەن ئىشلىتىلىدىغان بولسا، يەنە بىرنەچچە سائەتلا يېتەتتى. سۇ بولسا، داۋاملىق بەگباشلىقىنى قىلىۋېرەتتى. يامغۇر كەلسە، بەش كۈندىن بۇيان يار ئېغىزىغا بېسىلغان تۈرمەل ۋە بۆرە بۇقىلارنى سۈرەپ كېتىش خەۋپىمۇ بار

ئىدى. باش قاشلىغىلى چولا بولمىغان مۇشۇ شارائىتتا، مەجلىس ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرۇش — ۋاقىتنى ئۆتتۈرۈۋېتىش، ئاپەتكە يول بېرىش دېگەن گەپ ئىدى. مامۇت ئىسمائىل قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى موللايوپ بىلەن مامۇت غوپۇرنى چاقىرىتىپ، موللايوپقا 2000 باغ، مامۇت غوپۇرغا 1000 باغ شاخ-شۇمبا تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

— ئەتە چۈشتىن بۇرۇن، شاخ-شۇمبىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا توشۇپ بولالمىساڭلار، كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئىككىڭلار مەسئۇل! — دېدى ئۇ كېسىپ.

— ئىلگىرىكىدەك، ئاۋۋال قوم قوتان بىلەن بىنادىغا يىغىپ، ئاندىن يار بېشىغا يۆتكەمدۇق؟

— ياق. ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە ئەپكېلىسىلەر، — مامۇت ئىسمائىل يار بېشىنى ئىشارەت قىلدى، — ھەرقايسى يېزا ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى توشۇيدۇ. قانداق توشۇشنى ئۆزۆڭلار بەلگىلەڭلار. خەتەرلىك ئېقىن، لايلاتمىلارغا مەخسۇس ئادەم توختىتىپ، ئېقىپ كېتىش، ئېزىپ كېتىش، چۆكۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار! ...

مامۇت غوپۇر بىلەن موللايوپ دەرھال ئۆز يېزىلىرىغا قايتتى.

بۇ كەچ سائەت ئالتە بولغان چاغ ئىدى...

كۈن ئولتۇرغان چاغدا، دەريا سۈيى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، ئىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا توغرا كەلدى. كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ تامىقى بېسىلغان كېمە يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قالغانلىقتىن، ئۇلار 36 سائەت غىزاسىز قالدى ...

كېچە بەكمۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتتى: 3 مىڭ ھارۋا شاخ-شۇمبىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يار بېشىغا يەتكۈزۈپ بولۇش ئۇنچىلا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ يۈكى بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىنى دېمىگەندىمۇ، كېچىچە سۇ كېچىپ، پاتقاقتا پېتىپ شاخ توشۇش ئادەملەرنىڭ يىلىكىنى ئۈزۈۋېتەتتى. لېكىن، دېھقانلار بېشى ئۈستىدە قازايى مۇئەللەقتەك تىكىلىپ تۇرغان ئاپەت ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ دەمسىز؟!

ئۇلار پۈتۈن بىر كېچە ئېلىشتى! ئۇيقۇ بىلەن ئېلىشتى، سۇ بىلەن ئېلىشتى، پاتقاق بىلەن ئېلىشتى! ئېلىشا-ئېلىشا، غەلىبە بىلەن سۈزۈك تاڭنى كۈتۈۋالدى!...

* *

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەندىلا ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. ھاۋانىڭ ئېچىلغىنىغۇ ئوبدان ئىش، ئەمما سۇنىڭ ئۆلغىيىپ كەتكىنى يامان بولدى. تۈنۈگۈن كېچە سائەت 9 دا مامۇت ئىسمائىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 64.6 سېكۇنت-كۇب مېتر سۇ شارقىرىما زاكۇ ئارقىلىق تارماق ئۆستەڭلەرگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، يار ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقان سۇ يەنىلا جىق ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ قورۇلۇپ-تارىيىشى نەتىجىسىدە، ئېقىش تېزلىكى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى، لېكىن، شۇنىڭغا بېقىپ، ئادەملەرنىڭ غەيرىتىمۇ تازا ئۇرغۇدى!

قارالىڭ، ئەنە ئاۋۇ ۋىجىككىنە، ئۆچكە ساقال بوۋاينىڭ غەيرىتىگە! ئۇنى بۇ يەرگە ھېچكىم چاقىرمىغان، ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ تەۋرەپ يار ئېتىشكە كەتكىنىنى كۆرۈپ،

ئۆيىدە ئولتۇرالماي ئۆزى كەلگەن! ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھېلى بىر نېمىدەپ مەسلىھەت كۆرسەتسە، ھېلى بىرەر ئىشقا ئارىلىشاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ قوزۇق قېقىپ باققۇسى كېلىپ، ھاۋزىغا چىققىنى-يۇ، توقماق يەڭدەپ كېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتتى. كۆپچىلىك ساراسىمىگە چۈشكەن چاغدا، ئۇ سۇدىن ئۆزۈپ چىقىپ:

— ئەنسىرىمەڭلار، يار ئېغىزى ئېتىلىپ بولمىغۇچە خۇدايىم جېنىمنى ئالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ كۈلۈپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ چاقچىقى كۆپچىلىكنى «پاراققىدە» كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئابدۇللا ئاكا، — دېدى بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ، — يا بۇ ھەربىيلەرنىڭ كېيىمىنى ئۇقمىسلا، قېرىغان چاغلىرىدا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالسىلا بولمامدۇ؟

— شۇنى دەڭلا، — دېدى يەنە بىرسى قوشۇمچە قىلىپ، — ئابدۇللا ئاكا، بىزدەك يىگىتلەرنىڭ غونانى تۇرغان يەردە، سىلىگە نېمە ئاۋارىچىلىق! بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، قانداق بولىدۇ؟

— ئەگەر مەنلا ئۆلۈپ، مەندىن بۆلەك ئادەملەر، تىلسىز جانلىقلار تىرىك قالسىلا ئارمىنىم يوق! — 60 ياشتىن ھالقىغان ئابدۇللا تۇردى تەن بەرمىدى، — سىلەر بىلمەيسىلەر، بىز ياپالتوغراقلىقلار سۇنىڭ دېشۋارچىلىقىنى تولا تارتىپ يۈرىكىمىزنىڭ ئەستىرى قالمىغان...

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىرىق يىلدىن بۇيان، مۇشۇ يۇرتنى ئۈچ قېتىم سۇ بېسىپ، ئۈچ قېتىم ئەل كۆچۈپتۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن بىر قېتىم كەلگەن سەلپىتە مۇشۇ ئەتراپ ئادەم ۋە ئۇلاغ-ئۇلمەكنىڭ جەسىتى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۆشۈك بىلەن ئېقىپ كەلگەن بالىلارنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقىنىدىن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولمىغاچ، ئاتۇش ۋە پەيزىۋاتنىڭ بىر قىسىم يېزا-كەنتلىرى سۇ ئاستىدا قېلىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئۆلمىگىنى يۇرت-ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ كېتىپتۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىككى قېتىملىق سەلپىتە ھۆكۈمەت جىددىي مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغاچ، زىيان ئۇنچىلا چوڭ بولماپتۇ. ئەينى چاغلاردا ئۇمۇ يار ئېتىشكە قاتناشقانىكەن. بۇ قېتىممۇ «قاتاردىن قالغۇسى كەلمەي» بۇ يەرگە كېلىۋاپتۇ...

— ئاپتونوم رايوننىڭ، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى بىزنى دەپ مۇشۇنداق جاپا چېكىۋاتسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن؟ — دېدى ئۇ، بېلىگىچە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەيۋاتقان ئۇيغۇر مىنوپىنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — مەن يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولغان ئادەم. مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭلار، كۈچۈڭلىنى ئايىماي، تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەڭلار!...

ئازادلىق ئارمىيە ۋە بىڭتۇەن جەڭچىلىرىگە ياردەملىشىپ تۇرمەل تۇرۇۋش، قوزۇق قېقىشقا ئاجرىتىلغان 80 نەپەر قىران دېھقان يىگىتى تېخىمۇ جان تىكىپ ئىشلەشكە باشلىدى. جەڭچىلەرنىڭ خەنزۇ تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دەپ بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىشلى-

رىگە ئابدۇللا تۇردى، مۇھەممەت سەلەي قاتارلىق مويسىپىتلەرنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلدى:

— قېنى، ھە، ئوغۇل باللار، تەك كۆچەكلار!

... — ئېغىنىتقۇنى① جىقراق سېلەڭلار!

— تازا چىڭداڭلار!

— ئارىسى كاۋاك بولۇپ قالمىسۇن!

— ھە ـ ھە، مۇردەڭلار!

— ھەببەللى! ...

تۇرمەل تۇرۇش دەمسىز، قوزۇق قېقىش دەمسىز، بۆرە بۇقا ياساش، توپا توشۇش، شاخ توشۇش ... دەمسىز، ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن ئېغىر، بىر ـ بىرىدىن جاپالىق ئىشلار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھەممە ئادەم تالىشىپ ئىشلەيتتى. بىر ـ بىرىگە بەس سالىدىغان ئەھۋاللارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايتتى، مەسىلەن ئېيتايلۇق، بىر تونىدىن كۆپ جىگدە شېخىنى ئۇزۇنلۇقى 20 مېتر، دىئامېتىرى 5 مېتر كەلگۈدەك چوڭلۇقتا باغلاش ئوڭاي ئىشمۇ؟ دەسسەپ تۇرغۇدەك يەر بولمىغانلىقتىن، پاتقاقلىقتا قاتار ياتقۇزۇلغان ياغاچلار ئۈستىگە ئۆلچەمدىكى شاخنى يېيىپ، ئاندىن ئۇنى قول بىلەن يۇمۇلىتىپ، مۇرىسى بىلەن مۇردەپ يۇپيۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرگىچە قانچىلىك ئادەمنىڭ قول ۋە يالىڭاچ بەدەنلىرىگە شوخا سانچىلىپ، قانچىلىك قېنى ئاققانلىقىنى قىياس قىلىپ بېقىڭچۇ! 5 ـ 6 مېتر ئېگىزلىكتىكى لىڭشىپ تۇرۇدىغان ھاۋزا ئۈستىدە تۇرۇپ، 70 نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتىكى توقماقنى بىر تۇرۇشقا 60 — 70 قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قوزۇققا ئۇرۇش ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشمۇ؟ يۈز نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتا توپا قاچىلانغان چىپتىلارنى يۈدۈپ، كۆنبويى پايپاسلاپ مېڭىشنى ئوڭاي ئىش دەمسىز!؟ ياق، بۇ يەردە بىرمۇ ئوڭاي ئىش يوق!

ئەمىسە، ئۇلار نېمانچە كۆچەپ ئىشلەيدۇ؟

بۇ سوئالغا ئابدۇللا تۇردى ئاكىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدىن توغرىراق جاۋاب تاپقىلى بولمىسا كېرەك!

................................................

كۈن ـ چۈشتىن ئۆتكەندە، ئىش تېخىمۇ قىزىپ كەتتى: ياپالتوغراق كەنتىدىن ئەمەت قاۋۇل، ھاشىم ياسىن قاتارلىق ئەزىمەتلەر بىر قېتىمدا 70 توقماق ئۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئوپېراتور ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتلىرى كەچكىچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمىدى. 1 ـ لىيەننىڭ جەڭچىسى جى يىڭ توپا قاچىلانغان چىپتىنى يۈدۈپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، مۇرىسى شەلۋەرەپ كەتكەن بولسىمۇ پىسەنت قىلماي، سەپداشلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى. كۆۋرۈك ياساش لىيەنىنىڭ جەڭچىسى چېن مەنخۇڭنىڭ ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ، قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، قولۋاق ھەيدەپ نەرسە ـ كېرەك توشۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەمما بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ

① ئېغىنىتقۇ — ئېغىرلاتقۇنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. ئادەتتە، تۇرمەلنىڭ ئارىسىغا چىپتىغا قاچىلانغان توپا ياكى تاش، چىم قاتارلىقلار ئېلىنىدۇ. يەرلىك ئاھالە بۇنى «ئېغىنىتقۇ» دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئارقا-ئارقىدىن يۈز بىرىپ تۇردى: ئىمىن ماموت، بارات سەلەيلەرنى سۇ ئېقىتىپ كې-
تىپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى قۇتقۇزۇۋالدى، ئەخەم تۇردى تۇرمەل ئاستىغا
كىرىپ كەتكەن جەڭچىنى سۇزۇۋالىمەن دەپ، هاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى...

ئادەملەر قانچە ئالدىرىغانسىرى، ۋاقىتمۇ شۇنچە ئالدىرايتتى. هەر نىمىدىگەن
بىلەن، بۈگۈن ھەربىيلەر ئىككى تونىنا ئېغىرلىقتىكى بوۋرە بۇقىدىن ئۈچنى پۈتكۈردى.
دېھقانلارمۇ 20 نەچچە تۇرمەل تۇرۇپ، بىر قىسمىنى يار ئېغىزىغا سالدى. ئېغىز تېخى-
مۇ تارىيىپ، سۇنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئۇلغايدى. مۇشۇ پەيتتە، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق
توپچىلار تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭى ۋاڭ جىلىن جەڭچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرىنچى بۆ-
رە بۇقىنى تېگىشلىك جايغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورناتتى. ئىككىنچىسى سۇغا چۆشۈرۈلگەن-
دە، كۈچلۈك ئېقىن ئۇنى سۆرەپ كېتىپ، بەلگىلەنگەن جايدا توختىمىدى. لېكىن بۆرە
بۇقىغا باغلانغان ئارغامچىلارنى بىرەر يۈز ئادەم مەھكەپ تارتىپ تۇرغاچ، يەنە
داۋاملىق تۆۋەنگە ئاقالمىدى. سۇ ئۈزۈشكە ماھىر 27 نەپەر جەڭچىدىن تەشكىللەنگەن
پىدائىيلار ئەترىتى دەرهال سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، مىڭ تەسلىكتە بۆرە بۇقىنى سىلا-
جىتىپ، بەلگىلەنگەن جايغا ئورناتتى. ئۈچىنچى بۆرە بۇقا سۇغا چۈشۈرۈلۈپ، ئالدى تەرىپى-
گە تۇرمەل سېلىنىۋاتقاندا، قۇترىغان سۇ تۇرمەلنى «لۆممىدە» كۆتۈرۈپ كەتتى. رازۋېتكا
بەنىنىڭ بەنجاڭى تېڭ لىشىن تۇرمەل ئاستىغا كىرىپ، كېتىپ هاياتىدىن ئايرىلغىلى
تاس قالدى.

شۇنداقتىمۇ، ئازادلىق ئارمىيە ۋە بىڭتۈەن جەڭچىلىرى بۇ بىرنەچچە كۈن-
لۈك جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق، بۈگۈن 17-بۆرە بۇقىنى يار ئېغىزىغا مۇۋەپپەقىيەت-
لىك ئورنىتىپ، كەلكۈن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا هەل قىلغۇچ ئاساس يارىتىپلا
قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن جاندىل بىلەن خىزمەت قىلىشتەك ئالىيجاناب
روھىنى نامايان قىلىپ، ئۇيغۇر دېھقان قېرىنداشلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز
قالدۇردى.

بىراق، يار ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى داۋاملىق قورۇلۇپ كېلىشى سۇ يۈزى-
نى جىددىي ئۆرلىتىپ، ئېقىم تېزلىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. سۇ دەھشەتلىك
قاينام هاسىل قىلىپ، ئۆرىدەپ، تېخى يېڭىلا ئېگىزلەنگەن توغانغا شاۋقۇن سېلىپ
ئۇرۇلاتتى. ئەگەر ئۇدۇللۇق ئېتىلگەن جاينى ئۇدۇللۇق قۇشقۇنداپ-تۇرمىغاندا، قايتى-
دىن يار ئېلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. چۈنكى، هازىر جىمى سۇ 15 مېتىرلا
ئارىلىقتىن ئۆتۈۋاتاتتى. تەلۋە سۇ ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىككى بۆرە بۇقى-
نى بەئەينى غازاڭدەك ئېقىتىپ كەتتى. جەڭچىلەر يەنىلا تەن بەرمەي قاراملىق
بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. بۇ هال ئوبۇل ئەمەت بىلەن ماموت غوپۇرنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ
بىئارام قىلدى. ئۇلار دەسلەپ «چوڭ ئادەملەر» (ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت مەسئۇل-
لىرى) ئالدىدا، كاتىۋاللىق قىلىشتىن ئەيمىنىپ، كۆڭلىدىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشال-
مىدى. شۇ چاغدا بىر قىسىم ئادەملەرگە مەسئۇل بولۇپ جەڭچىلەرگە ياردەم-

① قۇشقۇنداش- ئۇنتىلغان بۆرە بۇقا ياكى تۇرمەلنىڭ كەينى تەرىپىگە توپا تاش يۆلەپ مۇستەھكەملەش.

لىشۋاتقان بىر كەلەت مەسئۇلىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا تۇساتتىن قاشىرىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالغان ئابدۇغوپۇر سىدىق ئۇلى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنىڭ كاللىسىدىن بەزى ئىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقى، بىرەر چاتاق چىقسا، ئۆزىنىڭ جاۋابكارلىقتا تارتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ باش تارتقانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ۋەقە ئوبۇل ئەمەت بىلەن ماموت غوپۇرنىڭ يۈرىكىنى يوقىناتتى. ئۇلار ئابدۇغوپۇر سىدىق، شىڭ ۋېيۋېن، ئابدۇقيۇم مۇھەممەت قاتارلىقلارغا ئۆز پىكىرلىرىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ئەگەر بۇ يەرگە يەنە بۆرە بۇقا سالىدىغان بولساق، چوقۇم چاتاق چىقىدۇ!

— نېمىشقا؟ — ئابدۇقيۇم مۇھەممەت ئالدىرالماي سورىدى.

— نېمىشقا دېسىلىرى، — ئوبۇل ئەمەت ئالدىراپ چۈشەندۈردى، — بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى شور، شۇڭا، چىپتىغا قاچىلىنىپ، بۆرە بۇقىغا چېگىلگەن توپا سۇغا كىرىپلا ئېرىپ، ئېقىپ كېتىدۇ... بۇنداق ئۇسۇل پەقەت پايتىما كۆرۈكنىڭ يۇقىرىسىغىلا باب كېلىدۇ، بۇ يەرگە تۈرمەل تاشلاپ، پېشانىسىغا قوزۇق قېقىشتىن باشقىسى كارغا كەلمەيدۇ!

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر سىدىق ماموت غوپۇرغا قاراپ.

— شۇنداق، — دېدى ماموت غوپۇرمۇ يۇقىرىقى سۆزنى قۇۋۋەتلەپ، — پايتىما كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرىسىدا نېمە تولا؟ تاش تولا. شېغىل بىلەن تاشنى چىپتا، سىم تورنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، بۆرە بۇقىغا چېگىۋېتىدىغان بولسا، ئۇيۇپلا كېتىدۇ، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — ھازىر ئېقىن تېزلىشىپ كەتتى. كېچىچە نېمە بولىدۇ؟ بۇنى تېخى بىلگىلى بولمايدۇ...

ئابدۇغوپۇر سىدىق ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى:

— سىلى ئەمدى يەنە بۆرە بۇقا ئىشلەتمىسەك دېمەكچىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق قىلغان ياخشى، — ماموت غوپۇر بېشى ئۈستىدىلا گۈركىرەۋاتقان تىك ئۇچار ئايروپىلانغا قاراپ قويۇپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى، — بۆرە بۇقا ياساش تۈرمەل تۈرۈشتىن تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېقىنغا چۈشۈرۈپ، دەل جايىدا توختاتماق تېخىمۇ تەس. ناۋادا، بىرەر بۆرە بۇقا ئەجەللىك جايىدا توختىماي قالسا، چوڭراق كېلىشمەسلىك يۈز بېرەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، ھەربىيلەر ئۇ تەرەپتە ئورنىتىلىپ بولغان بۆرە بۇقىلارنىڭ كەينىنى قوشقۇندىسا بىز بۇياندا تۈرمەل تۈرۈپ، ئېقىنغا چۈشۈرۈپ، ماڭلىيىغا قوزۇق ئۇرساقمىكىن، دەيمەن.

ئابدۇقيۇم مۇھەممەت سۆز قاتتى:

— مېنىڭچە، ماموت غوپۇرنىڭ دېگىنى توغرا...

— سۈرئەتكە تەسىر يەتمەسمۇ؟

شىڭ ۋېيۋېننىڭ بۇ سوئالىغا ماموت غوپۇر كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— ياق، قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ!

— تەسىر يەتمىسچۇ؟

— مانا مېنى تۇتىماسىز!... — ماموت غوپۇر قىزىشىپ كەتكەندى، — قېنى، ماڭا بولىدى-

غان ئادەمدىن يۈزنى بۇرىپ، كېتەرلىك شاخ - شۇمبا، قوزۇق، سىم بىلەن تەمىنلەڭ، ئەتە مۇشۇ چاغدا يارنى تۇتاشتۇرمىسام، ماڭا قانداق جازا بەرسىڭىز مەيلى!

بۇ قانداقتۇر پو گەپ پاكى دېھقانلارچە ساددا خىيال ئەمەس ئىدى. بەلكى بىر كوممۇنىستنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنىڭ «تىلى» ۋە مۇشۇ زېمىننىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن قېتىملىق يار ئېتىشلەرگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، يېتەرلىك تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولغان بىر ئاساسىي قاتلام رەھبىرىنىڭ سۆزى، شۇنداقلا قايتا - قايتا ئويلاش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن پىكرى ئىدى. بۇ پىكىرگە سەل قارىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، شۇ يەردىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۇبۇل ئەمەت، ماموت غوپۇرلارنى ئىختىيارىي سۆزلەشكە قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئەستايىدىل قۇلاق سالدى. بەزى ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى كولاپ سورىدى. ئاخىرىدا، شىڭ ۋېيۈېن بىلەن شۇي شياۋچىڭ ئازادلىق ئارمىيە ھەم بىڭتۇەن مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەتتى.

جەڭ داۋاملىشىۋاتاتتى. قېرىشقاندەك، كۈن نۇرى ئەتراپنى تونۇردەك قىزىتىپ، يېلىنجاپ تۇراتتى! يالىڭاچ تېنى ئاپتاپتا كۆيۈپ، كۆسەيدەك قارىداپ، بېلىق تېرىسىدەك قاسراقلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى چىپتىنى تېشىپ ئۈچىسىغا كىيىۋالغان؛ بەزىلىرى چىپتىنى كېسىپ پۇتىغا ئوۋرىۋالغانىدى. مۇنداق قىلغاندا، بىرى، ئاپتاپتىن پاناھلانغىلى بولاتتى ھەمدە تۇرمەلنى مۈرىدىگەندە، بەدەننىڭ ئازراق زەخمىلىنىشىگە پايدىسى تېگەتتى. يەنە بىرى، كەش كىيىپ تۇرۇپ ئىشلەش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تۇرمەلنى دەسسەپ چىڭداشتا كۈچىگىلى ھەم پۇتقا شوخا كىرىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. مۇنداق «كىيىنىۋالغان» لار ئىچىدە جەڭچىلەرمۇ، دېھقانلارمۇ، رەھبىرىي كادىرلارمۇ بار ئىدى. بۇنداق «كىيىنىش» قىلچە غەلىتە تۇيۇلمايتتى. چۈنكى بۇ، ھازىرقى مۇشۇ شارائىتتا، ئىشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، سالامەتلىكنى ئاسراشتا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

بەلكى سىز بىرەر ئادەمنىڭ شاپاقتا چاي قۇيۇپ ئىچكىنىنى كۆرۈپ قالسىڭىز، چوقۇم زاڭلىق ئېتىپ كۈلەرسىز؟ كۈلمەڭ! بۇ جاينىڭ ھەممە يېرى سۇ، ھەممە يېرى پاتقاق ئىكەنلىكىنى باشتىلا سەمىڭىزگە سېلىپ ئۆتكەنىدۇق. شۇڭا، بۇ يەردە ئوچاق ئېسىپ ئوت قالاشمۇ، قازان ئېسىپ چاي قاينىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئادەم بالىسى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن، ئاجايىپ - غارايىپ چارە - ئۇسۇللارنى ئويلاپ تاپالايدۇ! قىلىراڭ، ئاۋۇ كۆركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتلارغا ۋە بېنزىن تۇڭلىرىدا پورۇقلاپ قايناۋاتقان سۇلارغا ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى تىزغا چىققۇدەك پاتقاقلىققا!

بۇ بىر مۆجىزىغۇ؟

شۇنداق، بۇ بىر مۆجىزە، شۇنداقلا ئەڭ ئاددىي ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە تېنىگە يېتەرلىك كۈچ توپلاپ، تېخىمۇ ئوبدانراق ئىشلەش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان ئەڭ ئاددىي چارىسى!

ئويلاپ بېقىڭا: كۈن بويى لاي سۇ ئىچىپ، قوغۇن - تاۋۇز يەپلا قوزۇق قاققىلى، تورمەل تۇرگىلى، شاخ - شۇمبا توشۇغىلى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، بولمايدۇ! شۇڭا، بۇ ئادەملەر بۇ يەردە ئىش باشلاش بىلەن تەڭلا، دۆڭرەك پاتقاقلىقنى تېپىپ، ئۇ يەرنى بەز لاي بىلەن

ئېگىزلەپ، ئۈچ تالدىن ياغاچنى بىر - بىرىگە چېتىپ بىرمۇنچە «ئوچاق» ياسىغان. بېنزىدىن تۆكۈلىرىنى سىم بىلەن ئېسىپ، ئاستىدىن ئوت قالىغان. ئورغۇنلىرى ئۆيىدىن قاچا ئېلىۋالمىغاچ، شاپاقتا ياكى لاي ھېجىرلاردا قايناق سۇ ئىچىشكە مەجبۇر بولغان!...

كىشىلەر سۇ بىلەن پاتقاق ئىچىدە تۇرۇپمۇ دىمىقىسىپ، تەرلەپ تۇرغان ۋاقىتتا — ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ھەم ئارمىيە - بىڭتۇەن رەھبەرلىرى ئوبۇل ئەمەت بىلەن مامۇت غوپۇرلارنىڭ ھېلىقى «يەرلىك پىكرى» نى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا — كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى:

قىرىقتام كەنتىدىن يۈسۈپ داۋۇت بىر هارۋا شاخنى يۇرت ئىچىدىن ئەپچىقىپ، هارۋا پەقەت ماڭالمايدىغان پاتقاقلىققا كەلگەندە، شاخنى هارۋىدىن چۈشۈردى - دە، مەھكەم باغلاپ، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى بېلىكىگە چىگدى. ئاندىن بىردەم سۆرەپ ئېقىنغا سالدى. شاخ ئاقسا، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ ئېسىلىۋالاتتى. تۇرۇۋالسا، ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ سۆرەيتتى. كىم بىلسۇن، كۈتۈلمىگەندە شاخ جىددىي ئېقىنغا كىرىپ قېلىپ، ئۇنى بىرلا سۆرەپ يىقىتتى، ئۇ يا شاختىن ئاجرىيالمايتتى، يا شاخنى توختىتىۋالالمايتتى. بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ، داۋاملىق ئۆۋەنگە ئاقاتتى. ھەربىيلەر ئىشلەۋاتقان جايغا يېقىنلاشقان چاغدا سۇنىڭ ئېقىمى تېخىمۇ تېزلەشتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇنلار ئۇنى پۈكلەپ، شاخنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جەڭچىلەردىن بىرنەچچەيلەن ئۆزىنى سۇغا ئاتتى - دە، ئۇنى سۇزۇپ چىقتى. ئۇ پۈتۈنلەي ھوشسىز ئىدى. قورسىقى ناغرىدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ھەربىيلەر ئۇنىڭ قورسىقىنى بېسىپ ئىچىدىكى سۇنى ئاز - ئازدىن ياندۇرۇۋاتقاندا، قارشى قىرغاقتىن ئۈزۈپ ئۆتكەن مامۇت غوپۇر جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلدى. يۈسۈپ داۋۇتنىڭ ئاغزىدىن بىر هازا سۇ يانغاندىن كېيىن، ئېغىر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. هاياتى يەنىلا خەۋپ ئاستىدا ئىدى. ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلدى؛ قەشقەر تىببىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دېڭ ۋېشىڭ (بۇ چاغدا ئۇ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قاتنىشىۋاتقانلارنى داۋالاشقا مەسئۇل بولغانىدى) بىلەن ئابدۇھېلىم ئابدۇراخمانلارنى ئۇنى دەرھال قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا، كەچ سائەت يەتتە بولغانىدى.

... ئاخىر، ئوبۇل ئەمەت، مامۇت غوپۇرلارنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىندى؛ تۇرمەل تۇرۇپ، يار ئېغىزىنى تۇتاشتۇرۇشقا ئوبۇل ئەمەت بىلەن مامۇت غوپۇر مەسئۇل بولىدىغان؛ ئارمىيە - بىڭتۇەن جەڭچىلىرى قوشقۇنداش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى... توپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرىمۇ ئىشقا سېلىندى.

شۇ كۈنى مارالبېشى ناھىيىسى 1000 ئادەم ئاجرىتىپ، قاراقۇلچىن دېھقانچىلىق مەيدانى تەرەپتە تاغ بويلاپ ئېھتىيات ئۆستىڭى چېپىشقا كىرىشىپ، 1 مىڭ 500 مېتر قىسمىنى پۈتكۈزگەنىدى...

شۇ كۈنى قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ يولچى كەنتىدىن ئىسلام مۇھەممەت، بەشتام كەنتىدىن تۇرسۇن ھېكىملەر شاخ توشۇۋېتىپ، بىر تالدىن بارمىقىدىن ئايرىلدى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

www.uyghurkitap.com



چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 4.30 دا لى شۇشەن، ئۇيغۇر مىنوپ، شۆي شياۋچىڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، ماجۈنجېن، شىڭ ۋېيۋېنلارنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا، ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلاندى: ھەربىر تۈرمەل ئېقىنغا چۈشۈرۈلگەندە، سۇ «شارىدە» بىر ئۇخچۇيتتى ـ دە، تۈرمەل دېڭىزدىكى لەھەڭدەك يۇقىرىغا بىر ئۆرلەپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ھاياجان، ئەندىشە، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىراقلا چىرايىغا تەپچىيتتى. ھاياجان، ئەندىشە، ئۈمىد بىلەن تولغان كۆزلەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك تىكىلەتتى...

ئەڭ ئاخىرقى چوڭ بىر تۈرمەل «ھە ـ ھۇ» بىلەن يار ئېغىزىغا چۈشۈرۈلگەندە، ئاداققى بىرنەچچە سېكۇنت ـ كۆپ مېتىر سۇمۇ «شارىدە» كەينىگە يېنىپ ئەجدىھاردەك ئالپازدا بىر كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن چىپپىدا قىنىغا چۈشتى!...

ھەممەيلەننىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلىپ، كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ئۇخچۇپ چىقتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ شۇسەن تەسىرلەنگىنىدىن:

— نېمىدېگەن ياخشى خەلق ـ ھە! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھەم ماموت غوپۇرغا قاراپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ، — خاۋ، خاۋ! — دەپ تووۋلىدى.

يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقمۇ ماموت غوپۇرنىڭ كەڭ پەنجىلىك يىرىك قوللىرىنى قىسىپ تۇرۇپ:

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھاياجانلىنىپ.

— 48 ياشقا كىردىم، — دېدى ماموت غوپۇر مەغرۇر ھالدا.

— نېمانچە قاتتىق سۆڭەكسىز، — سوئالىنى داۋام قىلدى ئابدۇغوپۇر سىدىق، — نەدە شۇنداق پىشقان؟

ماموت غوپۇر ئىپتىخار بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن قوشناۋاتتا پىشقان، بىز قوشناۋاتلىقنىڭ ئۇرۇقى شۇنداق!

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن تەنتەنىلىك شوئارلار بۆلۈۋەتتى:

— لاۋبەيشىڭلار ياخشى!

— ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ياخشى!

— ياشىسۇن خەلق!

— ياشىسۇن ئارمىيە!

.........

بۇ ياڭراق سادا ئۆز قىنىدا شىددەت بىلەن ئۇخچۇپ ئېقىۋاتقان قىزىل دەريانىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان يىرتقۇچتەك بوغۇلغان شارقىرىشىنى بېسىپ كەتتى. بۇ سادا ئىككى ئايغا يېقىن سۇ دىدارى كۆرمەي قاغجىراپ كەتكەن زىرائەتلەرنىڭ تومۇرىغا قان، مول ھوسۇلدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن دېھقانلارنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم، قەلبىگە ئۈمىد ئۇرۇقىنى چاچىدىغان سادا ئىدى!

بۇ سادا ئاخىرلاشماستىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىلىرى كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. بۇ تېلېگراممىلاردا

ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ شانلىق غەلىبىسى تەبرىكلەنگەن، ئۇلاردىن قىزغىن ھەم سەمىمىي ھال سورالغاندى. غالىبلار مانا شۇ چاغدا كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر «ئۇھ» دەۋالدى. تولا ۋارقىراپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن ماموت ئىسمائىل پەيزىۋات خەلقى نامىدىن سۆز قىلغاندا، ئاۋازى ئىككى مېتىر يىراقلىققىمۇ يەتمىدى، ئۇنىڭ سۆزىنى بىرەيلەن يۇقىرى ئاۋازدا تەكرارلاپ كۆپچىلىككە يەتكۈزدى.

چوڭ يار ئېغىزى ئېتىلدى، سۇ ئىزىدىغا چۈشتى. لېكىن، بۇ تېخى ھەممە ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكى ئەمەس ئىدى: توغاننى مۇستەھكەم قۇشقۇنداش، يەنە يار ئېلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان قىر - دامبىلارنى توپا يۆلەپ ئېگىزلەش كېرەك ئىدى. بۇ مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ئارمىيىمۇ، يەرلىكمۇ ۋەزىپە تالىشىپ خېلى تىركەشتى. ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بۇ ۋەزىپىنى ئارمىيىگە يۈكلىدى. چۈنكى، قۇربان ھېيت كېلىپ قالغاچقا، دېھقانلارنىڭ ھېيت ئۆيىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قايتۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ماموت غوپۇر يەنە 100 نەپەر بېجىردىم يىگىت بىلەن ئىش ئورنىدا داۋاملىق قېپقالدى. تۈنۈگۈندىن بېرى 18 سائەت تىنىماي ئىشلىگەن بۇ ئادەملەر يەنە ئارمىيە بىلەن بىر كېچە-كۈندۈز مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئەتىسى كەچقۇرۇن ئىشنىڭ ئايىغىنى ئۈزدى!

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر خەلقى ئىش ئورنىدىن غەلىبە بىلەن قايتقان كوماندىر - جەڭچىلەرنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى!

## خاتىمە

كاچ تەبىئەت ئۇيۇننى توختاتمىدى، قاتتىق سۆڭەك پەيزىۋات خەلقىمۇ بوش كەلمىدى. ئۈزلۈكسىز بېسىپ تۇرغان كەلكۈن، ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئۇلارنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار قاتمۇقات ئاپەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن 1987 - يىلدىمۇ، ئوخشاشلا، مول ھوسۇل ئالدى. ئاشلىق 172 مىليون جىڭغا، پاختا 10 مىليون 625 مىڭ جىڭغا، مايلىق دان 7 مىليون 120 مىڭ 240جىڭغا يېتىپ، 1986 - يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەتمۇ 359 يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىرمۇنچە كۆپەيدى! بۇ سان - سىفىرلارنى ئېيتىش ئوڭاي بولغان بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى. كىشىلەر ئۇنى تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز قولىدىن، كۈتۈلمىگەن ئاپەتنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدىن بىرلەپ، ئىككىلەپ تارتىپ ئالدى. بۇ جەريەندا ئۇلارنىڭ تۆككەن قان - تەرى بىلەن تارتقان جاپا - مۇشەققىتىنىڭ ھەددى - ھېسابى بولمىدى.

قان - تەردىن تارام - تارام دەريالار، جاپا - مۇشەققەتتىن ھەيۋەتلىك دامبا - توغانلار پەيدا بولدى. شۇنىڭغا يارىشا، ئۇلار ھالال ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسىنىمۇ كۆردى ھەم تېتىدى. شۇڭا ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆز زامانداشلىرىغا ئىپتىخار بىلەن «قىزىل دەريا ھەرقانچە بەڭباش بولسىمۇ، پەيزىۋاتنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ، كەلكۈن ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمايدۇ!» دەپ ھەقلىق يوسۇندا جاكالىدى!

1988-يىل، يانۋار — ماۋت.

قەشقەر — ئۈرۈمچى.

ئادىلجان تۇنىياز

# سىغدۇر الماس سۆيگۈمنى جاھان

## سەھرا كېچىسى

يۇلتۇزلار قونۇۋالغان تېرەكلەرگە،
تولۇن ئاي تۆپىلىكتىن مارىلايدۇ.
كېرىتمىسەن داللارنىڭ چەتلىرىدە
شەپەرەك باغ - ۋاراننى ئارىلايدۇ.

پايانسىز بۇغدايزارنىڭ دولقۇنىدا
چېكەتكە چىرىلدايدۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ.
ئۇيقۇدىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى
ياپراقلار ئاي نۇرىدا باقار سۈزۈپ.

شامالالار ئۆتكىنىدە پىچىرلىشىپ،
تارقىلار يالپۇزلارنىڭ پۇراقلىرى.
چايقايدۇ دولقۇنىدا كۈمۈش ئاينى،
ئاق كېچە، گۈزەل سەھرا بۇلاقلىرى.

يىراقتا — جىگدىلەرنىڭ سايىسىدا
جۈپ گەۋدە گاھ كۆرۈنۈپ قالار
غىل - پال.

گۈل تۇتار ئىشچان يىگىت مەشۇقىغا
ئاي يۈزلۈك دېھقان قىزى چېچى
تال - تال.

يوپيورۇق نۇرغا چۆمگەن باراڭلىقتا
تۈزىدۇ مەشرەپ ئەھلى قايناق سورۇن.
ئاھ، شۇنداق گۈزەل سەھرا كېچىلىرى،
لىرىك كۈي يۈرەكلەردىن ئالار ئورۇن.

## ئاق بۇلۇت

زەڭگەر كۆكتە ئۆرلىشىپ دولقۇن،
قانات قېقىپ كېلەر بىر ئاققۇ.
ئاق يەلكەندەك لەپىلدەپ ئاستا،
چېچىلىدۇ كۈمۈش نۇر - چاچقۇ.

زۇمرەت ئاسمان كۆكۈش يالقۇندەك،
غۇلاچ يېيىپ قۇچاقلار ھەر ئان.
ئاق بېلىقتەك ئۇندا بىر پەرى
سىلكىنىدۇ ئاستا ۋە لەرزان.

چوغ رەڭگىدە قىزاردى ياپراق،
قۇياش ئالدى خىلۋەتكە مۆكۈپ.
كۆرۈنمەيدۇ ئۇندا ئاق يەلكەن،
دولقۇنلارغا كەتتىمۇ چۆكۈپ؟

## يالپۇز پۇراپ تۇرغان ئانا يەر

كۆلەڭگۈدەك كەلدىم دۇنياغا،
بولدۇقلىشىپ كۆزلىرىمدىن ياش.
چەكسىز كەتكەن قاقشال داللىدا
بىر تال گىياھ كۆتۈرگەندەك باش.

يالپۇز پۇراپ تۇرغان ئانا يەر
ۋۇجۇدۇمغا ئورناتتى سېزىم.
قىزغۇچ نۇرغا قالدى پۈركۈلۈپ
يۇلغۇن ئۆسكەن داللىدا ئىزىم.

ئاھ، تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم مۇشۇنداق،
ئۆلۈشۈمنى بىلمەيمەن قاچان.

بىراق، باقسام ساڭا ئانا يەر،
سىغدۇرالماس سۆيگۈمنى جاھان.

## قىش

ئۇپۇق تامان يېپىپ سۇس پەردە،
سوغۇق شامال تۆكەر ئاق چېچەك.
مەجنۇنتاللار تۇرار ھەر يەردە،
مىسكىن موماي ئارتقاندەك لېچەك.

ئىبراھىم ئىزاقى

## ھۇركۇتمە!

ھۇركۇتۇۋەتتىڭ بىر جۈپ ئاققۇنى
تىنىق كۆلگە تاش - داڭگال ئېتىپ.
ھۇركۇتۇۋەتتىڭ بىر جۈپ تورغاينى
ئاشۇ مەجنۇنتالنى لىگشىتىپ.

ھۇركۇتمىگىن چىمەنلىكتىكى
ئاۋۇ ئىككى ياشنى ئىسقىرتىپ.
ئالمىشىپ سىر يۈرەكلەردىكى،
لەۋ مەيىگە ئېلىشسۇن قېنىپ.

## قىز قەلبى

قوشنىمىزنىڭ قىزى نۇربۇۋى
چىقالمايدۇ دەھلىزىسىدىن.
ئولتۇرىدۇ ھىجران ئىلكىدە،
باغقا قاراپ دېرىزىسىدىن.

تەقۋاداردۇر ئاتا - ئانىسى،
قىزىنى بەك قىلار «ھىمايە».
ھويلىسىدىن چىقالماي ھەر كۈن،
قىز يۈرىكى بولىدۇ پارە.

يادلايدۇ قىز يىگىت ئىسمىنى،
بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار زارە.
ئۇ يوقىتىپ قويار خۇدىنى،
كۆرۈنسە گەر ئېغىلدا سايە.

قارلىق دالا چېتىدە بىرە،
ياۋا توشقان قالار كۆرۈنۈپ.
قاقشال يۇلغۇن سالغاندەك گىرە،
ماموق قارغا ياتار بۆلۈنۈپ.

ھۆكۈم سۈرەر ئەتراپتا جىملىق،
مۇز ئاستىدا شىلدىرلار بۇلاق.
باھارنى چۈشەپ ئوت - چىملىق،
تاۋۇشلارغا سالىدۇ قۇلاق.

تەقۋادار دۇر ئاتا - ئانىسى،
ئۆز قىزىنى قىلار «ھىمايە».
لېكىن قىزنىڭ قەلبىنى ھەركۈن
ئوغرىلايدۇ باغدىكى سايە.

## رۇبائىلار

شائىر ھەر شەيئىنى كۆرۈپ ياشايدۇ،
تۇرمۇش كەڭ دېڭىزدۇر، ئۈزۈپ ياشايدۇ.
تىزغىنلى مىسرالار يېپىغا رەتلىك،
تەكتىدىن ئۈنچە-دۇر سۈزۈپ ياشايدۇ.

*

ۋاقىت ئۆتسە چىرايىنى ساقال باسىدۇ،
ئۆمۈر ئاسمىنىنى زاۋال باسىدۇ.
ئىجادتىن يىللارنى قىرىتقۇچىلار
قەدەمنى زاۋالدىن ئاۋۋال باسىدۇ.

*

كېرەك ھەر ئىنسانغا، بىل، ماددىي بايلىق،
ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈردۇر مەنىۋى بايلىق.
تەھقىقكى، قۇللۇققا ئەيلەيدۇ مەھكۇم
ئەڭ كاتتا باينىمۇ روھىي گادايلىق.

*

ساڭا ئەي دىلبىرىم، دىلىم كۆيىدۇ،
ھەتتاكى تامامى تېنىم كۆيىدۇ.

مەقامىڭ پەلەكتە، مەن پەستە، نىتەي،
مەن «كۆيدۈم» دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ.

*

قەلبىڭگە يەر بىلەن ئاسمان سىغىدۇ،
نە ئاسمان، جىمىكى جاھان سىغىدۇ.
بىلمىدىم، تۆرىگە كۆككۆل خانەڭنىڭ
ئېيت، مېنىڭ بۇ جىسمىم قاچان سىغىدۇ؟

*

پۈۋلىسەم بىر پەينى ئۇچتى بولۇپ قۇش،
پۈۋلىسەم يېقىملىق ئۈن بەردى قۇمۇش.
پۈۋلىسەم ئەتىۋارلاپ ئەركە ئوغلۇمنى،
چوڭ بولۇپ، ئاھ! ماڭا ئاتتى ئاخىر مۇش.

تۇردى ئەخمەت

## سەن قوينۇڭغا ئالامسەن مېنى؟

كۆمۈش ئۈنچە چاچرىتىپ خۇشال
قىرغاق سۆيۈپ ئاقسەن دەريا.
شاۋقۇنىڭدىن كۆلىدۇ يۈرەك
بەخت ـ ۋىسال تاپقاندەك گويا.

شوخ ئۈنلىگەن كۈيلىرىڭ بىلەن
شامماللارغا بولىسەن تەڭكەش.
ياكى سەنچۇن خۇشاللىقمىدى
ۋادىلارنى توختىماي كۈيلەش؟

چىن دىلىڭدىن سۆيۈنۈپ يەنە
باغاشلايسەن ئانا تۇپراقنى.
پىدا قىلىپ جېنىڭنى ئۈندا،
ياشنىتىسەن يېشىل ياپراقنى.

سەن قوينۇڭغا ئالامسەن مېنى،
تامچە بولۇپ قوشۇلسام ساڭا؟

*

تەپەككۇر ئوتۇندۇر، غەزەپ سەرەڭگە،
ياقساڭ ئوت مېڭەڭدىن چىقار ئەلەڭگە.
دانىشلىق تەختىنى كۆيدۈرمەي دېسەڭ،
تاقەتىڭنىڭ سۈيىنى چاچقىن ئەقلىڭگە.

*

ئەتمەيلى بەك ئەيىب غادايسا تېرەك،
ئەسلىدە خىسلىتى ئەيۋىدىن كۆپرەك.
زامانىي بىنالار ئۈچۈن بەزىدە
ئاشۇنداق تۈز ئۆسكەن تېرەكلەر كېرەك.

*

ئىشلەپ ئەل بەختىچۈن قەددىم پۈكۈلسە،
كەشپىيات يولىدا قېنىم تۆكۈلسە،
رازىمەن، ئۈنۋان شۇ، قەبرەم تېشىغا،
«ئادىمى ئىدى ئۇ» دەپلا پۈتۈلسە.

گويا سەندەك تۇپراققا سىڭىش
شۇنچە چەكسىز بەختتۇر ماڭا!

## ياشايمەن ئۇزاق

تاغلارنىڭ ئۈستىدە تۇۋۇلىسام ناخشا،
مۇڭلىنىپ سۈكۈتتە تىڭشايدۇ ئورمان.
گىياھلا شادلىنىپ ئويىنىسا ئۇسسۇل،
ناخشامنىڭ ئەۋجىدە تىترەيدۇ جاھان!

مۇقاملار ياڭرىتىپ ئەجدادلىرىممۇ
بۇ ئۇلۇغ جاھانغا تونۇلغان شۇنداق.
مەنمۇ شوخ ياڭرىغان كۈيلىرىم بىلەن
ئەسىردىن ـ ئەسىرگە ياشايمەن ئۇزاق!

## ئۈمىد

ئۇخلىتالماي بوۋاقنى ئانا
ئەللەي ئېتىپ قوشاق قاتىدۇ.
زېرەك بوۋاق كۆز يۇمماي پەقەت
ئۈمىد بىلەن تاڭغا باقىدۇ!

مەتتۇرسۇن ھەسەن

## شېئىر قۇدرىتى

ئەگلىلماس قەلەمنىڭ شېئىرلاشلىرى
ۋە لېكىن شېئىردۇر بەدىئىي ئىلاھ.
تەپەككۇر قۇشلىرىم ھەممىگە قادىر،
روھىمغا قويالماس ھېچ كىشى گۇناھ.

يۇرىمەن زېمىننى يەگانە كېزىپ،
يەر - كۆكنى تىترىتىپ چاچىمەن ۋولقان.
يەر شارى ئالدىمدا خۇددى پۇتبول توپ،
پۈۋ دېسەم تىنىقتىن كۆتۈرۈلەر بوران.

يامغۇر ياغدۇرىمەن بۇلۇتنى يىغىپ،
بەھەيۋەت لەرزىدە چاقتۇرۇپ چاقماق.
تاغلارنى بازغان قىپ ياسايمەن زەنجىر،
نامەردنىڭ گېلىغا سېلىشقا سىرتماق.

ئەۋلىيا، خاقانلار تەككۈزەلمەس تىل،
يادرولۇق قوراللار ئەرزىمەس گىيا.
قۇدرىتى ئالەمدە چەكسىزدۇر، چەكسىز،
شېئىرنىڭ كۈچىدىن تەۋرىنەر دۇنيا!

ھۇسەن روزى

## تاغ گۈللىرى

تاغ گۈللىرى ئۇسسۇلچى،
ئوينار باھار سازىغا.
كېپىنەكلەر چىن ئاشىق
ئۇنىڭ پۇراق، نازىغا.
شوخ گۈللەرگە مەپتۇن بوپ
شەبنەم تۆكەر يېشىنى.
قىسا كۆزىنى يۇلتۇزلار،
ھىلال ئاتار قېشىنى.
تاغ گۈللىرى تاماسىز
پەرۋىشلەردىن، ئوتاشتىن.
جۇدۇنلاردىن قورقماس ھېچ،
مىننەتدار ئۇ قۇياشتىن.
زىننەت بېرەر ھۆسنىدىن
قەد كۆتۈرگەن تاغلارغا.
قويماس ئويلاپ كۆچۈشنى
جەننەت كەبى باغلارغا...

تۆكسە كەچكۈز شامىلى
تىللا رەڭلىك بەرگىنى،
پەخىرلىنىپ تۇرار تىك،
ئېيتماس قاقشاپ دەردىنى.
خازان بولۇپ توزسىمۇ،
ئېپتىخارغا چۆمۈلەر.
ئۇنىڭ ئۆلمەس ئۇرۇقى
تۇپراق ئارا كۆمۈلەر...

## تامچە سۇ

ياشلىقىمدا تاغ ئارىلاپ بىر غاردا
كۆرگەنىدىم جاسارەتلىك تامچە سۇ.
تاشنى تەشكەن ئۇنىڭ تىنماس زەربىسى،
دېدىم ئويلاپ: «ھورۇنلۇققا قامچا ئۇ!»

شۇ ۋەجىدىن مىسرالارغا ھازىرمۇ
توختىماستىن قانۇ - تەرىم تامچىلار.
ھەر قەترىسى بىمتچىست قىلار توسقۇنىنى،
گەر داجىسام تامچە روھى قامچىلار.

ۋارىس قاسىم

## نىگار

ئاي يۈزلۈك دىل ئۆيىنىڭ نۇرلۇق چىراغىدۇر، نىگار،
تۇندە بىدار نالىشىم ئىشقىڭ پىراقىدۇر، نىگار.

uyghurkitap.com



كۆرسە بۇ ھالىمنى گەر مەجنۇنمۇ ھالەك - تالەك قالغۇسى،
ئەيلىگەن سەرسان مېنى ۋەسلىڭ راۋاقىدۇر، نىگار.

نەچچە رەت تەگدى كېلىپ باغرىمغا قاشىڭ ئوقلىرى،
ئاھ! نېتەي تىنىمەلىرىم سۆيگۈ پىراقىدۇر، نىگار.

تولغىنادۇرمەن كۆيۈپ، قۇملۇقتا ياتقاندەك بېلىق،
ئىنتىزار ئەتكەن مېنى ۋەسلىڭ بۇلاقىدۇر، نىگار.

نە بۇلاق، قانغايمۇ تەشنالىق كېرەك قاينام دېڭىز،
نە دېڭىز، جانغا ئارام ئوكيان قۇچاقىدۇر، نىگار.

كۆيدۇرۇپ گويا ئويۇلتاشتەك چېكىشتىنىڭ ئاخىرى،
ئەكسىچە قىلغان جەسۇر ئىشقىڭ ئوچاقىدۇر، نىگار.

قىپقىزىل ياقۇت لېۋىڭ سۇنغاندا گۈلگۈن مەي - شاراب،
بىنەزەر جام، بۇندا تەق يۈرەك تاۋاقىدۇر، نىگار.

چۈشلىرىمدە چىرمىشىپ يۈردۈم بويۇڭغا مەست - ئەلەس،
سىلكىنىپ ئويغانسا يوق، ئۇچقۇن سىياقىدۇر، نىگار.

خۇددى بىر تاغ مەن يانار، نالەم جاھانغا يايغۇچى،
جان ئالار خۇمار كۆزۈڭنىڭ ئىشتىياقىدۇر، نىگار.

كەل، قېنى ھالىمغا يەت، بولۇپ ئۆزۈڭ قۇتقۇزغۇچى،
سانجىلىپ سالغان ئازاب ۋىجدان پىچاقىدۇر، نىگار.

قۇربان ئەلى

## شېئىرلار

### ئۇلۇغ ئىنسان

يىغلاپ كۆز ئاچتىڭ،
سامادا پارلىدى
بىر يۇلتۇز.
كۈلۈپ كۆز يۇمدۇڭ،
ئۆچتى، زارلىدى بىر يۇلتۇز.

### جىن چىراغ

ئورۇشۇپ قالدۇق،
مەن دادام بىلەن
جېدەل ئانىسى جىن چىراغ.
دادام دەيدۇ:
ياقىمەن!
مەن دېدىم:
چاقىمەن!

### بوۋاق

بىر چاغلاردا بوۋاق ئىدىڭ،
بوۋاق...
قۇرۇق ئىمزىگە
توختىتاتتى يىغاڭنى،
ھېلىھەم شۇنداق!

### چاشقاننىڭ خىيالى

ئاسمان
ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ چۈشسە،
بىرەر كاما تېپىپ
ئامان قالسام.
ئادەمنىڭ گۆشىدىن،
ئاسماننىڭ ئەستىرىدىن
تېشىپ باقسام.

ئازات روزى

## ئارچا

بۆلەكچىلا مەھلىيا قىلدى
ئارچىزارلىق مېنى بارچىدىن.
باش باھاردا تىكتىم ئىككى تۈپ
ھويلامغىلا يېشىل ئارچىدىن.

ئۆسەمدىكىن ئاستىغا دېسەم،
ئۇ ئەمەسكەن چامغۇر يا پىياز.
ئۆسمىسىمۇ يۇقىرىغا تېز،
كۆكىرىپلا تۇردى قىشۇ ياز.

ئەسلى ئۇنىڭ ئۆسمىكى تەسكەن،
ياندى رايىم ئۇنىڭدىن راسا.
پالتا بىلەن چاپاي دەپ، تۇرسام،
كەلدى بىردىن ئارچىدىن سادا:

«ئەيىبلىمە، ئېگىزگە قاراپ—
يوغىناشتىن يالتايغاننى سەن.
يا بىردىنچى سانامتىڭ ئەسلى
كۆككە قاراپ غادايغاننى سەن؟

غادىيىشنى كۆرمەيمەن راۋا،
خىسلىتىم شۇ كىبىردىن نېرى.
يازدا ياشناپ غادايغۇچىلار
قىشتا كۆكلەپ باقسۇنچۇ قېنى؟!»

قايىل بولدۇم ئارچا سۆزىگە،
خىجىللىقتىن قىزاردى يۈزۈم.
ئۇقماي ئۇنى ئۇسال دەپتىمەن،
ئەقلىم چولتا، كور ئىكەن كۆزۈم.

ياشلىق گۈلى كەتكەچكە توزۇپ،
بىر پۇشايمان يانار قەلبىدە.

### پارچىلار

بىر باغ بىنا قىلدىم سەن ئۈچۈن،
گۈل چېچەككە تولدۇردۇم پۈتۈن.
بىراق، گۈللەر نېمە ئۈچۈندۇر
ماڭا سۇلغۇن بىلىنەر بۈگۈن.

*

بۆشۈكتە ئەمچەككە كۆنمىگەن بوۋاق،
يەشكەندە تېپچەكلەپ ئويىنار خىرامان.
ئانا، سەن بىلدىڭمۇ بوۋاق قەلبىنى؟
ئەركىنلىك ئۈندىكى ئەڭ بۈيۈك ئارمان.

مۇتەللىپ سەيپۇللا

## بۇلاق تۈۋىدە

قىز يارىنى كۈتەر زارىقىپ،
ئايدىڭ كېچە، بۇلاق تۈۋىدە.
ئاينىڭ نۇرى جىلۋە قىلدۇ
قىز كۆڭلىدەك بۇلاق سۈيىدە.
قىز راھەتتە يارىنىڭ قوينىدا،
ئايدىڭ كېچە، بۇلاق تۈۋىدە.
شوخ يۈرىكى رەتسىز تېپىندۇ
مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق كۈيىدە.
قىز ياش تۆكەر ئۈنسىز «ئاھ» ئۇرۇپ،
ئايدىڭ كېچە، بۇلاق تۈۋىدە.

ئابدۇرېشىت غوجەك

## تەڭرىتاغقا مەدھىيە

تاغلارنىڭ شاھى سەن، ئەي گۈزەل تەڭرى،
باغرىڭدۇر شۇنچىلىك بىپايان كەڭرى.
تۇرىسەن ئاسمانغا تاقاپ بېشىڭنى،
ھۆسنۈڭدۇر گوياكى قىزىلگۈل - لەيلى.
قۇچىقىڭ تۈگىمەس مەدەنلەرگە باي،
قىز - ئوغۇل قىزىتار بېغىڭدا سەيلى.

شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان زەر قۇياش
تۈنجى رەت ھۆسنۈڭنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ.
قىشمۇ - ياز ئاق لىچەك ئارتىپ تۇرۇشۇڭ
دىللارغا زوق - ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.
ئاق باشلىق موماي‌لار سېنى ئانام دەپ،
ئانلىق مېھرىڭنى كۈيلەپ كېتىدۇ.

كۈندۈزى بولەنسەڭ ئالتۇن نۇرلارغا،
كېچىسى ھەمراھدۇر كۆكتە تولۇن‌ئاي.
گۈزەللىك ھۆسنۈڭگە ئاشقتۇر سېنىڭ،

سەن شۇنداق جەننەتكە بەرگۈسىز بىرجاي.
ئۈستۈڭنى ئورىغان ئاپئاق قارلىرىڭ
مەن ئۈچۈن سۈت گويا، ئىچمەن قانماي.

سىنچىلاپ قارايمەن سۆيگۈ ئەۋجىدە
تويماستىن مېھرىڭگە، ئەي گۈزەل تەگرى.
باغرىڭدا شاد كۈلۈپ ياشىماقتىمەن،
ھېسابلاپ بەختىمنى ئالەمدىن كەگرى.
سەن بەخت بۆشۈكى، مەردلەر ماكانى،
ئۆلكەمنىڭ زەر تاجى، غۇرۇرى - پەخرى.

ئۆمەرجان غوپۇرى

## ئاق كەپتەر

ئەي، شوخ كەپتەر، خۇيى سىرلىق ئاق كەپتەر،
شۇڭغۇشىڭدا قورقۇش ھېسسى يوق، كەپتەر.
دوستلىرىڭنىڭ پەرۋازىغا قوشۇلماي،
موللاق ئېتىپ قىيغىتىسەن شوخ كەپتەر.
قىلىقىڭ ئۈز، ھەرىكىتىڭ تېز، كۆركەمسەن،
ئەمما ئۆزۈڭ يۈردۈك يالغۇز - تاق، كەپتەر.

كەگرى كۆكتە ساما سىلىپ ئوينايسەن،
موللاق ئېتىپ يەر يۈزىنى بويلايسەن.
بۇلۇتلارغا مېھمان بولۇپ گاھىدا،
پارقىرايسەن، تۇمەن دىلنى ئوۋلايسەن.
ئەركىنلىكىنىڭ ھۇزۇرىدا روھلىنىپ،
ئارمىنىڭنىڭ كۈيلىرىگە توۋلايسەن.

ئەي، ئاق كەپتەر، سەن ئۇچۇشقا قانمايسەن،
ئارزۇيۇڭ زور، پەغەزگىمۇ قونمايسەن.

ئەمما لاچىن سېنى سوقماق كويىدا،
گەر بولمىساڭ ھۇشيار ئۇنى تۇيمايسەن.
كۆكتە كۈلۈپ، كۆكچە خىيال قىلمىغىن،
ئاق كەپتىرىم، يەنە يەردە دانلايسەن.

ئابلىز ئوسمان

## تاشلا، جىنىم، چاچلىرىڭنى ئارقاڭغا

مەن شامالنى رەشك بىلەن قارغايمەن،
ئەركىلىتىپ قاچسا مامۇق چېچىڭنى.
ئاشۇ ئاچكۆز قۇياشتىنمۇ زارلايمەن،
ماراپ يۈرەر ھامان نازۇك بەستىڭنى.

تاشلا، جىنىم، چاچلىرىڭنى ئارقاڭغا،
ئاي ئەندازى ئوماق يۈزۈڭ كۆرۈنسۇن.
كۆز - كۆز قىلىپ سېنى پۈتۈن جاھانغا،
مېھرى ئىسسىق ئاپتاپ كۈلۈپ سۆيۈنسۇن.

تاشلا، جىنىم، چاچلىرىڭنى ئارقاڭغا،
ئەنداز بولسۇن چىھرىڭ ئايغا، چولپانغا.

## قۇم بارخانلىرى

ئېھ، شۇ تاپ چاپماقتا ئاپتوبۇس يەڭگىل،
ئانا يەر تەۋرەتكەن بۆشۈك ئۇ گويا.
مەنمۇ ھەم قارايمەن كۆزۈمنى ئۈزمەي،
خىيالىم ئۇچىدۇ قۇملۇقلار ئارا...

ۋاھ، مانا بىر قەدىم قەبرىستانلىقتەك،
سوزۇلغان ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى.
تەۋرىنەر ئۈستىدە نېپىز پەردىدەك
بىر قەۋەت ئاقۇش رەڭ چۆل تۇمانلىرى.

يېيىپتۇ ئۈستىنى قىزغۇچ يۇلغۇنلار،
ئۆرسىمۇ شىددەتلىك چۆل بورانلىرى.
ئۆسۈپتۇ ئاچچىق سوغ، تومۇز ئىسسىقتا،
ئۆتسىمۇ ئەسىرلەپ يىل كارۋانلىرى.
بىلمىدىم نە سىر بار، نە كارامەت بار،
كۆرۈنەر بىر قەدىم مۇقەددەس جايدەك.
قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ شۇنچە،
كۆرۈنمەس ھېچقاچان باياۋان، سايدەك.
ئويلىدىم، ئۇزۇندۇر جاھاننىڭ ئىشى،
ئېگىزلىك بىر چاغلار بولىدۇ ئويمان.
قۇرۇيدۇ قانچىلاپ دەريا - دېڭىزلار،
بولۇپ بىر قۇم باسقان چەكسىز باياۋان.
بىر چاغلار ياشىغان ئەجدادىم بۇندا،
ئەقىل ۋە مېھنەتتىن گۈلىستان ياساپ.
كۈلگەن ھەم خانتەڭرى كەڭ جاھان ئىچرە،
كۆكتىكى يۇلتۇزنى بېشىغا تاقاپ.
ئۆتۈپ شۇ يوسۇندا مىڭلاپ ئەسىرلەر،
ياسىغان تەبىئەت ئۆزگىرىش ھامان.
كۆمۈلۈپ قۇملارغا گۈللەنگەن شەھەر،
بوپ قالغان تىلسىملىق خارابە ماكان.
شۇندىمۇ كەچمىگەن ئەزىز ئەجدادىم
قۇم بىلەن خارابە بولغان ماكاندىن.
ئېھ، شۇڭا ئاقماقتا تارىم دەرياسى
شىددەتلىك دولقۇنلاپ ئۇزاق زاماندىن.
ئويلايمەن تەپەككۇر ھېسلىرىم ئۆرلەپ،
قاراپ شۇ قۇم باسقان چەكسىز كەڭلىككە.
چاقىرار ئەجدادلار روھى شۇ تاپتا،
قايتىدىن جان بەر، دەپ مېنى چۆللۈككە.

## ھايات

ئاستىم تىك ھاڭ،
ئۈستۈمدە چوققا،
مەن تۇرىمەن ئۇندا تىركىشىپ.
ئۈمىدسىزلىك سۆرەر پۇتۇمدىن،
ئۈمىد تارتار ئىككى قولۇمدىن.
ئۈستۈمدە ھايات،
ئاستىمدا مامات...

ئازات ئابدۇللا

## ئارالتۆپە

ھەيۋەتلىك تەڭرى تاغنىڭ قوينىدا سەن،
مارجاندەك ئېشۋالغان بويىندا سەن.
گۈزەلسەن، سۆيۈملۈك سەن ئارالتۆپە،
شارقىراپ ئاققان دەريا بويىدا سەن.

تاغلىرىڭ مەدەنگە باي، قويۇق ئورمان،
توقايلىق ياۋا ئالما كانىدا سەن.
ماي، ھەسەل، قىيزا، قىمىز قايماققا كان،
تۇرمۇشنىڭ شېرىن - شەرۋەت بابىدا سەن.

ئاڭلىدىم بۇلبۇل، كاككۇك ئاۋازىنى
بەختىيار ئوغۇل - قىزنىڭ تويىدا مەن.
ياراشقان گۈل چېھرەڭگە لالە - رەيھان،
قەلبى ئوت شائىرىڭنىڭ ئويىدا سەن.

## پىركازچىك قىز

ھەر قېتىم كىرگىنىمدە بۇ دۇكانغا،
پىركازچىك قىزنىڭ ياغار نۇر چېھرىدىن.
مۇلايىم، خۇش تەبەسسۇم مېھرى بىلەن
سورايدۇ «نېمە كېرەك؟» دەپ مېنىڭدىن.

ئەجەبا، شۇندىن بېرى ئادەت ماڭا،
كىرمەستىن بۇ دۇكانغا ئۆتەلمەيمەن.
بۈگۈنمۇ يەنە تەكرار سوراپ قالدى:
«ئېيتىڭا، سىزگە نېمە كېرەك دەيمەن؟»

«ھېچ نېمە ئالماقچىغۇ ئەمەس» دېدىم،
ۋە لېكىن كەينىمگە ھېچ يانالمىدىم.
باسالماي دىلدا يانغان ھاياجاننى،
«بىر ئۆمۈر كۆڭلىڭىزنى ئالاي!» دېدىم.

uyghurkitap.com

نۇرمۇھەممەت جېلىل

## بىر گۈزەلگە

باغ ئىچىدە بىر نىگار ئاتتى ماڭا ئالمىنى،
قىلدى ئاتەش ئۆت سۈپەت بۇ تۇيۇقسىز ھال مېنى.
ئۇ گۈزەلنىڭ مېھرىگە قۇل بولاتتىم جان بىلەن،
ئالما ئەمەس دىل بېرىپ ئاتسىمۇ گەر چالمىنى.
سەرۋى قامەت، گۈل بەدەن، كۆزلىرىدىن ياندى ئوت،
جىلۋە بىرلە ئول ماڭا سالدى مەزمۇت سالمىنى.
«تۇۋا!» دەيمەن بارمىدۇ بۇ گۈزەلنىڭ تەڭدىشى،
تارتتى گويا ماگنىتەك مەڭزىدىكى خال مېنى.
ئۇنى كۆردۈم مەن قاچان، ئەسىرى بولدى خەستە جان،
مىسلى ئاتەش مېھرىگە قىلدى مەپتۇن، لال مېنى.
دېدىم شۇڭا ئۇنىڭغا: «باققىن مېنىڭ ھالىمغا،
شەپقىتىڭنى ئايىماي ئۆز باغرىڭغا ئال مېنى.»

## كەچقۇرۇن

ناخشا ئېيتار زوقلىنىپ سۆيگەن نىگارىم كەچقۇرۇن،
ئاڭلىغاندا يار ئۈنىن چىقار خۇمارىم كەچقۇرۇن.
ھۆرى غىلمان خۇددى جەننەتتىن چىقىپ كەلگەن كەبى،
ئەيمىنورلەر بارچە كۆرگەن، كەلسە يارىم كەچقۇرۇن.
ئۇ كېلۇرلەر، كۈن كېلۇرلەر، ئاي كېلۇرلەر، نۇر بىلەن،
كەتسە، بىللە كەتتى دەيمەن دىل ئارامىم كەچقۇرۇن.
مېنىڭ كۆڭۈللۈك بەزمە ئەيلەپ مەن قىلاي چىن خىزمىتىن،
بولسا رازى، كۈلسە شاد مەڭزى ئانارىم كەچقۇرۇن.
قەلبىدەك ئېسىل ئىكەن زەپ سۆزلىرى شېرىن سۇخەن،
بەك بەلەن سۆھبەت قۇرار ئۇ دىلپىكارىم كەچقۇرۇن.
يۈرىكىم قوشماق مېنىڭ شۇ گۈزەل يارىم بىلەن،
كۈيىگە تەڭكەش بولۇپ ياڭرار ئاۋازىم كەچقۇرۇن.

تەلئەت ئاتاۋۇللا

## نادانلىق

ئۆزۈڭ تېخى بالا تۇرۇپ ئوراپسەن
جاھالەتنىڭ پەردىسىنى بېشىڭغا.
كۈلكە قىستاپ «تۇۋا» دېدىم ئۆزۈمگە،
ماس كەلمىگەچ سەللە پەقەت يېشىڭغا.
قۇلى بوپسەن نادانلىقنىڭ، ئەي ئىنىم،
قانداق چىداي قىلىۋاتقان ئىشىڭغا!

## جەننەتنى دوستقا بەر...

سۆيىمەن دوستلۇقنى، دوست دەپ ياشايمەن،
دوستلىرىم مەن ئۈچۈن بايلىق ۋە مەدەت.
ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل دوستلىرىم بولغاچ،
ئۆمرۈمگە بەخت يار، كۆڭلۈم توق ئەبەت.
قېنى ئۇ دوزىقىڭ؟
مەن باراي، تەڭرى،
ۋە لېكىن دوستلارغا ئاتا قىل جەننەت!

### نەپسانىيەتچىگە

ئۇمۇمنىڭ ھەققىنى يەيسەن «ھاپ» قىلىپ،
ھوقۇق ۋە ئورنىڭنى دەستەك - ساپ قىلىپ.
ناۋادا ئەجرىڭدىن كەلسە بىر تال دان،
چالىسەن سورۇندا ئۇنى داپ قىلىپ.
بۇ رەزىل ئىللەتتىن تارتمىساڭ قولنى،
ئەل رىسقى كېلىڭدىن بوغار «كاپ» قىلىپ.

مەتنۇرى ئابدۇغېنى

## شېئىرلار

### سەھرا لەرزىكىسى

مەھەللىمىز گۈزەل شۇنچە، گۈل ئۆزى،
يېشىل پەردە ئىچرە كۈلگەن ئايجامال.
تاڭ بىلەن تەڭ قۇتلۇقلىسا تاڭ قىزى،
تاڭ شامىلى سۆيەر ئۇنى بىمالال.

چېكىسىگە گۈللەر قىسىپ كېلىشەر
پەرى قىزلار تال باراڭلىق يوللاردىن.
سالام قىلار ئۇستازلارغا چوغلۇقلار،
ھايات كۈلەر ئاشۇ بۇدرۇق قوللاردىن.

نان ياپىدۇ كۆيۈپ - پىشىپ ئانىلار،
ئاتەش قەلبى يالقۇن ئىچرە تاۋلانغاچ.
دېھقان ئاكا ئۈزسە يېشىل دېڭىزدا،
سەيلە قىلار ئۈزۈپ كۆكتە قارلىغاچ.

بۇلبۇل، كاككۇك مەپتۇن بولۇپ، مەست
بولۇپ،
گۈل باغلاردا تۆكۈپ تۇرار خۇش ناۋا.
ئاشىقمىكىن، ئەگىپ يۈرەر تۇرنىلار،
ئاپئاق چېچەك—ئاپئاق ماموق پەي گويا.

كەچكى شەپەق لىباس ياپار شەلپەردىن
خۇش ناۋادىن كەيپ بولغان باغلارغا.
تۈن قوينىنى يۈيۈپ چىققان تولۇنئاي
كۈمۈش چاچقۇ چاچار ھويلا - ئارامغا.

مەھەللىمىز گۈزەل شۇنچە، گۈل ئۆزى،
يېشىل پەردە ئىچرە كۈلگەن ئايجامال.
تاڭ بىلەن تەڭ قۇتلۇقلىسا تاڭ قىزى،
سابا پەرى سۆيەر ئۇنى بىمالال.

### مۇھەببەت

بۇ رېئال ھاياتنىڭ تەقدىر جاكاسى،
ئۆزۈڭنىڭ قولىدا يېزىلار ھەرخىل.
ئامرىقىم، بۇ دۇنيا گۈزەل شۇ قەدەر،
قارىغىن مەنزىلگە سەن بولۇپ دىلدىل.
شۇ مەلئۇن پىتنىلەر نازۇك دىلىڭدا
بىر مەھەل بولسىمۇ ھىجرانغا مەدەت،
جەزمەنكى، ساختىلىق ئۈستىدىن غالىپ—
كەلگۈسى بىرىنچى سۆيگۈ - مۇھەببەت.

### ئۇخلايدۇ چوققىلار

ئۇخلايدۇ چوققىلار شېرىن ئۇيقۇدا،
ئاپئاق قار يېپىنىپ قاۋۇل بەستىگە.
نەدىندۇر كېلىدۇ ئىزغىرىن كۈيى،
ئاق چېچەك تىۋىنار قىيا ئۈستىگە.

ئۇخلايدۇ چوققىلار بۇلۇت قوينىدا،
بىر ئېرىگۇ دولقۇنلار ئۇندىن تەۋەللۇت.
يىراقتا كۆز تىكەر قىيادا بۈركۈت،
جىرادا تىپىرلار ھالسىرىغان جۇت.

### سىرداش

سەن قاچان بولدۇڭ ئاينىڭ يېقىن
سىرداشى؟
يۇيارمۇ ھەسرىتىڭنى كۆزۈڭنىڭ يېشى؟
ساماۋى خىيال بىرلە باققان ھىلال ئاي
بولدىمۇ يۈرىكىڭنىڭ سادىق دىلكىشى؟
قەلبىڭنىڭ دەرياسىغا سېغىنىش سىڭماي،
يۇتتىمۇ خۇشلۇقىڭنى ھىجران ئۆركىشى؟

ئۈستىدە ئولتۇرسەن ئۇچقۇر خىيالنىڭ،
لېۋىدە شەربىتى بار تاتلىق ۋىسالنىڭ.
قارايسەن ھېسلىرىڭنى ئېيتىپ سەن ئايغا
تاۋلىنىپ يالقۇندا سۆيگۈ - ھىجرانىڭ.
كۆل بولۇپ ئوتتۇڭدا باقىدۇ ئايغا
تاغلارنىڭ قوينىدىكى ئارخېئولوگ يارىڭ.




ھوشۇر ئەخمەت

# كوچىدا قالغان بالا

(ھېكايە)

خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئازابلىنىۋاتقان ئەسئەت ھازىر نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغانىدى. ئېسى-يادى ئۆيدىكى ئاپىسى، ئاچچىقى يامان دادىسى، ئالتە ياشتىكى توشقان كالپۇك ئىنىسى ۋە ئەمەكتىكى يىغلاڭغۇ سىڭلىسىدا ئىدى.

— ئەسئەت!

ئەسئەت چۆچىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— ئىككى سان ئايرىمىسىنىڭ كۆپى نېمىگە تەڭ؟

ئەسئەت ئۆزىنىڭ مەكتەپتە — ماتېماتىكا دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپتا ئولتۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-يۇ، مۇئەللىم سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدى.

ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە چەكچىيىپ «لام» دېمەي ئۆرە تۇرغان ئەسئەتكە قاراپ بىر سېكونتچە تۇردى ۋە ئاخىر مۇلايىم، پەس ئاۋازدا «ئولتۇر» دېدى.

ئەسئەت بۈگۈنمۇ مەكتەپكە ناشتىسىز كەلگەنىدى. ماتېماتىكا مۇئەللىمىدىن دەككە يېمىگىنىگە خۇرسەن بولۇپ دوسكىغا كۆز تىكتى. چوڭ-كىچىك تىرناقلار، ئۇزۇن-قىسقا رادىكاللار چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان كۆزىگە غەيرىي كۆرۈنۈپ، دوسكىغا قاراۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. شۇڭا ئۇ، مۇئەللىم دوسكىغا يۈزلەنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىنىڭ چىرايلىق ياسىتىلغان بېشىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ قۇلىقىنى ياپقان چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تارىغان ھالدا پاتتى:

«ئاپام ئۆيدە بولغان بولسا، مەنمۇ ئۇيغا چېچىمنى مۇشۇنداق ياساتقۇزاتتىم...»

ئاپىسىنى ئەسلەش بىلەنلا يېرىم يىلدىن بۇيان ئۇنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان بىر ئىش كۆز ئالدىدا نامايان بولدى:

ئەسئەت ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. دادىسى قاسىم توڭ دالان ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ئاپىسى ئىشىكتىن كىرىپلا ئەسئەتنىڭ دادىسىغا ۋارقىرىدى:

— بۇ ئۆيمۇ، ئېغىلمۇ؟

— ئىت بىلەن تۇتقان ئۆيىنى ئىغىل دېسىمۇ بولىدۇ، قالداق؟

— هە؟! مېنى ئىت دەمسىنا؟ ئىت دېگەن ئۆزۈڭ! ھۇ ئەپتىدىن مۇز ياغىدىغان توڭ بەڭگە!

— چاغە قانجۇق!

— سەن...

جېدەل چوڭىغا چىقتى. ئەسئەتنىڭ ئاپىسى قوشنا - قولۇملارنىڭ نەسىھىتىگە، ئەسئەتنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي بىر - ئىككى قۇر كىيىمى بىلەن ئىككى بالىنى ئېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئەسئەتنى قاسىم توڭ بىلەن تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى جېدەل بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. ئەسئەت هاي بېرىش مەقسىتىدە بىر ئېغىز گەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئاپىسىدىن دەشنەم ئىشىتكەن، دادىسىدىن تاياق يېگەن. كېيىنچە ئارىلاشماي بويىنىنى قىسىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىغان بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئازابلايدىغان جېدەل - ماجىرا تۈگىدى، چىمىدى. ئەمما ئاپىسى ئىككى بالا بىلەن يىراقتا، بەكمۇ يىراقتا كەتتى...

ئەسئەت يېرىم يىلدىن بېرى دادىسى قاسىم توڭ بىلەن بىر ئۆيىنى تۇتىماقتا. قاتتىق نان، قۇرۇق چاي... بەزەن چاغلاردا قاتتىق نانمۇ يوق! تۈنۈگۈن ئاخشام قاسىم توڭ كەچتە يەنە كەلمىدى. ئەسئەت ئۆزى ئاش ئەتتى. بۈگۈن كەچتە بولسا دادىسى كېلەمدۇ - يوق، يەنە شۇ ئاخشام ئاشقان ئاشنى ئىسىتىپ ئىچىشكە توغرا كېلەرمۇ؟...

قاتتىق جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ساداسى ئەسئەتنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. بالىلار مۇئەللىمنىڭ كەينىدىنلا سىرتقا يۈگۈرۈشتى، ئەسئەت بولسا بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن هېچ نېمىنى چۈشەنمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ، ئاچچىقى كەلگەن هالدا قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

*

پاكار بەندىڭدا ئولتۇرۇپ ياڭيۇ ئاقلاۋاتقان ئەسئەت تۈيۈقسىز تەككەن كاچاتتىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.



— سەن هارام تاماقنى نېمە قىلسام
بولار؟— قاسىم توك كۆزىنى ئالايتقان هال-
دا ۋارقىرىدى. ئەسئەتنىڭ كۆزىدىن ئوت
چاقنىغاندەك بولدى. قاسىم توك ئۇنىڭ
تەپتى، ياقىسىدىن تارتىپ سىلكىشلەپ تۇر-
غۇزدى،— سەن مەكتەپتە نېمە ئوقۇدۇڭ؟
تۆت پەندىن ئۆتەلمىگەنمۇ بارمۇ؟ يېگەن
ئاش-نانىغا لايىق ئوقۇي دېيىشنى ئۇقماي-
سەن؟... گەپ قىل دەيمەن ئىتنىڭ بالىسى!...

قاسىم توك ئەسئەتنى گاه سوتلاپ،
گاه تىللاپ-دۇشكەلەپ تاكى ئۆرۈپ قولى
ئاغرىپ هارغاندىلا پەس بولدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كەت-
كەن ئەسئەت كەچتە ئۆيىگە قايتمىدى،
ئۇنىڭ ئەتىسىمۇ كەلمىدى. دادىسى ئۇنى
ئىزدەپ مەكتەپكە باردى. سىنىپ مۇدىرى
بىلەن مەكتەپ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ ئەس-
ئەتنىڭ مەكتەپكە كەلمىگىنىگە ئىككى كۈن
بولغانلىقىنى ئۇقتى-دە، مۇئەللىم بىلەن
جاڭجاللاشتى:

— ئۆيىدىن مۇشۇك يوقالسىمۇ ئىز
دېرىكىنى قىلىمىزغۇ؟ بالىلارنىڭ كەلگەن-
كەلمىگىنى بىلەن زادى كارىڭىز يوقمۇ؟

— قاسىمكا...

قاسىم توك مۇئەللىمگە گەپ بەرمەي
بىردىنلا تىل سالدى:

— سىز بالا ئوقۇتىمەن دېگۈچە پادا
باقسىڭىز بولغۇدەك،— قاسىم توك تاماكا
قۇتىسىنى ئېلىپ تاماكا ئوراشقا قەغەز
يىرتىۋاتقاندا مۇئەللىم ئېغىز ئاچتى:

— قاسىمكا، سەۋەنلىك بىزدىمۇ بار،
لېكىن...

— لېكىن-پېكىننى قويۇپ بالامنى
تېپىڭ!

— بولدۇ، بىراق...

— بالا ئۈلۈشكۈن مەكتەپكە كەت-
كەن... مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ. سىز دەرهال
بالىنى تېپىڭ، بولمىسا ...— قاسىم توك
تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بىر گەپنى يۇتۇ-
ۋەتتى-دە، ئورنىدىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن سەرەڭگىسىنى غەزەپ بىلەن
ياندۇرۇپ، ئالدى-كەينىگە قارىماي مەك-
تەپتىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىدىن بېرى ئوت يېقىلمىغان ئۆي
قاسىم توكقا ئالادىن بەتتەر سوغۇق، بو-
ران ئۇچۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. نەرسە-
كېرەكلەرنىڭ رەتسىزلىكى، يەرگە قالايمىقان
تاشلانغان قەغەز پارچىلىرى، تاماكا قالدۇقلى-
رى ئۇنىڭ بۇزۇلغان كەيپىنى تېخىمۇ ئۇ-
چۇردى...

— ئىتنىڭ بالىسى!— قاسىم توك شۇن-
داق دېدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ
سىرتقا ماڭدى. ئۇ دۇكاندىن بىر بوتۇلكا
ئاق هاراق ئەكىردى ۋە ئۇنى پىيالىغا
ئىككىگىلا بۆلۈپ ئىچكەندىن كېيىن كارى-
ۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئورنىدىن
تۇرۇپ ئۇدۇل مەكتەپكە باردى.

— ئەسئەتنى بۈگۈن تاپتۇق، قاسىم-
كا،— دېدى مۇئەللىم قاسىم توك-
نى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ،— باشقا
مەكتەپتىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن.

— مەكتەپكە نېمىشقا كەلمەپتۇ ئۇ
شۇم؟

— قاسىمكا،— دېدى مۇئەللىم سەل
جىددىيلىشىپ،— بالىنى تىللىماي چىرايلىق
تەربىيە بېرەيلى. مەن ئاتا-ئانىلار يىغىنى-
دا چارەكلىك ئىمتىهان نەتىجىسىنى ئېلان
قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەن نومۇر ئالغان با-

لىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىمۇ بار. بالا تۇۋۇەن دومۇر ئالسا تىللاپ ئۇرساق بولمايدۇ. ئەگەر سىلى ئەسئەتكە چىرايلىق تەربىيە بەرگەن، مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلغان بولسىلا، ئۇ ئۆيدىن يامانلىمىغان، مەكتەپتىن قاچمىغان بولاتتى...

قاسىم توك مۇئەللىمنىڭ گېپىگە لوقما سالدى:

— مەن ئۇنىڭغا ئاش - نان بېرىۋاتقان دادا - دە، بىر يەرگە بارسا ماڭا دەپ قويۇشى لازىمغۇ؟ ئۇن - تىنسىز يوقالسا... بەغەرەز!...

— خاپا بولمىسىلا، ئەسئەت سىنىپىمىزدىكى ياۋاش، ئەقىللىق، خۇلقى - مىجەزى ئوبدان بالىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۈچ كۈن كەلمىگەن بولسا، كېرەك يوق، بىز ئۇنى ىپتىشتۇرۇپ كېتىمىز...

مۇئەللىم بىلەن قاسىم توك ئارىسىدىكى سۆھبەت دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن ئاز ئۆتمەيلا كارىدورنى بىر ئالغان ۋاڭ - چۇڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. مۇئەللىم قاسىم توكنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتتى بولغاي، بىر بالا ئىشخانىغا ئىتتىك كىرىپ كەلدى - دە:

— مۇئەللىم، مەيداندا ئەسئەتنى دادىسى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ كەتتى، ئاجرىتالمىدۇق، — دېدى...

*

ئەسئەت ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چوڭ شەھەر، ئۆيى، مەكتىپىنى تاشلاپ قېچىپ چىققىنىغا ئىككى كۈن بولدى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆمرىدە كېلىپ باقمىغان بىر شەھەرنىڭ كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرمەكتە. ھاۋا سوغۇق، قار ئۇچقۇندىماقتا. كۈن چۈشكە تاقىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەسئەت ئەتىگەندىن بېرى قاقچىلىك بىر نەرسىنى ئاغزىغا سالغىنى يوق. ئۇ ئاخشام بېكەتتىكى بىر يولۇچى بەرگەن يېرىم ناننى قورۇقلا يەپ، بېكەتنىڭ كۈتۈش زالىدا بىر كېچىنى دۈگدىيىپ ئۆتكۈزگەن. شۇڭا خېلى قىلىن كېيىنگەن بولسىمۇ، ئاچ قورساق بولغاچقا توڭلىماقتا، ئىچ - ئىچىدىن تىترىمەكتە...

ئۇ، كوچىنىڭ ئوڭ قاسنىقى بىلەن ئاستا كېتىۋاتىدۇ. نەگە بېرىشنى، ئەمدىكى كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆيىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ شەھەرگە بىر شوپۇرغا يېلىنىپ- يالۋۇرۇپ، يالغان گەپ بىلەن ئاران كېلىۋالدى. يەنە قايسى شوپۇرغا يالۋۇرۇپ، كىملەرگە سارغىيىپ ئاپىسى بار شەھەرگە بارار؟ ئۇ ئاپىسىنى ئەسلىدى: «ئاپامنىڭ باغرى نېمانچە قاتتىقتۇ؟ دادام ئاپامنى باغرى تاش... دەپ تىللايدىغان، راستمىكىنە؟...»

ئەسئەت دادىسىنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مەكتەپتە — ساۋاقداشلىرى ئالدىدا دادىسىدىن ئىشتىكەن تىل- ئاھانەت، كاچات - پەشۋا يۈرىكىگە ئورناپ قالغانىدى.

«ھۇ، يەر يۇتقۇر شۇم! ... ئوغرى! يانچۇقچى!...»

قاسىم توك ئۇ كۈنى بىر - ئىككى كاچات، بىرەر پەشۋا بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىپ قايتقان بولسا، ئەسئەت ساۋاقداشلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆيىگە قايتقان بولاتتى. بىراق دادىسى ئۇنى تىللاپ، ئۇرۇپ ساۋاقداشلىرى ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئۇ ئاھانەتلىك گەپلەر ھازىرمۇ قولاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، سەبىي قەلبىنى ئاتىلىماقتا...

www.uyghurkitap.com



ئۇ بۇرنى ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئۈن
سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. خىيال-
لىرى چىگىشلەشتى. «ئاپام، دادام نېمىشقا
ئۆي تۇتقان، مېنى نېمىدەپ تۇغقان
بولغىيتتى؟... ئاپام مېنى ئويلامدىغان-
دۇ؟... دادام ئىشىنى قويۇپ مېنى ئىزدە-
ۋاتامدىغاندۇ؟ ... يە كوچىدا باش پاناھسىز
ئۆلۈپ قېلىشىمنى تىلەمدىغاندۇ؟... راست!
ئۆلۈۋالاي!...ئۆلۈپ خاتىرجەم بولاي....»
ئەسئەت ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدى.
لېكىن كوچىدا قالغان ئۈن ئۈچ ياشلىق
بۇ بالىغا ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن كىنو ـ تىيا-
تىرلاردىكىدەك ئۆزىنى ئاتىدىغان دېڭىز-
دەريا نەدە دەيسىز؟ زەھەرلىك دورا ئې-
چەي دېسە ئۇنى نەدىن تاپىدۇ؟ بازاردا
بار بولغاندىمۇ ئۇنىڭغا پۇل كېرەك! ئەس-
ئەتتە بولسا تىيىننىڭ سۇنىقى يوق...
ئۇ «ئۆلۈۋېلىش»نىڭ بۇنچە تەسلىكى-
دىن قاتتىق خورسىنىپ، نىشانسىز قەدەملى-
رىنى ئاستا تاشلايتتى، ئۆلۈمنىڭ ئاسان،
ئاددىي يوللىرى توغرىلىق باش قاتۇراتتى:
«توغرا، بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلاي!» ئۇ
بۇنداق ئاسان چارىنى ئويلاپ تاپقىنىغا
ئىچ ئىچىدىن خۇرسەن بولدى ۋە شۇ ها-
مانلا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا نەزەر سال-
دى. لېكىن بۇ چوڭ كوچا پۈتۈنلەي بىر-
ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئارىسى-
دىن ئېلىنغان بولۇپ، كىشى ئۈستىدىن
سەكرىسە هايالسىز ئۆلۈدىغان تۆت ـ بەش
قەۋەتلىك بىنالارنى تاپقىلى بولمايتتى.
«راست،— دېدى ئەسئەت ئىچىدە، — بېكەت-
نىڭ ئالدىدىكى ئېگىز!...» ئۇ دەرهال كەي-
نىگە يانماقچى بولدى. بىراق، ئۇ ئېگىز
بىنانىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلىق چوڭ
دەرۋازا يېنىدا تۇرغان قورالىق پوستىنى
ئېسىگە ئېلىپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى:
«ئىشىكتىن قانداق كىرىمەن؟ بىنا ئۈس-
تىگە چىققىلى قويامدۇ؟ ئىسىت، تۈنۈ-
گۈن تاغ ئارىسىدىكى چوڭ يولدا چۈشۈپ
قېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەسكە ئۆ-
زۈمنى ئاتقان بولسامچۇ؟»
بۇ چاغدا كوچىدا ۋېلىسىپىتلىك، پى-
يادە كېتىۋاتقان كىشىلەر كۆپىيىپ قالدى.
بۇ هال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چۈشلۈك
دەم ئېلىش ۋاقتى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بې-
رەتتى. ۋېلىسىپىتلىكلەر ئۆزمەي قوڭغۇراق
بېرىپ، پىيادىلەر چاققان ـ چاققان قەدەم
تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ... ئۇلار ئۆيلىرىگە تېز-
رەك بېرىپ، بالىلىرىغا چۈشلۈك تاماق ئې-
تىپ بېرىشكە ئالدىراۋاتقاندۇ؟ مانا چوڭ
كوچىدا بەش ـ ئوندىن توپلىشىپ كۈلكە-
چاقچاق، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ ئوقۇغۇچىلار
پەيدا بولدى. ئەنە، قىزىل گالس-
تۇكلۇك بىر توپ بالىلار ئەسئەتكە قاراپ
كەلمەكتە. بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، پاكىز
كىيىنگەن بۇ بالىلار غەم ـ قايغۇسىز بول-
غاچقا، كوچىنى بىر ئالغۇدەك ئاۋازدا كۈ-
لۈشمەكتە، ئورمانلاردىكى ئەركىن قۇشلار-
دەك چۇرۇقلاشماقتا...
شۇ ئارىدا ئەسئەتنىڭ ئارقا تەرىپىدە
پەيدا بولغان يەنە بىر توپ چوڭ بالىلار—
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا يې-
تىشىۋالدى. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپ ئو-
قۇغۇچىلىرىدەك چۇڭقۇلداشماستىن پەس ئا-
ۋازدا پاراڭلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.
ئەسئەت ئاڭلاپ قالدى:
— مەنمۇ مېدىتسىنادا ئوقۇي دەي-
مەن. ئاپام دائىملا: «دوختۇر سېنى ئۆ-
لۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان. سەنمۇ دوختۇر
بول...» دەيدۇ...
— مەن ئوقۇتقۇچى بولىمەن...
ئەسئەت قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇلارغا
ئەگىشىپ ماڭدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭمۇ
ئەڭ ياخشى ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ خىمىيە
دەرسىگە ئالاهىدە ئىشتىياق باغلىغان، بۇ
دەرسنى بېرىدىن، كۆڭۈل قويۇپ پىششىق

(ئاخىرى 88 ـ بەتتە)

خالىپە ساۋۇت

# ئوقۇغۇچىنىڭ سوئالى

(ھېكايە)



مەن ئىشخانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتىم. نۆۋەتتىكى دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىشىمغا ئىچىدىن بىر پارچە كونۋېرت چىقتى. كونۋېرتنىڭ ئاغزى چاپلانمىغان بولۇپ، ئۈستىگە ئادرېسمۇ يېزىلمىغانىدى.

«بۇ نېمە خەتتۇ؟» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى-دە، تەئەججۇپ ئىچىدە خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«جېنىم ئانا، سالامەتمۇ سىز؟ ئوكامچۇ؟ ئانا! مەن سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، مېنى نېمىدەپ دادامغا تاشلاپ كەتكەن بولغىيدىڭىز؟ شۇ كۈنى سىز دادامنىڭ كېيىگە ئۇنىماي، چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالغاندىن كېيىن، دادام بېشىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، بىر دەم ئولتۇردى-دە، ئاندىن ماڭا:

— ... يۈز-كۆزۈڭنى يۇيۇپ، پاكىزە كىيىملىرىڭنى كىيگىن، سېنى مەرىكىگە ئاپىرىمەن، — دېدى.

مەن «بارمايمەن» دېدىم.

— دادام مېنى ئاپارمىسا زادى بولمايدىغاندەك، ئاۋۋال مېنى بەزلىدى، كېيىن بولسا تىللاپ قورقۇتتى. شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، بۈگۈنكى مەرىكىگە بىزنىڭ ئۆينىڭ داستىخىنىنى مەن ئاپىرىدىكەنمەن. مەن ئىلاجىسىز داستىخاننى كۆتۈرۈپ دادامغا ئەگەشتىم. بىز مەرىكە بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا سېمىزغىنا كەلگەن بىر ئايال يېنىمىزدا پەيدا بولدى. دادام ئالدىراپ مېنىڭ قولۇمدىكى داستىخاننى ئېلىپ:

— بىزنىڭ ئايال ئاغرىپ قېلىپ كېلەلمىدى، — دېدى ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغاندەك بىر ھالەتتە. ئاندىن داستىخاننى ئېچىپ، بىر مۇنچە سىلىق-سىپايە سۆزلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتتى.

بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچۈن خېلى چوڭ سوۋغا ھېسابلانغان بۇ سارجىغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قارىغان بۇ ئايال ۋەلى ھاكىمنىڭ ئايالى ئىكەن. ئانا، دادامنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتىنى بىر كۆرگەن بولسىڭىز ئىدى، قاراڭ! ئۇنىڭ ئۆيدىكى سۈرۈن تەلەتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، ئۇ خۇددى ئۆز سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئانىسىدىن ئەركىلەپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراۋاتقان كىچىك بالىغىلا ئوخشايتتى.

ئانا، ئەمدى چۈشەندىم، سىز دادامنىڭ كېپى بويىچە «قائىدە ئۇقمىغان»لىقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت نامىنىلا ئاڭلىغان، ئۆزىنى كۆرمىگەن، بىرەر قېتىممۇ باردى-كەلدى قىلىپ باقمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە خۇشامەت داستىخىنى ئاپىرىشنى خالىماي دادام بىلەن ئۇرۇشۇپتىكەنسىز.

ئانا، نېمىشقىمۇ ئايال زاتى بولۇپ تۆرەلگەندىمىز؟ دادامنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. مەن يەنە قايسى ئۆيلەرگە خوشامەت داستىخىنى كۆتۈرەرمەن؟ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇشامەتنىڭ سېسىق بۇسىدا چىرىپ كەتكەن دادام، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇشامەت ئۈچۈن مېنىمۇ... قورقۇۋاتىمەن ئانا، مېنى يېنىڭىزغا ئېلىپ كېتىڭ.

ئانا، سىز مۇشۇ كەمگىچە سارجىدىن بىرەرمۇ كىيىم كىيىپ باقمىدىڭىز، ھېلىقى زەر گۈللۈك كۆڭلەكنى پەقەت ھېيتلاردىلا كىيگىنىڭىزنى بىلىمەن. ئەجەبا، دادام سىزگە بېرىشكە قىيمىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ بېرىدىكىنا. دادام تېخى بۇنى: «بۇ دېگەن قائىدە-يوسۇن، شۇنداق قىلىپ، ئاندىن باشلىقلار بىلەن تونۇشىمىز» دەيدۇ. ئانا، سىز دەڭا، بۇ قانداق قائىدە؟ دادام بۇ قائىدىنى قاچاندىن بېرى ئۆگەندى؟ كىمدىن ئۆگەندى؟ بۇ قائىدىنى سىزنىڭ دادىڭىز — مېنىڭ چوڭ دادامۇ بىلەمدۇ؟ باشلىق بولغان ئادەملەر بىلەن تونۇشمىسا زادى بولمامدۇ؟...»

خەتنىڭ داۋامى يېزىلمىغانىدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكى مەرىكىگە داخىل بولۇش ئارزۇسىغا قانغان بىر سىما پەيدا بولدى. كەينىدىنلا دىلنۇرنىڭ — شۇ ئوقۇغۇچىمنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىياللار ئىلكىدە دىلنۇرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدىمەكتىمەن...

---

(بېشى 86 - بەتتە)

ئۆگەنگەن ئەمەسمىدى؟ «چوڭ بولغاندا خىمىيە ئالىمى بولىمەن، ھېچ بولمىغاندا خىمىيە سانائىتىنىڭ ياراملىق كىشىلىرىدىن بولىمەن...» دېگەن بۇيۈك ئىستەك ئۇنىڭ ياش قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مەھكەم پۈكۈلگەن ئىدىغۇ...

شۇم تەقدىر بۇ غايىلىك ئوغۇلنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان مەكتەپ قويىنىدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى، ئايرىغاندىمۇ شۇنداق ئاسان، شۇنداق تېز ئايرىپ، شۇنداق يىراقتىكى شەھەر كوچىسىغا سەرگەردان قىلىپ تاشلىدى.

ئەسئەتكە ھېلىقى چوڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گەپلىرى تەسىر قىلدى بولغاي، ئويلىنىپ قالدى: «ئۇلار دېگەنلىرىدەك ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتەلەرمۇ؟ بەلكىم يېتەر، ياكى يەتمەس. لېكىن ئۇلار ياشاشنى، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشنى دىلىغا مەھكەم پۈكۈپتۇ... دوختۇر بولىمەن دېگىنى ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشىگە قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىمەن دېۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئالىيجانابلىق، ياخشى پەزىلەت. مەنچۇ؟ ئۆلۈۋالاي دەۋاتىمەن، ئۆلۈۋالايمۇ؟... ياق، ياق!... مەن ساق-سالامەت ئىكەنمەن، ماڭسىمۇ ھايات يولى تېپىلىپ قالار...»

ئۇ ھېلىقى بالىلارغا خېلىغىچە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن چوڭ كوچىغا، قارايدىغان ئەركىن بازارنىڭ نەقىش چېكىلىپ ياسالغان چوڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ قالدى. ئەسئەت دەرۋازىنىڭ نەقىشلىرىغا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بازار ئىچىگە ماڭدى. بۇ چاغ چۈش ۋاقتى بولغاچقا، بازار ئىچى تازا قىزىغان بولۇپ ئادەملەر مىژ-مىژ قىلاتتى. ئۇ ھايات ئۈچۈن جىددىي ئېلىشىۋاتقان ئەنە شۇ ئىنسانلار ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى...



ئابلىكىم روزى

# شېئىرلار

## تۇتاش ئىكەن كۈلكىسى

مەن كېسەلدىن ساقىيىپ
كۈلگەنىدىم شادىمان،
خۇشاللىنىپ كۈلدى تەڭ
ئاتا - ئانام شۇ هامان.
بىلدىم، ماڭا تۇتاشكەن
ئۇلارنىڭ شاد كۈلكىسى.
تولۇن ئايكەن، قۇياشكەن
ئانام، دادام ئىككىسى.

## نېمىشقا ئاز ئۇخلايدۇ؟

ئويلاپ قالدى بىر كۈنى
يەتتە ياشلىق بەختىيار:
ئاتا - ئانام هەر سەهەر
مەندىن بۇرۇن ئويغىنار.
ئۇلار زادى نېمىشقا
مېنىڭدىن ئاز ئۇخلايدۇ؟
ئويتۇسىنى پارچىلاپ،
ماڭا بەرگەن ئوخشايدۇ.

## كېسەل تۇرسا جان ئانام

ئازات دېدى گۈلشەنگە:
«يۈرگىن ئاداش، يۈرگىنە.
بىللە ئويناپ مەن بىلەن،
ياپرىغىنا، كۈلگىنە.»
گۈلشەن دېدى: «جان ئانام
ئۆيدە كېسەل ياتىدۇ.
شۇڭا ئويۇن - كۈلكىنى
كۆڭلۈم قانداق تارتىدۇ؟»

## ئالبۇم

بىزنىڭ ئۆيدە ساندۇقتا
چىرايلىق بىر ئالبۇم بار.
شۇ ئالبۇمنى هەر كۈنى
ۋاراقلىغۇم - كۆرگۈم بار.
سۈرىتى بار ئۇنىڭدا
مەرهۇم بوۋام - مومامنىڭ.
سۈرىتى بار ئۇنىڭدا
دادام بىلەن ئانامنىڭ.
شۇ ئالبۇمدا بار تېخى
مېنىڭ بوۋاق چاغلىرىم.
شۇ ئالبومدا چاقنايدۇ
گۈزەل يۇرتۇم - باغلىرىم.
شۇ ئالبۇمدا بار يەنە
ساۋاقداشىم - دوستلىرىم.
دەيمەن شۇڭا يۈرەكتىن:
ئالبۇم كۆرۈش — خۇشلىقىم.

## ئانا سۆيۈنگەن سوئال

بۈگۈن ئىزنىڭ دادىسى
هاراق ئىچىپ مەس كەلدى.
كۆزلىرىدە قىزىللىق،
پۇتى ئېگىز - پەس بولدى.
سوراپ قالدى بالىسى:
«دادا، هاراق بەلەنمۇ؟
ياكى دوختۇر ئاكاملار
پايدىسى بار دېگەنمۇ؟»
دادىسى بۇ سوئالنى
قويغانىدى جاۋابسىز.

لېكىن، ئانا سۆيۈنۈپ
دېدى: «ئوغلۇم، يارايسىز!»

## كىم ياخشى دەپ سورىسا

دېگەندى ئانىسى:
«جېنىم قىزىم، ئامىنە،
مەن ياخشىمۇ داداڭمۇ؟
قېنى، جاۋاب بەرگىنە.»
جاۋاب بەردى ئامىنە:
«دادام ياخشى، سەن ياخشى.
ياخشى بولغاچ ئىككىڭلار،
مەن — بەختىيار، مەن — ياخشى.»

ئەركىن داۋۇت

## قالدۇرىمىز ئارقىدا

يىراق - يىراق يۈگرەيمىز
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
كېلەچەكنىڭ ئىشقىدا
كۆڭۈللەرنى شاد قىلىپ.

بەسلىشىمىز بوش كەلمەي،
رىقابەتتە يول بەرمەي.
قالدۇرىمىز ئارقىدا
بەزىلەرنى مات قىلىپ.

## سۈزۈك سۇ

شىلدىر - شىلدىر سۈزۈك سۇ
باغدا ئويناپ ئاقىدۇ
تۈرلۈك - تۈرلۈك گۈل - گىياھ
ئۇنىدىن ھايات تاپىدۇ.

كۈيچى قۇشلار ۋىچىرلاپ،
تىنماي قانات قاقىدۇ.
بۇ مەنزىرە كۆڭلۈمگە
ئەجەپمۇ بەك ياقىدۇ.

شىلدىر - شىلدىر سۈزۈك سۇ
ئۈنچە - مارجان چاچىدۇ.
ئۈممىد گۈلى قەلبىمدە
غۇنچە - پورەك ئاچىدۇ.

ياسىن ئىسمايىل

## بېلىقلار

ئەي بېلىقلار، بېلىقلار،
شىشىدىكى بېلىقلار،
يوق نېمىشقا سىلەردە
شوخلۇق، ئەركىن قىلىقلار؟

ھازىر قىشمۇ ياكى ياز،
بىلمەيسىلەر زادىلا.
نېچۈن بولۇپ قالدىڭلار
بۇ شىشىگە مۇپتىلا؟

زوق قوزغىماس سىلەردە
نېچۈن كۆللەر، ئېرىقلار؟
ئويلىغانچە،
قەلبىمنى
ئاچچىق ئەلەم چىۋىقلار.

## كېپىنەك

باغلىرىمدا ئېچىلدى
تۈرلۈك - تۈمەن گۈل - چېچەك.
كۈلۈپ خۇشال ئوينىغىن
گۈل خۇمارى كېپىنەك.

گۈزەل باغلار چىمەنلەر
بىزنىڭ يۇرتتا كۆپ شۇنچە.
ئىشچان خەلقىم ھەر كۈنى
پەرۋىش قىلار گۈل - غۇنچە.

مەنمۇ خۇشال بولىمەن
سەن ئوينىساڭ شادىمان.
گۈل ئۆستۈرگەن خەلقىمنى
ئۇنتۇمىغىن ھېچقاچان!

ئىلھامجان ئاپلىز

# ئۈچ شېئىر

## قارلىق دالا

ھەۋەس بىلەن قارايمەن
ئاق لىباسلىق زېمىنگە.
ئاپئاق دالا ئاققۇدەك
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە.

شاخقا قونغان كۈمۈش قار
تۇرار چېچەك كۈلگەندەك.
كۈلەر ئەنە قار بوۋاي
شادلىقىمنى بىلگەندەك.

توزىنىمۇ بولارنىڭ
كۆكتىن چۈشكەن ئاق چېچەك؟
ياكى ئۇستاز چېچىمۇ؟
پارقىرايدۇ يۇلتۇزدەك.

قارلىق دالا كۆرۈنەر
رەسسام تاغام سىزغاندەك.
ئاق چېچەكنى زېمىنگە
دەستە ـ دەستە تىزغاندەك.

## مەنمۇ باراي مەكتەپكە

ئاكام ماڭسا مەكتەپكە
ھەۋەس بىلەن قارايمەن.
يېشىم تېخى ئالتە، دەپ
بارمىقىمنى سانايمەن.

نەچچە قېتىم ئەگەشسەم،
توسۇۋالدى چوڭ ئانام.
دەيدۇ تېخى «بارمىغىن،
يېشىڭ كىچىك، جان بالام...»

«ئېلىپبە»نى ئۆگەندىم،
يازالايمەن ئېتىمنى.
سان ـ سىفىردىم چىرايلىق،
ھەممە ماختار خېتىمنى.

مېنى توسماڭ، چوڭ ئانا،
مەن مەكتەپكە بارايچۇ.
پىئونېر بوپ ئاكامدەك،
مەنمۇ بىلىم ئالايچۇ.

## كۆچەت تىكتىم مەكتەپكە

كۆچەت تىكتىم مەكتەپكە،
ئىككىمىز تەڭ ئۆستىمىز.
قالقان بولۇپ ۋەتەنگە،
بورانلارنى توسىمىز.

يىلتىز تارتىپ ئەبەتكە،
گۈل ـ غۇنچىلار ئاچىمىز.
ئانا ۋەتەن قوينىدا
خۇش پۇراقلار چاچىمىز.

## تەرمە گۈللەر

رۇقىيە تۇردۇش (ئوقۇغۇچى)

# مەن دۆت ئەمەس

(ھېكايە)

قەيەر ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، ئەمما تۇساتتىن ئەقىللىق بىر بالىغا ئايلىنىپ، ھەممەيلەننى تاڭ قالدۇرۇپ، «دۆت» دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق نامدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، تولىشىپ ئويناۋاتقان باللاردىن يىراقراق تۇرغىنىم ئېسىمدە ... قۇلاق تۈۋىمدە ھەر خىل ئاۋازلار جاراڭلايتتى:

— ئۇ بىز بىلەن ئوينىمىسۇن!

— ئۇ بىر دۆت نېمە ...

— ئۇ ئوينىيالمايدۇ...

— ئاپا، ئىشقا ماڭغان ۋاقتىڭىزدا ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا بەرمەڭ، بىلىسىزغۇ، ئۇ ساقلىيالمايدۇ، — دەيتتى ئاچام.

— ئۇنى مەكتەپكە بەرمەيلى، بەرىبىر ئۇ ئوقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپتەر، كىتابلىرىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ، — بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

مەن ئۈچۈن بۇ گەپلەر شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئىختىيارسىز قۇلىقىمنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. لېكىن گەپ شۇنىڭ بىلەن توگىمەيتتى. قۇلىقىمغا بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

— ئىت يىلى تۇغۇلغان بالا دۆت بولىدۇ. بۇ بالا ئىت يىلى يىل بېشىدا تۇغۇلغان! بۇ تۇغما دۆت!

«دۆت! دۆت! دۆت! ...» مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم - دە، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا قۇيۇندەك قاچتىم، تاكى بۇ ئاۋازلار قۇلاق تۈۋىمدىن يۇتكىچە يۈگۈردۈم...

مەن ئۇزۇن يۈگۈرۈپ ھېرىپ توختىغاندىن كېيىن كىشىنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان ئارقا كوچىدىكى بىر تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتىم:

«ئەگەر مەن راستىنلا ناھايىتى ئەقىللىق بالىغا ئايلىنىپ قالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟... بىراق، مەن بەرىبىر تۇغۇلۇشىمدىن دۆت ئەمەسمۇ؟ ... دادام مېنى مەكتەپكە بەرمىسە مەيلى، چۈنكى مەكتەپكە كىرسەم دۆتلۈكۈم ئاشكارىلىنىپ قالسا يەنىلا ماڭا سەت...» مەن شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى ئۆيىمىزگە يىراق شەھەردىكى تاغام كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قانداق ۋاقىتتا تۇغۇلغانلىقىمنى بىلمىسە كېرەك، مېنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ بالىسى بولمىغاچقا، مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي تاغام بىلەن يىراق شەھەرگە كەتتىم. بۇ يەردە مېنىڭ «دۆتلۈكۈم» توغرىلىق سۆزلەيدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال ئىدىم، بىراق ھامان بىر كۈنى «دۆت» ئىكەنلىكىم ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى ئويلىسام، ۋۇجۇدۇمنى ۋەھىمە بېسىپ،

يۈرىكىم سىقىلىپ ئاغرىيتتى. ئەنە شۇ ۋە-
ھىمىلىك كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى.
تاغام مېنى مەكتەپكە بەرمەكچى بولدى.
ئۇ ماڭا ئىچىنغان ھالدا:

— سەككىز ياشتىن ئاشقان بالىنىمۇ ئېخچە مەكتەپكە بەرمىگەن بارمۇ! ھەر ھالدا بۇ يىلقى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىگە ئۈلگۈردۇق. سېنى ئەتىلا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى. مەن يىغلامسىراپ تاغامغا يالۋۇردۇم:

— تاغا، مېنى مەكتەپكە ئاپارمىسىڭىز...مەن...مەن ئوقۇيالمايمەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ — تاغام ھەيران بولدى، — ئوقۇيالمايدىغانمۇ ئىش بولامدىكەن؟...

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى تاغام مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەن ھودۇقۇش، تەشۋىش ئىچىدە ماڭا كۆرسىتىلگەن پارتىغا بېرىپ جىمجىت ئولتۇردۇم. بالىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ پارتىلارنىڭ ئۈستىدە سەكرىشەتتى، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ دوسكا ئالدىدىكى بورلارنى تالىشاتتى. دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋالغان ۋىجىك بىر بالا چىرقىراق ئاۋاز بىلەن: «مۇئەللىم كەلدى!» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇيپۇر - تويپۇر بولۇشۇپ ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

كۆزەينەك تاقىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر ئەر مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن بىردەك تاراقىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئورنىمدىن تۇردۇم. مۇئەللىم بىزگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ بىزنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسىمىزنى، يەنى «ئا» ھەرپىنى ئۆتكەلى كىرگەنىدى. شۇ كۈنى مەن ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدىم. مۇئەللىم بىزگە دوسكىدىن «ئا» ھەرپىنى دەپتەرگە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىشقا بۇيرۇغاندا بولسا، ئېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتىم. قېرىنداش تۇتقان قولۇم توختىماي تىترەيتتى. قۇلاق تۈۋىمدە نەلەردىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان سەت بىر خىرقىراق ئاۋاز: «سەن دېگەن دۆت! چوقۇم يازالمايسەن! ئۆيۈڭدىكى ۋاقتىڭدا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ساقلىيالماي يۈتتۈرۈپ قويغان ئەمەسمىدىڭ؟» دەۋاتقاندەك بولاتتى. قېرىنداش قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەمما مەن ئېگىشىپ قېرىنداشنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى، «ئا» ھەرپىنى يازىمەن دەپ، باشقا نەرسىنى يېزىپ قويۇشۇم ياكى پەقەتلا يازالماسلىقىم مۇمكىنغۇ؟ لېكىن بۇنداق ئولتۇرۇۋېلىشقىمۇ بولمايتتى. ئۇ چاغدا بالىلار مېنى «بۇ بالا بەكلا دۆتكەن، ھېچ نەرسىنى يازالماپتۇ» دېيىشىپ تىللىرىنى چىقىرىپ زاڭلىق قىلىشى چوقۇم ئىدى. دەل شۇ چاغدا يوغان بىر قول كېلىپ، چۈشۈپ كەتكەن قېرىنداشنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ «ئا» ھەرپىنى يازغۇزدى.

ئاھ! ئاسانلا بىر ئىش ئىكەنغۇ؟ نېمىگە بۇنچىلا قورقۇپ كەتكەندىمەن؟

ھېلىمۇ ياخشى، مۇئەللىم مېنى بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئەمدى ياخشى بولدى، بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ - دە! مەن دېگەن تۇغما...

كەچلىكى تاغام مېنى بىر قاپ تاماكا سېتىۋېلىپ كىرىشكە بۇيرۇپ بەش مو پۇل بەردى. مەن پۇلنى كۆتۈرۈپ، يولنىڭ سول قانىتىدىكى دۇكانغا كىردىم. دۇكاندا دۇكاندارنىڭ مەندىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ، كۆزلىرى ھەييارلىق بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىق بالىسى سودا قىلىۋاتقانىكەن. مەن تارتىنىپراق سورىدىم:

— بىر قاپ تاماكا قانچە پۇل؟

— ئۈچ مو، تاماكا چېكەي دەمسەن،

ئاسلان!؟ — ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق چاقچاق قىلىشىدىن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ نېمىلا دېگەن بىلەن مېنى «ئاسلان!» دەپ چاقىردى، بۇ گەپ «دۆت» دېگەندىن كۆپ ياخشى-دە! ئېھتىمال، مەن ئۇنىڭغا ئاسلاندەك ياۋاش كۆرۈنگەندىمەن. شۇڭا گەپ قىلماستىن پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ بىر قاپ تاماكا بىلەن بىر مو پۇلنى ئالدىمغا تاشلاپ قويدى.

ئىچىمدە «ئىككى مو قايتۇرۇشى كېرەكتىغۇ؟»... دەپ ئويلىدىم، لېكىن يەنە مەن «دۆت» بولغاچقا، خاتا ھېسابلاۋاتقان ئوخشايمەن، بولدى سورىماي، ئۇ دۆتلۈكۈمنى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىدىم-دە، تاماكىنى ئېلىپ يۈگۈرگەنچە ئۆيگە قايتىپ كىردىم. تاغام تاماكىنى ئالغاچ قولۇمدىكى پۇلغا قاراپ:

— بىر مو قايتۇرۇپ بېرىپتىغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن گەپ قىلماستىن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— نېمىشقا گەپ قىلمىدىڭ؟ سېنى-زە... شۇنچىغىمۇ كاللاڭ ئىشلىمىدىمۇ؟ — تاغامنىڭ ئاۋازى پەس، مۇلايىم بولسىمۇ، ماڭا قاتتىق تەگدى. بىراق مەن گۇناھنى ئۆزۈمدە، ئۆزۈمنىڭ تەبىئىي دۆتلۈكىدە قويدۇم. راستىمنى دېدىم:

— تاغا، مەن دۆت!... مەن... مەن ئىت يىلى يىل بېشىدا تۇغۇلغان تۇغما دۆت...

تاغام ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— ئىت يىلى يىل بېشىدا تۇغۇلساڭ نېمە بوپتۇ؟ — دېدى پەرۋاسىزلا.

— ئۇ يىلى تۇغۇلغان بالا دۆت بولىدىكەن، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى «تۇغما دۆت» دەيتتى.

تاغام تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى-دە، مېنى يېنىغا تارتىپ:

— سېنى دۆت دېگەنلەرنىڭ ئۆزى دۆت! ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمە جۇمۇ! سەن دۆت ئەمەس، ئەقىللىق بالا! ئۇقتۇڭمۇ، ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرى سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى «دۆت» دەپ ئويلىغۇچى بولما، سەن سەل تارتىنچاق. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنى ئەركىن، دادىل تۇت، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن «دۆت» دېگەن بۇ سۆز ئىككىنچى ئېغىزغا ئېلىنمىدى. گويا مەن بۇ سۆزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ياكى دۇنيادا زادىلا بۇنداق سۆز مەۋجۇت ئەمەستەك ھېسقا كېلەتتىم. مەن مەكتەپتىمۇ ئىلگىرىكىدەك سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي ئولتۇرۇۋالمايدىغان بولدۇم. بەزىدە بەرگەن جاۋابىم خاتا بولۇپ قالسىمۇ مەيۈسلىنىپ كەتمەيتتىم. كۆپ ھاللاردا توغرا جاۋاب بېرەتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ دۆت ئەمەسلىكىمنى بارا-بارا چۈشەندىم. ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم ئاشتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندىم. ھازىر مەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم. مۇئەللىم، ھەتتا ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى «زېھنى ئۆتكۈر» دەپ ماختىشىدۇ. مەن تېخى تاغامدىن رېمونتچىلىقنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. تاغام دائىم ماڭا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قاراپ قويىدۇ. بۇ يىل يازلىق تەتىلدە مەن تاغام بىلەن بىللە يۇرتۇمغا بارىمەن. يۇرتتىكى بالىلارغا، ئائىلەمگە، خەلقى ئالەمگە دۆت ئەمەسلىكىمنى جاكالايمەن!

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 7 - سانىدىن ئېلىندى)

قادىر تۇردى

# يەتتە ئەزا سۆزلەشتى

## مۇقەددىمە

سەھەر تۇرۇپ تىڭشىسام،
يەتتە ئەزا سۆزلەشتى.
ھاياتىنى مەنىلىك
ئۆتكۈزۈشنى كۆزلەشتى.

بىر-بىرىنىڭ ئالدىدا
جاكالىدى بۇرچىنى.
شۇنى يازدىم سىلەرگە
سۆزدىن تىزىپ ئۈنچىنى.

## مېڭىنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۇرچۇم — ئويلىنىش،
پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش.
ھەر بىر ئىشتا ئىگەمگە
توغرا ئەقىل كۆرسىتىش.

ئىشلىمىسەم ئىگەمنىڭ
پەرقى نېمە ساراڭدىن؟!
خەلقىم بىزار بولمامدۇ
مېۋە بەرمەس باراڭدىن.

## كۆزنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۇرچۇم — كۆپ كۆرۈش،
كۆپرەك بىلىم ئۆگىنىش.
ئېچىپ ئەقلىم كۆزىنى،
ھەق-ناھەقنى چۈشىنىش.

نادان قالساڭ، ئەل سېنى
«دىلى قارغۇ» دەيدىكەن.
ئىلىم-پەننى سۆيمىگەن
مەڭگۈ پۇشمان يەيدىكەن.

## قۇلاقنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۇرچۇم — ئاڭلىماق،
بەڭباشلىقنى تاشلىماق.
ئۇستاز بەرگەنساۋاقنى
ئەستە مەھكەم ساقلىماق.

ئاڭلىمىسام، ئەل مېنى:
«ياغاچ قۇلاق» دېمەمدۇ؟!
گەپ ئاڭلىماس بەڭباشنى
خەلقىم ياخشى كۆرەمدۇ؟!

## ئېغىزنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۇرچۇم—راست سۆزلەش،
ھەقنى جەزمەن ھەق دېيىش.
ئارام بەرمەي ناھەققە،
كۆرگەن يەردە مات قىلىش.

راست سۆزلەشكە ئۆگەتتى
مېنى يېڭى دەۋرانىم.
قىلچە يالغان سۆزلەشكە
يول قويمايدۇ ۋىجدانىم.

## يۈرەكنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۈرچۈم—بىر ئۆمۈر
ئىلىم ـ پەنگە تەلپۈنۈش.
قالاقلىقنى، ئاقلىقنى
ئەلدىن قوغلاپ كەتكۈزۈش.

پەن ئىشقىدا كۆيمىسەم،
ھەل بولمايدۇ تىلىكىم.
ھەيىيار بولسام تەييارغا،
ئەلگە نىمە كېرىكىم؟!

## قولىنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۈرچۈم — ئىشلىمەك
خەلقىمىزنىڭ بەختىگە.
مەھكەم تۇتۇپ قەلەمنى،
ئەقىل قوشۇش ئەقلىگە.

پەننى قورال قىلمىساق،
سىر بېرەمدۇ تەبىئەت؟!
قۇرۇلامدۇ ئۆزىچە
زامانىۋى مەملىكەت؟!

## پۇتىنىڭ سۆزى

مېنىڭ بۈرچۈم — ئىلگىرىلەش
ئۇلۇغ، يۈكسەك پەللىگە.
باشلاپ مېڭىش ئىگەمنى
ھەر بىر ئىشتا غەلىبىگە.

دەسسىمەسلىك زادىلا
تۈيۈق يولغا — پاتقاقتا.
ئۆمۈر بويى ئەگىشىش
بەش يۇلتۇزلۇق بايراقتا.

## خاتىمە

يەتتە ئەزا سۆزىدىن
پەخىرلەندىم ، شادلاندىم.
كۆندە ئالغا ئۆرلەشكە
بەل باغلىدىم، ئاتلاندىم.

ئەزالىرىم سۆزىنى
مەڭگۈ ئەستە ساقلايمەن.
ئىز باسارلىق بۈرچۈمنى
مەنمۇ جەزمەن ئاقلايمەن.

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى.)

ئابلىكىم سابىر

# ئۈمىد يۇلتۇزلىرى

(روماندىن پارچە)

يولداش ئابلىكىم سابىرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» ناملىق رومانى پات ئارىدا جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. روماندا كۇچار ياشلىرىنىڭ «11 بىتىم» مەزگىلىدە — 1946 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرىشى تەسۋىرلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە كىتابخانلارغا رومانىنىڭ بىر بابىنى تونۇشتۇردۇق.

—تەھرىردىن

## ئون بىرىنچى باب

## كېچىدىكى ئېلىشىش

شاڭيۇنىڭ شەھەر سودىگەرلىرىدىكى پۇلىنى يىغىپ چىققان ئەمەت يول بويىدىكى بىر ئۆيدە قىمار بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى-دە، مەشرەپ بولۇۋاتقان ھويلىدىن چىقىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دېگەندەك ياندىكى ھويلىنىڭ كىچىكرەك بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە بىر توپ ئولپەتلەر يىغىلىپ قىمار ئوينىشىۋاتاتتى. ئەمەت ئۆيگە كىرگەندە ئۆينى قارا چىراغنىڭ ئىسى بىلەن تاماكا ۋە نەشىنىڭ پۇرىقى قاپلاپ كەتكەنىدى. بىر توپ ئادەم قىمارۋازلارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى.

— ماۋۇ كوسىغا ئامەتنىڭ كېلىۋاتقىنىنى قارا، — دېدى قىمارۋازلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن قاراپ تۇرغانلاردىن بىرسى يېرىم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئەمەتنى تونۇپ ھەسەتخورلۇق بىلەن، — ئادەمگە ئامەتنىڭ بۇنداق كەلگىنىنى ھېچقاچان كۆرمەپتىكەنمەن. مانا ئەمدى سېنىڭ ئەدىبىڭنى بېرىدىغان ئادەم كەلدى!

ئەمەت كۆرەڭلىك بىلەن قىمار ئويناۋاتقانلارنى ئىككى-يانغا قىستاپ، قاتارغا

كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپ:

— قېنى، دو چىقىدىغان بارمۇ؟ — دەپ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى.

— قانچە؟ — دەپ سورىدى كوسا قىمارۋاز سايىت بوغۇق ئاۋاز بىلەن. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىچىدىن بىر تىترەك پەيدا بولۇۋاتقىنىنى سېزىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن ئۆزىگە كېلىپ قالغان ئامەتنى كۆرەلەپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى. ئۇ مۇمكىنقەدەر جىقراق يۇلۇپ ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

ئەمەت تەلەيلىك قىمارۋازغا جاۋابەن، قويىنىدىن بىر تۇتام تىزىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئون تىزىنى ئاجرىتىپ تاۋاكاغا تىكتى.

— ئاتە، مانا مانىڭغا! — دېدى سايىت ئازراق پۇل تىكىپ.

— جىقراق تىك، ئاتمايمەن.

— ئەمەت قارىي، بۈگۈن پېقىرغا ئامەت كەلگەن كۈن. بار پۇلنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، كېيىن بايغا ھېساب بەرمەكلىرى تەس بولارمىكىن.

— تولا گەپ قىلما، سايىت. بۈگۈن شەھەردىن جىق پۇل ئېلىپ چىقتىم. ھويلىدا ئېتىممۇ تەييار تۇرۇپتۇ. سەن پىت ئۈچەيلىك قىلماي كۆپرەك تىك. ئازغا ئاتمايمەن دېدىممۇ، ئاتمايمەن.

— بوپتۇ، ئاتسىلا.

ئەمەت ئوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپ، ئېتىشقا پېتىنالماي، ئۇزاق دەڭسەپ تۇردى. ھەممە دېمىنى چىقارماي جىم بولۇشتى. ئاخىرى ئوشۇقنى ئاتتى، قىمارۋازلار ئالدىغا ئىنتىلىشىپ، شۇئانلا كەينىگە داجىشتى-دە، ھەممىسى بىردەك ئۇھ تارتىپ كەتتى. ئەمەت تاتىرىپ كەتتى ۋە چىشلىرىنى مەھكەم يۇمغان ھالدا زارلىنىشقا باشلىدى.

ئوشۇقنىڭ ئۈچى ئالچا، بىرى پوزا چۈشتى. بۇ ئۇتقۇزغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى، سايىت شۇئانلا قىسقا، بوغۇق پەرياد تارتىپ، تاۋاكاغا ئۆزىنى تاشلاپلا پۇللارنى پوكىنىغا بېسىۋالدى.

ئەمەت ئۇزاقىغىچە تاشتەك قېتىپ، لەۋلىرىنى ئۈنسىز قىمىرلىتىپ ئولتۇردى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ توختاپ قالغان كۆزلىرى ئالدىدا تەۋرىنىپ تۇراتتى ۋە ئۈزەتتى، قۇلاقلىرىدا بولسا غەلىتى بىر ئاۋاز غىڭىلدايتتى.

— ھەممىسىگە دو! — دەپ تەكلىپ قىلدى ئەمەت يەنە بىر تۇتام پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ.

سايىت يەنە ئۇتۇۋالدى.

تەلەيىنىڭ بۈگۈن ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈۋالغىنىغا ئەمەتنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئەگەر ساڭا شەيتان مەدەت بەرمەيدىغان بولسا، بۇنداق قاتىرىسىغا ئۇتۇۋالالمايسەن! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئەمەت، — دو چىقە، مانا پۇل.

ئۇ قويىنىدىن ئاخىرقى بىر سىقىم پۇلنى چىقاردى. ئۇن تاغار قاقىنىڭ پۇلى شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنىدى.

— بۇلىمۇ ئوتتۇۋالسام نېمەگىنى تىكىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىزىپ كەتكەن سايىت.

— يا، چەمشىت پىرىم ... دەتتىكام!

بىرىنچى بولۇپ ئوشۇقنى ئەمەت ئاتتى ۋە شۇ زامات كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ لەزەر تاشلاشتىن قورقاتتى.

— چۇ ... چۇ چۆشتى ... — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھەممە بىردىنلا. ئەمەت ئۆزىنىڭ تۆگەشكىنىنى چۈشەندى.

ئەمەت يۈرىكىنى تۇتقىنىچە ماغدۇرسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ، ئەينەكتەك قېتىپ قالدى.

سايىت پۇلنى ساناپ كۆرۈپ:

— يەنە يۈز مىڭ كويى كەم، چىقارماملا؟ — دەپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ چەكچەيتتى.

— بىز بۇ يۇرتتىن قېچىپ كەتمەگەندىن كېيىن ئالارسەن بىر كۈنى.

— نېمە؟ — سايىت قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھۆرپەيدى، — ئۇنداق ئادەم باشتا نېمىشقا چوڭ گەپ قىلسەن؟! دوكالىق قىلغاندىن كېيىن، ئەكەل پۇلۇمنى!

— ھەي، يوغان نېمىنى ئۇتتۇۋالغاندەك ھۆركىرەيسەنغۇ؟

— خەق ئۇتتۇرۇپ قويسىغۇ دىۋەيلەپ تۇرۇپ ئالدىكەنسەن، مەن قانداقسىكەنمەن؟ سالسىلا ماۋۇ چىبەرقۇت چاپاننى!

— شۇنداقمۇ تېخى، ھى ... مانا ساڭا چاپان!

ئەمەت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۆتۈكىنىڭ قونجىدىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، سايىتقا ھومايدى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئەمەت قارى، مېنىڭ دېگىنىم چاقچاق. پۇل لازىم بولسا مانا، قانچە لازىم بولسا ئالسىلا، — ئۇ قوينىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ يەرگە تاشلىدى.

باشقىلار ئەمەتنىڭ ئوتتۇرىدىكى پۇلنى ئاز كۆرۈپ كۆز قىرىنىمۇ سالماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جىددىلىنىپ ئۆلگىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن سالا قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي سايىت، ئەمەت قارىيدىن نېمەگىنى ئاياپتىڭ. توزۇك بىر ئىش قىلساڭچۇ.

— پۇل ئەمەت قارىدا تۇرسىمۇ، سەندە تۇرغانغا ئوخشاش. ئوتتۇرىدا سېنىڭ، مېنىڭ دەيدىغان گەپ كەتمەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ ئەمەت قارىي؟!

— بوپتۇ، ئەمەت قارىي، — دېدى سايىت ئەمەتنىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ، — سىلىدىن ئاشقىنى مېنىڭ بولسۇن، — ئۇ قوينىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى.

ئەمەت ئازراقىنى قالدۇرۇپ، سايىتنىڭ باياتىن باشقىلاردىن ھەم ئۆزىدىن ئۇتتۇۋالغان پۇلنىڭ بارلىقىنى پۇرلاپ قوينىغا سالدى ۋە:

— خوش، ئاغىنىلەر، مەشرەپ قىزىپ كەتتى. بىردەم مەشرەپ كۆرمەمدۇق؟ — دېدى - دە، پىچاقنى قونجىغا سېلىپ سىرتقا ماڭدى.

يانىدىكى ھويلىدا مەشرەپ ئۆزىنىڭ شاۋقۇن - سۈرىنى بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈزگە يېقىن ئادەم قىستىلىپ، تۆت بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ كەينىدە ئادەملەر بىر-بىرىگە زەنجىر بىلەن باغلانغاندەك زىچ ھالدا ئۆرە تۇراتتى. بىر چەتتە قىز-چوكانلار يىپقا تىزغان گۈلدەك قاتار ئولتۇرۇشاتتى، يەنە بىر تەرەپتە يىگىتلەر، ياشانغانلار شۇنىڭدەك ئۈششاق بالىلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىراق-يېقىندىكى مەھەللە-كەنتلەردىن كەلگەن تاماشىچىلار ئىدى. تۆۋرۈكلەرگە ئورنىتىلغان چىراغپايلاردىكى قارا چىراغلار قاپقارا ئىس چىقىرىپ مەيداننى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئەمەت نەشىنىڭ كەيپى بىلەن سازەندىلەر ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ بىر چېتىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز-چوكانلارنىڭ چىرايىغا، بوي-تۇرقىغا، مەيدىسىگە كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ ئولتۇراتتى.

داپەندى، ساتارچى، غىجەكچىلەر تەرلەپ-پىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا چېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، قىلىقلىرى ۋە كاكىراپ قالغان ئاۋازلىرىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئۇسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن ئەسلى ساڭا كۆيدۈم،
سىنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.

چىم-چىم ئەتتىم چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن،
ئىسى-يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرسەن كىم بىلەن.

................................

ئوتتۇردا بىرنەچچە جۈپ ئەر-ئايال بىر-بىرىگە قارىشىپ شوخلۇق بىلەن مەيداننى پىرقىرىشىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياش چوكاننىڭ يېزا ئاياللىرىغا خاس چىرايلىق ھەرىكىتى ئەمەتنىڭ ئىچىگە ئوت سېلىپ ئۆتتى. «ھىم، ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتمەي تۇر!» دەپ غودۇڭشىدى ئەمەت.

ئوتتۇردا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بۇ ياش چوكاننىڭ ئىسمى ھېيىزەم بولۇپ، ئەمەتنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنى ئىدى. ئۇ قىز ئەسلىدە تۇردى قارىي دېگەن يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمەت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، تولا يىغلاپ كۆزلىرى ۋە ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى، چىرايى تاتىرىپ، ئورۇقلاپ، ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان كىشىدەك بولۇپ قالدى. ھېيىزەم ئەمەتنى ئىككى ئايغىچە ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئەمەت ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا ھەر قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، زادىلا ئۇتۇق بەرمىدى. كۈچى يەتمىسە چىشلىدى، تاتىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئەمەت

ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمىدى. باشقىلار ئەمەتنى ئەسەھەت قىلىپ يۇرۇپ قىزنى قويۇپ بېرىشكە ئاران ئۇنىاتتى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بارلىق توي چىقىملىرىنى ئەمەتكە تۆلەپ بېرىپ قىزنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ ئەمەتكە يۈرىكىدىن چىقماس قاتتىق ئەلەم بولدى. ئەمما ھېيىزەمنى كۆرۈپ قالسىلا يۈرىكىگە ئوت چۈشۈپ، پۇچۇلىناتتى. ھازىرمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق غۇنچە بويىنى لەرزان تەۋرىتىپ باشقىلار بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەتخورلۇقى باشقىدىن قوزغىلىپ كەتتى.

ئەتراپتىكىلەر ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئويۇنىنى زوق-شوخ بىلەن تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. گەپدان ۋە قىزىقچى بىرەيلەن مەيداننى ئايلىنىپ قولىدىكى يوغان پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا:

— سەمەت قارىي بىلەن ھېيىزەمنى ھارماي ئويناپ بەرسۇن دەپ، داۋۇتتۇم ئەللىك مىلىك كوي ئاتاپتۇ!... — دەپ ۋارقىراپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، پەتنۇستىكى ئۈرۈمە پۇلنى غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرغان سازەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داستىخانغا تۆكتى. داستىخاندا بىر مۇنچە چوكراق ۋە مەيدە پۇللار بار ئىدى.

ھېلىقى قىزىقچى بىرئازدىن كېيىن يەنە باشقا بىر بۇلۇڭدىكى تاماشىچىنىڭ ئۈرۈمە پۇلنى ئېلىپ، ئەتەي ئاڭلانسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— تۇردى قارىيىنى ئولتۇرۇپ قالمىغاي، پۇلى بولمىسا، مەن بېرىپ قويىاي، مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرسۇن، دەپ بىر تىزا ئاتاپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

تۇردى قارىي دەپ ئاتالغان بادام دوپپىلىق، چىرايلىق يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمىچىنى قېشىغا چاقىردى-دە:

— ھېيىزەمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاتىدىم، — دەپ چوكراق ئىككى قەغەز پۇلنى تۆش يانچۇقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ پەتنۇسقا تاشلىدى.

ئويۇن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى.

بىر نەچچە پەدە ئۇسسۇلدىن كېيىن، بايا ئوتتۇرىدا يۈرگەن يىگىت قولىغا بىر دەستە قىزىلگۈل تۇتقان ھالدا پەيدا بولدى-دە:

— ئاغىنىلەر، ئەمدى بىر دەم چىلىم ئوينايلىمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئۆزۈڭ باشلا روزى، — دەپ چۇرقىراشتى كۆپچىلىك.

روزى گۈلنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بىر سېمىز چوكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

بېغىمىزدا ئالما تۇرسا شاپتۇلدىن يەپلا،
يوللىرىغا بىز بارغىچە ئۆزلىرى كەپلا.
كېلىلا - يۇ - كېتىلا - يۇ ساپ - قۇرۇق گەپلا،
ئالدىدىلا بىزنى ئەجەب سۆيىمەن دەپلا.
چىلىمغا كەلسىلە! — دېدى.

چوكان باشتا بىرئاز تەپ تارتقاندەك بولدى. كېيىنچە كۆپچىلىكنىڭ قىستىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، كىيىملىرىنى تۈزەپ ئوتتۇرىغا چۈشتى.

چوكان گۈلگە قول سۇندى. يىگىت بەرمەستىن ناز بىلەن ئۇڭىغا بۇرۇلدى. چو-

كان سولغا بۇرۇلدى. كېيىنكى دۆرەمدە يىگىت سولغا، چوكان ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ھەر ئىككىسى ئۇدۇل قاراشقاندا يىگىت گۈلنى چوكانغا بەردى.

كۆپچىلىك بىردەك چۇرۇلدىشىپ:

— ئەينىسەم، سىلىمۇ بېيىت بىلەن قايتۇرسىلا! — دەپ ۋارقىراشتى.

بۇ قوناق مومىسدەك چىلك چوكان گۈلنى ئېلىپ، روزىنى ھودۇقتۇرۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

زەپ چىرايلىق كېيىنىپلا، ياقىسى گۈلخان،
يالغانچى بىر يىگىتكەنلا ۋەدىسى يالغان.
ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ ئۈچ يىلغا قالغان،
بۇ يۈرەككە ئوتنى يېقىپ جېنىمنى ئالغان...

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى...

مەشرەپ داۋام قىلىۋاتاتتى. مانا ئوتتۇرىدا چىلىم ئويناۋاتقان بىر ئەر كىشى قولىدىكى گۈلنى ئويناتىپ ھېپىزەمنى چىلىمغا تارتىپ قالدى. ھېپىزەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى ئەر بىلەن چىلىم ئوينىغاندىن كېيىن، ئويۇننىڭ قائىدىسى بويىچە تازىم قىلىپ گۈلنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ھېلىقى ئەر كىشى ئۇنى بىر كۇبلېت بېيىت ئېيتىپ ئاندىن ئېلىشقا شەرت قويدى.

ھېپىزەم مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

كاككۇكلارنىڭ قونار يېرى كۆك تېرەك بېشى،
بىزنىڭ يارنىڭ ئوينار يېرى كۈمۈش تاغ قېشى.
كۈمۈش تاغقا تولا قاراپ ئاقتى كۆز يېشى،
تېپىلمايدۇ ماڭا ئوخشاش دەردمەن ھېچكىشى.

ھېپىزەم گۈلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تۇردى قارىينى چىلىمغا تارتتى. مەشرەپچىلەر ئىچىدە تېخىمۇ قىزغىن كەيپىيات پەيدا بولدى. ھېپىزەم ئۇنى قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن تارتتى دېگەندىن كۆرە، ئەمەتكە ئۆز يىگىتىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئەتەي قىلىۋاتقان ئويۇنى دېگەن دۇرۇس ئىدى. ئەمەت ئۆزىنى بېسىۋالالماي، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. تۇردى قارىي ئوتتۇرىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىككىسى بىللە بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا چۆگىلەۋاتقاندا، ھېپىزەم:

— ئەمەت بىزگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردىن چاپسان كېتەي، — دەپ پىچىرلىدى ۋە ئويۇن تۈگىشى بىلەنلا گۈلنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئالدى-ئارقىغا قارىماستىن توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى.

ھەممىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئەمەت ھېپىزەم چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ھېپىزەم تال باراڭلىقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئېرىقنىڭ قىرىدىكى بىر توپ ئۆرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يەرگە مەشرەپنىڭ گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ تۇرغان

شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھېپىزەمنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالماقچى بولۇپ راسلىنىپ تۇرغان ئەمەت ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باغجانلاپ كەتكەن بېھى دەرىخىنىڭ كەينىگە ئېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— بولدى ھېپىزەم، قورقماڭ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تۇردى قارىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ھېپىزەم ئۈنچىقمىدى.

— ھوي، يىغلاۋاتامسىزغۇ؟ — يىگىت ھەيران بولدى، — ئۇنداق قىلماڭ، بۈگۈن...

— ئەمەت ماڭا نېمىشقا كۈن بەرمەيدۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ تىنچ تۇرمۇشۇمنى پاراكەندە قىلىدۇ؟

— سىز قورقماڭ، مەن سىزنى ھېچكىمگە تاك ئېتىپ چەككۈزمەيمەن. ئۇنىڭ بىزگە چېقىلىشىغا ھەددى ئەمەس! ئۇنى كۆرۈپلا ئەرۋاھتىن قورققاندەك قورقۇپ كەتسەك، جان كۈندە چېچەكلەمدۇ؟

— ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق!

بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچقان ئەمەتنىڭ قۇلىقىغا يان تەرەپتىنمۇ گۇدۇڭ-گۇدۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. بىرسى:

— ئاغىنىلەر! شۇنچە پۇلىمىز ئەمەتكە بىكارلا كېتەمدۇ؟ — دېگەنىدى، باشقا بىرسى:

— ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويسىلا چىدىمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن. ئۇ شاڭيۇنىڭ پۇلىنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولسا، شاڭيۇدىن ئۆلگۈدەك تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، — دېدى.

بۇلار بايىقى قىمارۋازلار بولۇپ، بىر توپ ئۆرۈك تۈۋىدە مەسلىھەت قىلىشىپ ئولتۇراتتى.

— قولۇڭ پاكىزمۇ؟ — دېدى بىرسى بىرەيلەنگە، بۇ ئەمەتنىڭ پۇلىنى ئۇتۇۋالغان ئامەتلىك قىمارۋاز ئىدى، — ماۋۇ قەرىشنى ئۇۋۇتۇپ، تاماكا قىلساڭچۇ!

— توختاڭلار، بۈگۈن ئۇ خۇمسىنىڭ بىر ئەدىبىنى بېرىپ پۇلنى تارتىۋالمايلىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەت چۆچۈپ كەتتى.

— قانداق قىلىپ؟

— ئويلاپ ئىش قىل سايىت! ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇپ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن. ئۇنىڭ كىملىكى ئۆزۈڭگە بەش قولدەك ئايان.

— ساپ توشقان يۈرەك بىر نېمىسەركەنسەن. تۇيدۇرماي جايلايمىز ئۇنى...

كېيىنكى گەپنى ئەمەت ئاڭلىيالماي قالدى.

— مەيلى، شۇ گېپىڭدە تۇرساڭلا.

— جۇۋا، — غاڭزىغا تاماكا سېلىپ تەييارلىغان قىمارۋاز ئۆزى بىر نەپەس چېكىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن باشقىلارغا ئۇزاتتى بولغاي، ئەتراپنى قويۇق نەشە پۇرىقى قاپلاپ كەتتى.

ئەمەت قىمارۋازلارنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى چۈشەندى، ئەگەر ۋاقتىدا ئۆزىنى چەتكە ئالمىسا، ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇ ھويلىدىن پەم بىلەن چىقتى-دە، يان ھويلىغا ئۆتۈپ، باغلاقلىق ئېتىنى يېشىپ مىندى-دە، قامچا بىلەن ئاتنىڭ تېقىمىغا بىرنى ئۇردى ۋە مەھەللە تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەتتى.

*          *

رەيھان سۇ بويىدىكى بىر توپ قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى. ئۈجمىنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدىن ئاينىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. دەرەخنىڭ يېنىدىلا سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۇلارنى يېزىدىن چىققۇچە ئۇزىتىپ قويىماقچى بولۇپ كەلگەن باراتمۇ تۆمۈرنى كۆتە-كۆتە، ئەمدىلا تۆمۈرنىڭ دېرىكىنى ئۇققۇش ئۈچۈن مەھەللە تەرەپكە كېتىپ قالغانىدى.

كېچىنىڭ شامىلى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. قىز يېڭى كېلىدىغان يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلاتتى.

ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئاتلىقنى كۆردى. بۇ ئەمەت ئىدى. رەيھان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈجمە دەرىخىنىڭ غولىغا يۆلەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ دۈپۈلدەيتتى.

كېلىۋاتقان ئات شەپىنى سېزىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئۈركۈپ ئەمەتنى يىقىتقىلى تاس قالدى. ئەمەت سىنچىلاپ قاراپ دەرەخنىڭ دالدىسىدىكى قارا كۆلەڭگىنى كۆردى.

— ئادەممۇ، جىنمۇ سەن؟ چىق بۇياققا!

رەيھان شۈنچىلىك ھودۇقۇپ قالدىكى، ئىختىيارسىز ئارقىغا داجىدى ۋە بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بولدى.

— كىمسەن؟ — دەپ يەنە ۋارقىرىدى ئەمەت.

ئەمەت ئېتىنى دېۋىتىپ يېقىن بېرىپ رەيھاننى تونۇدى.

— ھە، رەيھانەممۇ سىز، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ بىر نېمىدىن گۇمانسىرىغاندەك ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، چېكەتكىنىڭ چىرىلداشلىرى، ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

رەيھان دەرھال گېپىنى ياساپ:

— ئەمەت ئاكاممۇ سىز؟ مەن ئاتامغا دورا ئىزدەپ قوشنىلارنىڭكىگە چىققانىدىم. تېخى سىزنى كىم ئىكەن دەپتىمەن، — دېدى. ئەمەت:

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دەپ قويدى، بىراق ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلەلمىدى، چۈنكى تۈن نىسپى بولۇپ قالاي دېگەن بىر كەمدە، ئۇنىڭ مەھەللىدىن بۇنچە ئۇزاق جايدا دورا ئىزدەپ ماڭدىم دېگىنىگە ھەيران بولدى. ئۇ: «تايىنلىق بىرى بىلەن، دېسەم-دېمىسەم، تۆمۈر بىلەن قېچىشقا تەمشەلگەن. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ھەمراھى قېنى؟ ياكى ئۇمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئالدىمۇ، ياكى تېخى يېتىپ كەلمىدىمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئەمەت دىققەت بىلەن ئەتراپقا يەنە بىر سىنچىلاپ قارىدى. گۇمان قىلغۇدەك ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشتى.

— يۈرۈڭ، كېتىلى، — دېدى ئەمەت.

«قانداق قىلىمەن؟ كېتەيمۇ-تۇرايمۇ؟ كەتسەم ئۇلار مېنى ئىزدەپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ كەتمىسەم گۇمان قىلىشى تۇرغان گەپ» دەپ ئويلىدى قىز ۋە ئەتراپتا بىرسى بولسا ئاڭلىسۇن، بەلگە بولۇپ قالسۇن، دەپ:

— مەن ئاتامغا دورا تېپىپ ئاندىن بارىمەن، سىز كېتىۋېرىڭ، — دېدى ئۇنلۇك قىلىپ.

— سىز يېرىم كېچىدە دورا ئىزدەپ چىقمىغان، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز باشقا. توغرا قېنى؟ — ئالدىرىماي سورىدى ئەمەت.

قىز مەڭدەپ قالدى. «ئۇ راستىنلا بىلىپ قالغانمۇ نېمە، جۇۋاينىمەك، نەدىنمۇ پەيدا بولدى!»

— بۇنى ئەجەب مەندىن سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ ئىشنى تۈگەتكەن بولسا، ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغاندۇ!

— گېپىڭىزنىڭ يالغىنى يوقتۇ؟

— يالغىنى يوق!

— ئۇنداق بولسا مەيلى، يۈرۈڭ كېتىلى، دورىنى مەن ئەتە تېپىپ بېرىمەن. بۇ كېچىدە يالغۇز يۈرسىڭىز خېيىم-خەتەرگە ئۇچراپ قالىسىز، — دەپ زورلىدى ئەمەت.

رەيھان توغرىنى ئىزدەپ كەتكەن باراتنىڭ ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنلىكىنى، ئەگەر ئاڭلىسا بىر جايدا مۆكۈپ تۇرۇشىنى بىلىپ:

— شۇ گېپىڭىز راست بولسا بوپتۇ، كېتەي، — دېدى ئۇنلۇك قىلىپ.

ئەمەت ئاتنى يېتىلىگەچ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ يېرىم كېچىدە قىزنى يالغۇز يولۇقتۇرغان تەقدىرگە مىڭ رەھمەت ئوقۇپ، جېنى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق خالى جايدا نېمىلا قىلىمەن دېسە، تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق، بىر قېتىم رەيھانغا قىلىقسىز چاقچاق قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كاچات يېگەندىن كېيىن، رەيھانغا ئاسانلىقچە چېقىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ۋارقىرىسىمۇ كىشىلەر ئاڭلىيالماسلىقىنى، بىر چەتكە ئاپىرىپ بېسىۋالسىمۇ كۈچى يەتمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇنى ئاستا ئىندەككە كەلتۈرمەك بولۇپ ھىيلە بىلەن سۆز باشلىدى.

— چىرايلىق بىر قىز بالا كېچىدە يالغۇز يۈرۈشتىن قورقمىدىڭىزمۇ؟

— قورقسام قانداق قىلاي، ئاتامنىڭ ئالىسىدىن يۈرىكىم ئېزىلىدى، چىدالمىدىم. ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللەتكۈم كەلىدى. كۈندۈزى ئىشتىن قولۇم بوشىمايدۇ. كەچتە ماڭماي نېمە ئىلاجىم بار؟ — دېدى قىز گەپ ياساپ.

— بىرەر نىيىتى بۇزۇق ئادەمنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقمىدىڭىزمۇ؟

— ماڭا چېقىلىشقا ھەددى نېمىكەن؟

— سىز دېگەن نېمىلا قىلغان بىلەن قىز بالا. كۈچ ئېلىشالمايسىز.

— «ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ». ئۇنداقلاردىن قورقۇپ يۈرگەن بولسام،

ئۆيدىن تالاغا چىقماس ئىدىم. باشقىلار بىلمىگەندىمۇ، سىز مېنى تازا ئوبدان بىلىسىزغۇ!ــ رەيھان شۇنداق دېگەن بولۇپ «ماڭا چېقىلغۇچى بولما» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ــ ئۇ قېتىم ئۆيگە بارات كىرىپ قالمىغان بولسا، قېچىپمۇ قۇتۇلالمايتتىڭىز. مانا ئەمدىچۇ؟ بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. قولىغا چۈشكەندىمۇ، راسا ۋاقتىدا چۈشتىڭىز. ئىختىيارىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. يېرىق قازان يېپىقلىغىچە قالىدۇ...

ئەمەت چاپىنىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن بىر نېمىنى ئالدى. بۇ كىچىك بىر تۈگۈنچەك بولۇپ، ئەمەت ئۇنى ئېچىپ، رەيھانغا يېقىن ئەكىلىپ كۆرسەتتى. رەيھان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر تاشلىدى. ياغلىقنىڭ ئىچىدىكى نەرسە ئاي نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ بىر جۈپ ئالتۇن سۆكە ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش سۆكىنى ئۇ شاڭيۇنىڭ خوتۇنى شازادىخاننىڭ قۇلىقىدا كۆرگەنىدى. رەيھان «يوقاپ كېتىپ، مېنى ئوغرى تۇتۇشقا سەۋەب بولغان سۆكە شۇ بولۇپ قالمىسۇن، يەنە» دەپ گۇمان قىلدى ـ دە، ئەمەتنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان سۆكىگە يەنە بىر قارىدى، قارىغاندىمۇ، ئۇجۇرـبۇجۇرىغىچە تونۇۋېلىش ئۈچۈن يېقىن كېلىپ دىققەت بىلەن قارىدى. بۇ يوقالغان سۆكىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى

ــ بۇنى نەدىن ئالدىڭىز؟ ــ دەپ ئالدىراپ سورىدى قىز ئىچكى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ.

ــ نەدىن ئالاتتىم، بۈگۈن سىزگە ئاتاپ شەھەردىن ئېلىپ كەلدىم. خالىسىڭىز بۇ سىزنىڭ بولىدۇ. توي قىلىمىز. قازان بېشىدىن، ئېغىر ئىشتىن ئازاد قىلىمەن. بولمايدىكەن، ئىختىيار ئۆزۈمدە.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى دەررۇ پەملىدى ـ دە، كېتىۋاتقان جايىدا چىپ توختاپ قالدى. ئاندىن:

ــ ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ! يامان نىيەتتە بولمەن دەيدىكەنسىز، ھەر نېمە قىلالامسىز، سىزدىن قورقمايمەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ لېكىن ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئىش قىلىڭ. سىزنىڭ تۆمۈرنى ساقلاپ تۇرغىنىڭىز يالغانمۇ؟ مەن مۇشۇنىلا شاڭيۇ ئاتامغا دەپ قويىدىغان بولسام، بولدى، ئەتىلا ئۆزىڭىزنىڭ ھالىغا ۋاي، رەسۋا بولىسىز. «تۆمۈر بىلەن ئويناپتۇ، ئۇششىدىن تۇتۇۋالدىم» دەيمەن. بوپتۇ، مەن بۇنى دېمەي قوياي، ياخشىلىقچە گېپىمگە كىرىڭ.

رەيھان غەزەپتىن غال ـ غال تىترىدى.

ــ ئاغزىڭنى يۇم، ۋىجدانسىز!

ئەمەت ھىجايدى. ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ بىردىنىلا قىزغا تاشلاندى، ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ، ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى، ئاندىن ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك قىزنى قۇچاقلاپ، سۆيمەكچى بولدى، بىراق قىزمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ بوش قالغان بىر قولى بىلەن ئۇنى ئىتتىرەتتى.

لېكىن قىز قانداقلا قىلغان بىلەن ئەمەت بىلەن كۈچ سىنىشالمىدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشۈپ، ئەمەتنىڭ ئاستىدا قالدى. بىراق قىز يەنىلا بوي بەرمىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلىدى، چىشلىدى.

— ئادەم بارمۇ! — دەپ جىنىنىڭ بىرىچە ۋارقىرىدى رەيھان.

ئۇنىڭ ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىدا ۋەھىمە بىلەن يىراقلارغا جاراڭلىدى. ئىتلار ھاۋشۇشقا باشلىدى. ئەمەت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

— ئاۋازىڭنى چىقارما. بولمىسا ھازىر ئۆلتۈرىمەن! — دەپ ھاسىراپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن شىۋىرلىدى ئەمەت. ئۇ قىزنى شۇنچىلىك باستىكى، ھەتتا ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

لېكىن قىز شۇ زاماتلا تېنىنى ئامبۇردەك قىسىپ كەتكەن قوللارنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە ئۆزىدىن ئىككى چامدامىلا نېرىدا ئېلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. بۇ ئادەملەر ئاۋاز چىقارماستىن يۇمىلىشىۋاتاتتى ۋە بىر-بىرىنىڭ بېقىنلىرىغا بىق-بىق سېلىشاتتى.

ھېلى بىرسى، ھېلى ئىككىنچىسى ئۈستىگە چىقىپ قالاتتى. قىز بىردىنلا ھازىر ئاستىدا! قالغىنى بارات ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەھشەتكە چۈشتى. ئۇ تىپىرلاپ قولىنى يەرگە ئۇرۇۋاتاتتى. ئەمەت ئۇنى كېكىردىكىدىن بوغۇۋالغانىدى. قىز كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا قولىغا قاتتىق داڭگال ئالدى ۋە ئەمەتنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ سالدى. ئۇ شۇزاماتلا بوشىشىپ ئۈستەڭنىڭ قىرىدىن پەسكە يۇمىلاپ كەتتى.

بارات تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى، بىر قانچە ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

* *

تۆمۈر بېلىگە يۆگىۋالغان ئارغامچىنى يېشىۋالغاندىن كېيىن، پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئالدى. ئۇ دېرىزىدىن ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپلا شاكىيۇنىڭ كۆكسىگە پىچاق ئۇرماقچى. ناۋادا خوتۇنى ۋارقىراپ كەتسىچۇ؟ ياق. شازادىخان قورقۇنچاق، ئۇ پىچاقنى كۆرۈشى بىلەنلا، قورقۇپ قىمىرلىيالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ شاكىيۇنى بىر تەرەپ قىلىدۇ-دە، ئاندىن خوتۇنىنى جايلايدۇ. بۇنداق بولغاندا شاكىيۇ ئۈچۈن ئۆلۈم ئاسانغا توختىسىمۇ، لېكىن خەۋپسىز ئۆتۈشى مۇمكىن.

ئىچكىرىكى ئۆيدىن پۇشۇلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. بۇ شازادىخانىنىڭ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شاكىيۇچۇ؟ ئۇ بىر ئەندىشىسى بازدەك، ئۇ يېنىدىن-بۇ يېنىغا توختىماستىن ئۆرۈلەتتى، تىنماستىن يۆتىلەتتى، ئۇھ تارتاتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىمىدى. تۆمۈر بىرئاز ھودۇقۇپ قالدى. بارات بىلەن رەيھان ئالىقاچان بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇچراپ قالسا، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ. تېزدىن قول سېلىش كېرەك! لېكىن قېرىشقاندەك شاكىيۇنىڭ يۆتىلى بىلەن ئۇھ تارتىشى يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى.

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلىشىپ قالغان چاغدىلا، شاكىيۇ ئاران تىنجىدى. تۆمۈر پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ، بىر قانىتى قىيا ئوچۇق قالدۇرۇلغان دېرىزىنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىردى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا شاكىيۇ ئويغىنىپ كەتتى. تۆمۈر ئۇنىڭغا سەكرىدى. لېكىن ئۇ قېچىپ ئۈلگۈردى، سۇپىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قورقىنىدىن تىۋلىۋەتتى.

تۆمۈر دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن باغ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شاگىيۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاچقۇچە ۋە دەھشەتلىك ۋارقىرىشىدىن ھۇدۇقۇپ سۇپا ئەتراپىدا پايدىسىز يۈگۈرۈپ يۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا، تۆمۈر باغ رېشاتكىسىغا يۈگۈرۈپ يېتىپ بېرىپ، بىر سەكراپلا رېشاتكىسىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، باغقا سەكرەپ چۈشۈۋالدى. شاگىيۇنىڭ ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىشى ۋە ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

تۆمۈر ئەتراپىقا قۇلاق سالغان ھالدا ۋەدىلەشكەن جايغا ئىتتىك كېتىۋاتقاندا بىر قانچە ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايال كىشى باردەك قىلاتتى. بۇ نېمە ئالامەت؟ تۆمۈر بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇردى.

ئاي ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان بولغاچقا، ئەتراپ خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، باراتنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان رەيھاننى، شۇنىڭدەك يەنە بىر قانچە دېھقاننى كۆردى. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭ بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ قارىسى يۇتكەندىن كېيىن تۆمۈر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلدى-دە، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، باراتنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىر كەمدىن كېيىن بارات پەيدا بولدى.

— سەن نېمە بولدۇڭ؟ بىز شۇنچە ئۇزاق ساقلىدۇق، — دېدى بارات تۆمۈردىن ئاغرىنىپ.

تۆمۈر قېچىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىشنى ئۇلاردىن يوشۇرغانىدى. بارات تۆمۈرنىڭ ئاغزىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلىغاندا دەسلەپ قورقۇپ كېتىپ سۈرەتتەك قېتىپ قالدى. كېيىن:

— سەن بەكمۇ خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلاپسەن. ئۇلار سېنى تونۇپ قالغان بولسا، قانداق بولغىنى؟ ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ماڭ، چاپسان بول، ئۆزۈڭنى چەتكە ئال.

— ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى. مەن يۈزۈمنىڭ يېرىمىنى بەلبېغىمنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئوراپ ئالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار مېنى تونۇپ بولغۇچە دېرىزىدىن سەكرەپ چىقىپ كەتتىم... ھەي، شاگىيۇ يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆمۈر كۆرۈۋالىدىغان بولدى-دە، خەپ! مەن ئاخىرى ئۇنىڭدىن قىساسىمنى ئالماي قويمايمەنغۇ، — دېدى تۆمۈر.

— توغرا ئېيتىسەن، ئۇنىڭدا ھەممىمىزنىڭ ئۆچى بار! — دېدى بارات دوستىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنى يەنە ئەيىبلىگۈسى كەلمەي، — ئوچۇقىنى ئېيتقان بولساق، ئىككىمىزلا ئۇنى ئالالىقاچان ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتۇق.

— مەن بۇ ئىشنى قىلغاندا، نېمىلا كۆرسەم ئۆزۈم كۆرەي، باشقىلارغا بالاسى تەگمىسۇن دەپ ئويلىدىم، — دەپ تۆمۈر ئەيىبدارلاردەك بېشىنى ئەگدى.

— بوپتۇ، بولار ئىش بولدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالمىغانلا بولسا، ھامان بىر كۈنى بۇ ئىنتىقامنى ئالىمىز.

بارات شۇ گەپ بىلەن تۆمۈرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويدى. شۇ چاغدا يىراق بىر يەردىن خورازنىڭ قىچقىرىشى ئاڭلاندى.

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟

ئەدەبىي تەنقىدچى يازغۇچىلاردىن ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۆلچەملىك تەييار قېلىپلارغا چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان خىلمۇخىل قېلىپلارغا چۈشىدىغان جانسىز شەيئىي ئەمەس، بەلكى چەكسىز باي، ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن سىرلىق روھىي دۇنياغا ئىگە جانلىق مەۋجۇدات. مەيلى سىز ئېتىراپ قىلىڭ ياكى قىلماڭ، مەيلى ياقتۇرۇڭ ياكى ياقتۇرماڭ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ۋە ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن ھادىسىلەر بىلەن ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن تۈردە قارشىلىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى سېنىڭ مەنتىقەڭگە چۈشمىگەن بىلەن ئۆزىنىڭ مەنتىقىسىگە چۈشۈۋېرىدۇ.

خاراكتېرلارنى مۇئەييەن قېلىپلارغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن تاللاش خاراكتېرىنى ئىنكار قىلغانلىق، ئادەمنى قورچاق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىق بولىدۇ. سەن باشقا ئادەملەرنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېرى بىلەن تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇئەييەن قاراشلىرىڭنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەڭلا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەنمۇ ئۆزۈڭگە خاس خاراكتېرىڭ، تۇرمۇش قارىشىڭ ۋە روھىي مەنتىقەڭ بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىسەن. قەلبىڭدىكى سىرلارنى، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭمۇ سېنىڭچىلىك بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىدا باشقىلارغا تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلىمۇ، ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلىمۇ بولمايدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم نازۇك، ئىنتايىن تۇتۇق ھەم چىگىش ھېس-تۇيغۇلارمۇ بولىدۇ. بەزى ئوي-پىكىرلىرىڭ، ھېس-تۇيغۇلىرىڭ، ھۆكۈملىرىڭ ياكى ھەرىكەتلىرىڭ سېنى ئۆزۈڭ كۈتمىگەن ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. ھايات سەپىرىڭدە، ئىچكى ئالىمىڭدە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلەر، ھەتتا كەسكىن بۇرۇلۇشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنساڭمۇ، لېكىن مەقسىتىڭگە تولۇق يېتەلمەيسەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدا

يەنىلا ناھايىتى زور پەرقىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئېنىق سېزىمىز. تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل قانۇنىيىتى دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى ھەمدە خاراكتېرلارنى بىر خىللاشتۇرۇشنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىلارغا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشنىڭ خىلمۇخىل قېلىپلىرىنى زورلاپ تېڭىشنىڭ ياكى قايسى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق يارىتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەملەر ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل خاراكتېرلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنىمۇ كۆپ خىللاشتۇرۇشنى ھەم خاسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارغا ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئۆزگىچە خاراكتېرلار باشقىلار تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان ئۆلچەملىك تەييار قېلىپلارغا ھەرگىزمۇ چۈشمەيدۇ.

ئادەم ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئىكەنلىكى، ئەدەبىيات تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى ئىكەنلىكى، چىنلىق سەنئەتنىڭ جېنى ئىكەنلىكى، روشەن خاسلىق پېرسوناژ خاراكتېرىگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغانلىقى ھەممىيلەنگە ئايان. شۇڭلاشقا تۇرمۇش چىنلىقىغا، سەنئەت قانۇنىيىتىگە، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنى ھەرگىزمۇ باشقا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى قاتمال قېلىپلارغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى باي ۋە رەڭدار تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارغا تىرىك، جانلىق، ھېسسىياتچان ئادەملەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز خاراكتېرى، ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھايات چىنلىقىنىڭ كۆپ قىرلىقى بىلەن مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ۋە ئەركىن تاللاش خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان مۇنداق پېرسوناژلار باشقا كىشىلەرنىڭ قاتمال قېلىپلىرىغا چۈشۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنى يارىتىۋاتقان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پىلانلىرىنىمۇ بۇزۇپ تاشلايدۇ، مۇنداق پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەقدىرى يازغۇچىنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە يازغۇچىنىڭ ئۆز تەشەببۇسكارلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلارغا ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

لېكىن بىر ئېلىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل بازار تاپقان «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كاساپىتى ۋە سەنئەت قارىشىمىزنىڭ بەكمۇ يۈزە، تېيىز ھەم بىر تەرەپلىمىلىكى تۈپەيلىدىن تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىشنىڭ بىر يۈرۈش قېلىپلىرىنى ياساپ چىقىپ ياكى چەت ئەلدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئاشۇ قېلىپلارغا چۈشۈرۈشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلىپ كەلدۇق. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تۈ-

زېمىز كۆرسەتكەن ياكى بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەملىك قېلىپلارغا چۈشۈرمىگەن يازغۇچىلارنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس ئىجادىي روھىغا زەربە بەردۇق. نەتىجىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەر ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى مەۋھۇم سىياسىي چۈشەنچە، قاتمال ئۇقۇم، ئالدىنئالا تەييارلانغان لايىھە، ئۆلچەملىك قېلىپ ياكى مەلۇم سىياسىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا توقۇپ چىقىرىدىغان ئىللەتلەر يامراپ كەتتى. قېلىپبازلىق، تەقلىدچىلىك، ئۇقۇملاشتۇرۇش ئىللەتلىرىنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ، ئىندىۋىدۇئاللىقتىن، ئاللاش خاراكتېرىدىن ئايرىلغان ساختا، سۈنئىي، جانسىز، روھىي دۇنياسى قۇرۇق پېرسوناژلار كۆپىيىپ كەتتى. مالىمانچىلىق يىللاردا مەيدانغا چىققان ئاتالمىش «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» نەزەرىيىسىنىڭ خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا سالغان زىيىنى بىلەن بۇزغۇنچىلىقى تېخىمۇ زور، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. بىز ھازىر بۇ خىل نەزەرىيىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇ پەيدا قىلغان ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن ناچار تەسىرلەرنىڭ تا ھازىرغىچە تولۇق تازىلىنىپ كەتمىگەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلماقتىمىز. يازغۇچىلاردىن پروزا ئەسەرلىرىدىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنى يەنىلا مۇكەممەل، نۇقسانسىز، كامالەتكە يەتكەن ئىنسان سۈپىتىدە تەسۋىرلەشنى ياكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن كونا ھەم قاتمال قېلىپلارغا سېلىشنى تەلەپ قىلىش بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى. يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى تەلەپلەر بىلەن نۇقتىئىنەزەرلەر بۇنىڭغا جانلىق مىسال بولالايدۇ.

«تەپسىلات تەسۋىرىنىڭ چىنلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم» ناملىق ماقالە، ئاساسلىقى، «خىيال ۋە سايە»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «بىسى يانغان شەمشەر» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسەردە يارىتىلغان دىلدار، جامال، ئابلەت قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر تەسۋىرى توغرىسىدا يېزىلغان. شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاراكتېر تەسۋىرىگە ئائىت نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

يولداش مەمتىلى قادىر ماقالىسىنىڭ بېشىدا: «رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ»، «رېئالىزملىق ئەدەبىياتتا تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ئاساسەن تۇرمۇشنى قايتا كۆرسىتىش پرىنسىپىدا قەتئىي تۇرۇلۇشى لازىم»، «ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن قايتا كۆرسىتىشتەك تۈپ ئالاھىدىلىكى چەتكە قېقىۋېتىلمەسلىكى كېرەك»، «ئەدەبىياتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇ تەلەپ پەقەت رېئاللىقتىكى خىلمۇخىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە رېئال ئادەملەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىش، ئۇلارنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ، خۇددى رېئال تۇرمۇش ۋە رېئال ئادەملەرگە ئوخشاش كونكرېت، تەبىئىي، ئىشىنەرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ چىقىش يولى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ» دەپ

www.uyghurkitap.com



يازغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئەسەرلەردىكى كونكرېت پېرسوناژلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن بىراقلا چەتنەپ كەتكەن، ھەتتا زوردۇن سابىر، ئەختەم ئۆمەر، زۇلپىقار قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ دىلدار، جامال، ئابلەت قاتارلىق پېرسوناژلارغا ئۆز خاراكتېرى، ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش يولىدا ئىپادىلىگەن ئەمەلىياتچانلىق، ئىجادچانلىق، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھىنى خاتا ھالدا ئەيىپلەپ، ئۇلارغا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق يارىتىش، مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكى، يەنى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى جەزمەن مۇئەييەن سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن كونترول قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئەكسىچە بولغاندا، تۇرمۇش چىنلىقى بۇرمىلىنىپ كېتىدىغانلىقى، يارىتىلغان پېرسوناژلارمۇ «تەبىئىيلىكى يوق»، «سۈنئىي» بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر مۇنچىلىغان ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويغان.

يولداش مەمتىلى قادىر يۇقىرىقى ئەسەرلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ «تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئايرىلىپ» قالغان - قالمىغانلىقى ھەم «تەبىئىيلىكى يوق»، «سۈنئىي» بولۇپ قالغان - قالمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا دەل تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز كاللىسىدا شەكىللىنىپ قالغان قاتمال ئەدەبىي قاراشلارغا ئاساسلانغان، ھەتتا بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرى بىلەن سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇئەييەن سىياسىي، ئەخلاقىي قاراشلارغا دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ياكى زىت كېلىدىغانلىقىنى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، تاللاش خاراكتېرى، روھىي مايىللىقى دەپ قارىماي، بەلكى يازغۇچىلارنىڭ «چىنلىق»قا ھۆرمەت قىلمىغانلىقى، پېرسوناژلارنىڭ «سۈنئىيلىكى» دەپ قارىغان.

«تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتى» زادى قانداق؟ ئۇلار راستىنلا مۇئەييەن ئۆلچەملىك قېلىپلارغا چۈشىدىغان ھالەتتىمۇ؟ ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى شەرتمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرغا ئىگە بولۇشى، مۇرەككەپ روھىي توقۇنۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى نورمالسىز ئەھۋالمۇ؟ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقنى، كۆپ خىل قاتلاملىق قۇرۇلمىلارنى، زىددىيەتلىك مەنىۋى پائالىيەتلەرنى ئىپادىلەش ئۇلارنىڭ «ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توغرا ۋە مەنتىقىلىق تەسۋىرلەش» ئېلىپ بارغانلىق بولامدۇ؟ رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ «تىپىكلەشتۈرۈش»، «ئومۇملاشتۇرۇش» پرىنسىپلىرى ئىجتىمائىي مەنپەئەتپەرەستلىكنى سەنئەتنىڭ ئورنىغا، ئۇقۇمنى ئادەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان، پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ياكى جانسىز، تەبىئىي ياكى سۈنئىي يارىتىلغانلىقىنى تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسىگە ئاساسەن كۆزىتىشكە، باھالاشقا يول قويمايدىغان، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا شەكىللىنىپ قالغان خىلمۇخىل قېلىپلارنى «چىنلىق» نىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا يول قويىدىغان پرىنسىپلارمۇ؟

يولداش مەمتىلى قادىر يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «خىيال ۋە سايە»ناملىق ھېكايىسىدا يارىتىلغان دىلدار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ پېرسوناژنىڭ روھىي

دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارنى، مۇرەككەپ ھەم نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مۇددىئا ھەم ھەرىكەتلىرىنى «ھەم سۈنئىي، ھەم زىددىيەتلىك بولۇپ قالغان» دەپ خۇلاسىلەيدۇ ۋە يازغۇچىدىن بۇ ئوبرازنى روشەن مايىللىق ھەم تەۋەلىككە ئىگە قىلمىغان دەپ ئاغرىنىدۇ، ھەتتا «پېرسوناژلار ئوبرازىنى ‹كۆپ خىللاشتۇرۇش›نى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان ياكى ئۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، خۇنۇك، ئىككى بىسلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش توغرا ئەمەس» دەپ، بۇ پېرسوناژنى بىراقلا «ئىككى بىسلىق»، «خۇنۇك» ئوبرازلار قاتارىغا قېتىۋېتىدۇ.

رېئالىستىك ئەدەبىيات راستىنلا «ئىككى بىسلىق»، «خۇنۇك» شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا يول قويمامدۇ؟ ئۇلارنى تەسۋىرلەشكە يول قويۇلمىسا، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى توغرىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولامدۇ؟ «پېرسوناژلار ئوبرازىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش» باھانىمۇ ياكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلىشنىڭ زۆرۈر تەلىپىمۇ؟ «خىيال ۋە سايە» ناملىق ھېكايىدە يارىتىلغان دىلدار ئوبرازى راستىنلا روشەن مايىللىقسىمۇ، تەۋەلىكسىمۇ يوق، «ئۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان ياكى ئۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، خۇنۇك، ئىككى بىسلىق پېرسوناژ»مۇ؟

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان دىلدار ئوبرازىغا جانلىق ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس باي ھەم مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ بەخش ئەتكەن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلارنى يوشۇرۇشنى خالىمىغان. شۇڭلاشقا بۇ ئوبراز «سۈنئىي» ئەمەس، بەلكى خېلى تەبىئىي ھەم جانلىق چىققان.

ئېرىدىن كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن بىر تۇل ئايالنىڭ يالغۇز بالىسى بىلەن بىللە «بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ بۆشۈكى» بولغان «چىرايلىق شەھەر» دىن «ئۆز ئىختىيارى» بىلەن ئايرىلىپ، «ئاتىسى كۆرمىگەن، ئانىسى كۆرمىگەن بىر ناھىيە»گە، «ناھىيە بولغاندىمۇ تەكلىماكان قۇملىرى ئارىسىدىكى قۇرغاق، توپىلىق، سۇسىز، چاڭ - توزانلىق بىر ناھىيە»گە «بەخت»، «ئىش ۋە شان - شەرەپ ئىزدەپ» بارغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇ يەردە سىناقتىن ئۆتكەن ئەلا سورتلۇق كېۋەز تېرىقچىلىقىنى كېڭەيتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئاز بولمىغان جاپا - مۇشەققەت ھەم روھىي ئازابلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ۋە خەلققە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، شۇ جايدا باشلىغان ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكى يامان ئىش ئەمەس، بەلكى ئالقىشلاشقا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، قىزغىن مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك ئىش. ئېرىنىڭ خارلىشىغا، جاھىل ئادەت كۈچلىرى بىلەن ئىككى يۈزلىمىچى، سۈيىقەستچى شەخسلەرنىڭ ئېغىر زەربىسىگە، ھاقارەتلىنىشكە، ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتقان بىر ئايالنىڭ روھىي دۇنياسىدا خىلمۇخىل توقۇنۇشلارنىڭ، داۋالغۇشلارنىڭ، ئازابلىنىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا تۇرمۇشنىڭ قاتمۇقات ئېغىر زەربىلىرىدىگە ئۇچرىغان بۇ پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئاشۇنداق مەنىۋى ئېغىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شىشلار تۈپەيلىدىن ئۇنى ھەرگىزمۇ «روشەن مايىللىقى» يوق، «تەۋەلىكى» ئېنىق ئەمەس، «ئۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتمايدىغان ياكى ئۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، بۇنىڭغىمۇ ياتىدىغان، خۇنۇك، ئىككى بىسلىق پېرسوناژ» دېگىلى بولمايدۇ.

ئەگەر يازغۇچى «ئەسەر قەھرىمانى جەزمەن يۈكسەك، بۈيۈك، مۇكەممەل، نۇقسانسىز، تاكامۇللاشقان بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەنىۋى ئاجىزلىق ياكى چەكلىمىلىك بولمايدۇ. ئەسەر قەھرىمانلىرىنى ئارتۇقچىلىقىمۇ، كەمچىلىكىمۇ بار قىلىپ تەسۋىرلەش تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلىغانلىق، رېئاللىققا كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ» دەيدىغان كونا مۇقام بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا ھەرگىزمۇ ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي خوجايىنلىقىغا بويسۇنمىغان، ئۇنىڭ ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشىغا، تەرەققىي قىلىشىغا يول قويمىغان، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋى ئېلىشىشلار بىلەن كۈچلۈك داۋالغۇشلارنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىمىگەن بولاتتى، ئۇ چاغدا بىزمۇ دىلدار پسىخىكىسىنىڭ ئىنتايىن نازۇك ھەم ئىنچىكە ئىپادىلىرى بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولاتتۇق. ئەگەر يازغۇچى ئۆز قەھرىمانىغا خەت يازدۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئىنتايىن نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى، مەنىۋى توقۇنۇشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەش يولىنى تاللىماي، بەلكى دىلدارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يۈزەكى تاشقى توقۇنۇشلارنىلا بايان قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ئىپادىلەشتىن ئۆزىنى زومۇ-زو قاچۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئوبرازمۇ ئۇقۇملاشتۇرۇش بىلەن قېلىپبازلىقنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

مەلۇمكى، تۇرمۇشنىڭ قاتمۇقات ئېغىر زەربىلىرىگە ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا خىلمۇخىل ھەم مۇرەككەپ مەنىۋى توقۇنۇشلارنىڭ، ئېلىشىشلارنىڭ، زىددىيەتلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئىجابىي پېرسوناژلار تۇرمۇشتىكى رېئال ئادەملەر ئاساسىدا يارىتىلغاچقا، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ بۇ خىل مەنىۋى ھادىسىلەردىن خالى بولالمايدۇ. «ئوبراز خۇنۇكلىشىپ قالىدۇ» دەيدىغان ئەندىشە بىلەن ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كەسكىن، مۇرەككەپ مەنىۋى ئېلىشىشلارنى ئىپادىلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ساختا، قېلىپلاشقان ئۇقۇملارنى كۈچەپ قاچىلاش، ماھىيەتتە، ئىجابىي پېرسوناژنى ھېسسىيات چىنلىقىدىن، تەبىئىيلىكتىن، جانلىقلىقتىن، ھاياتىي كۈچتىن، ئېستېتىك قىممەتتىن، كىتابخانىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىغانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ دىلدار ئوبرازىنىڭ ھېسسىياتقا باي روھىي دۇنياسىدىكى كەسكىن ئېلىشىشلار بىلەن مۇرەككەپ مەنىۋى زىددىيەتلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنىڭ خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىتى ھەم ماھارىتى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ «ئاساسىي قەھرىمان دىلدار ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جاي ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق دېھقانلار ئاممىسى ئولتۇراقلاشقان بىر چەت يېزا. بۇ يېزىدا ‹چىرايلىق چوكان›لارغا ‹بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھاياسىز-

لىق قىلىدىغان› ‹پەسكەش ئادەملەر›نى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۈتكۈل يېزا دېھقانلىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. يېزىلاردا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئاممىسى. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي پۈتكۈل يېزىلارنىڭ يېمىرىلمەس تۈۋرۈكىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ھەرقانداق شەكىلدىكى ناچار ئەخلاقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان، ھەرقانداق شەكىلدىكى ناچار ئەخلاقلارنىڭ بازار تېپىشىغا يول قويمايدىغان تەڭداشسىز كۈچتۇر. شۇنداقكەن، بۇ يېزىدىن، بۇ يېزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كىشىلىرىدىن قانداقمۇ زارلانغىلى بولسۇن!» دېگەن تەھلىلدە ئابستراكت سىنىپىي ئۇقۇم كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ جانلىق خاسلىقى ئورنىغا دەسسىتىلگەن. رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ پەسكەش ياكى ئالىيجانابلىقىنى، ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقىنى ئۇلارنىڭ قەيەردە ياشاۋاتقانلىقى ۋە قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئايرىش، رېئاللىقنىڭ ئۆز مەنتىقىسىگىمۇ، كونكرېت ئادەملەرنىڭ پىسخىك ئۆزگىچىلىكىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ھەربىر كونكرېت شەخس ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە ياشايدىغان، ئىچكى - تاشقى پائالىيەتكە ئىنتايىن باي، ئەركىن، مۇستەقىل گەۋدە سۈپىتىدە شارائىتنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە. شۇڭلاشقا كونكرېت پېرسوناژلارنى مەلۇم سىنىپنىڭ ياكى مەلۇم كەسىپ ئەھلىنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا، شۇنىڭدەك سىنىپىيلىك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاسلىقىنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

دىلدارنى خىلمۇخىل رەزىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بوزەك قىلغان، خورلىغان، ھاقارەتلىگەن ھەم قارىلىغان شەخسلەر «چىرايلىق چوكان»لارغا «بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ھاياسىزلىق قىلىدىغان»، «پەسكەش» ئادەملەر. مۇنداق ئادەملەر يېزىلاردىمۇ، شەھەرلەردىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ، ئىشچى، زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت. ئادەملەر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا خىلمۇخىل ھادىسىلەرگە، خىلمۇخىل شەخسلەرگە، خىلمۇخىل مۇئامىلىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قانداق ئورۇندا قانداق ئادەملەرنىڭ قانداق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمىمۇ، مۇئەييەن قېلىپىمۇ يوق. شۇڭلاشقا بىر پارچە ئەسەردە يارىتىلغان كونكرېت بىر پېرسوناژنىڭ ئەخلاقسىز شەخسلەرنىڭ خورلىشىغا يېزىدا ئۇچرىغانلىقىنى تەسۋىرلەگەن يازغۇچىنى ھەرگىزمۇ «پېرسوناژ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كونكرېت شارائىتنىڭ ئوموملۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىپسەن»، «ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەخلاقىنى نەزەردە تۇتماپسەن»، «يېزىلاردىكى دېھقانلارنى ئەخلاقسىز دەپ قارىلاپسەن» دەپ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئەيىبلەش كىشىگە بىر چاغلاردا شۇجىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئىپادىلىگەن يازغۇچىلارغا چاپلانغان «پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپسەن»، «پارتىيە رەھبەرلىكىنى قارىلاپسەن» دېگەن بەدناملارنى ئەسلىتىدۇ. يازغۇچىلارغا مۇنداق ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويۇش، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ باي ۋە رەڭدار دۇنيانى سەممىيلىك ھەم راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىشىگە يول قويمىغانلىق، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ.

يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ ئەسەر قەھرىمانى دىلدارنى «رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا توقۇپ چىقىلغان قەھرىمان» دېيىشى ۋە دىلدارنىڭ ئەسەر پېرسوناژلىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ناھىيىدە «ئارمىيە بىرىنچى» نومۇرلۇق ئەلا سورتلۇق كېۋەز تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلىگەن تىرىشچانلىقلىرىنى «قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت» دېيىشى، دىلدارنىڭ «ئاتالمىش ‹ئۈچ ئالتە يېرىم› تەشەببۇسى تېخى پاختا تېرىقچىلىقى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىيالىي تەسەۋۋۇر»، «ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان خام خىيال» دېيىشى، شۇنىڭدەك يازغۇچىغا «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قۇرۇق تەسەۋۋۇر ئىشقا ئاشىدىغان ۋە ئىشقا ئاشقان ‹ئۇلۇغ پىلان› تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىپ قالدى؟ بۇ قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟!» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشى پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

ئەسەر قەھرىمانى دىلدار ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن ناھىيىگە مەخسۇس ئىلمىي سىناق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەمەس، بەلكى ئاللىبۇرۇن سىناقتىن ئۆتكەن «ئارمىيە بىرىنچى» نومۇرلۇق ئەلا سورتلۇق كېۋەز تېرىقچىلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بارغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەلا سورتلۇق كېۋەز تېرىقچىلىقىنى دەسلەپ بىر يېزىدا يولغا قويۇش ۋە ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھەرتەرەپلىمە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئاندىن كېيىن بۇ خىل سورتنى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنى ھەرگىزمۇ «قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت» دېگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇ پېرسوناژنى «دېھقانلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن بىرنەچچە يۈز مو يەرنىڭ كېۋەز مايسىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان خام خىيالىنىڭ قۇربانى»غا ئايلاندۇرۇۋەتتى، دەپ ئەيىبلەشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ يېزىدىكى دېھقانلارغا يېڭى سورتلۇق كېۋەز تېرىش باشتىلا ئۇقتۇرۇلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىلمۇخىل پاسسىپ روھىي ھالەتلەر تۈپەيلىدىن يەنىلا كونا سورتلۇق كېۋەزنى تېرىغان. ئازراقلا يەرگە تېرىلغان كونا سورتلۇق كېۋەزنىڭ كۆچمە چاڭلىنىش ئارقىلىق پۈتۈن يېزىنىڭ كېۋەز مەھسۇلاتىنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان بىر ئىلمىي خادىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان بۇ خىل ناچار ئادەتلەر ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ، قاراپ تۇرسا ياكى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنى چەكلىمىسە، ئۇ ھالدا يېڭى سورتنى تېرىغان «دېھقانلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن كېۋەز مايسىلىرى» قۇربانلىققا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟ مۇنداق بولغاندا، دېھقانلارنىڭ يېڭى سورتقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاجىزلاپ ياكى تامامەن يوقاپ، ئەلا سورتنى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتىش ئىشى تېخىمۇ زور توسالغۇغا ئۇچرىمامدۇ!

ھېكايىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۈچ ئالتە يېرىم» ئەسەر قەھرىمانى دىلدارنىڭ «ئەمەلىيەتچانلىقى يوق قۇرۇق تەسەۋۋۇر»ى ياكى «ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان خام خىيال»ى ئەمەس، بەلكى ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلانغان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ئىلمىي يەكۈن. شۇڭلاشقا ئۇنى «پاختا تېرىقچىلىقى تارىخىدا تېخى

كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىيالىي تەسەۋۋۇر»، «قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل ئىپادىسى» دېيىش پەرەزنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىك بولىدۇ.

مەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «خىيال ۋە سايە» ناملىق ھېكايىسىدا بايان قىلىنغان بۇ خىل ئىلمىي يەكۈننى رېئال تۇرمۇشتىن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈشنىڭ رولىنى چۆكتۈرمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى تارىخ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئالدىن كۆرەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچىلار سەنئەت بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگىلىگەندە، ھەم رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدۇ، ھەرگىزمۇ رېئاللىقنىڭ، تار ھەم چەكلىك ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالمايدۇ، يەنى رېئاللىق بىلەن بىردەك بولمىغان، ئەمما كېلەچەكنى ئالدىن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان غايىۋى ئامىللارنى بايقىيالايدۇ ھەم ئىجادىي تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە، خىيال، فانتازىيە، رىۋايەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرىنى رېئاللىققا ئايلانغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنىڭ چەمبىرىكى ئارقىلىق بوغۇپ قويۇشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىدىن تۇغۇلغان غايىۋى ھادىسىلەرنى «قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشى» ناملىق قامچىنىڭ ئاستىغا ئېلىشقا بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا «قۇرۇق ئىرادىچىلىك خاھىشى»نىڭ ئىپادىلىرى ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. بەزى تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرەز، قىياس ھەم قاتمال قاراشلىرىنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە يارىتىلمىغان پېرسوناژلارنىڭ ئۈستىدىن يەڭگىللىك بىلەن «رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا توقۇپ چىقىلغان»، «تەبىئىيلىكى يوق»، «سۈنئىي» پېرسوناژلار دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆز ئىرادىسىنى يازغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

يولداش ئەمتىلى قادىر ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن»، قارا ئادەملىرىگە» ناملىق پوۋېستىدا يارىتىلغان جامال ئوبرازىنىمۇ «ئورتاقلىق — سىنىپىيلىكنىڭ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلۈشى»، «خاسلىق — بىرقانچە ئورتاق سىنىپىي كۆز قاراشلارنىڭ كونكرېت ھالىتى» دەيدىغان خاتا فورمۇلا بويىچە كۆزەتكەچكە، ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئەينى يىللاردىكى پاجىئەلىك رېئاللىقنىڭ جامالغا ئوخشاش سانسىزلىغان ياشلارنى مەنىۋى جەھەتتىن نابۇت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي چىنلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەتتا پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن جامال قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ «خاراكتېر جەھەتتىكى ماھىيەتلىك ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە بۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېچىپ بېرىلمىگەن»، جامالنىڭ سېكرېتارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى قىلىپ قويۇلغان دەپ، ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۆز پوۋېستىدا جامال خاراكتېرىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى ئىنتايىن چوڭقۇر رېئال ئاساسقا ئىگە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتكەن. ئېلىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاپەتلىك يىللارنىڭ «زىمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خۇنۇك قىياپىتى ۋە ئاشۇنداق شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ بۇ زېمىندىكى جامال قاتارلىق ھايات ئىگىلىرىنى نەقەدەر ئېچىنىشلىق يولغا باشلىغانلىقى يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ يازغۇچىنى جامال خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىچىلىكىنى ۋە بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسىنى تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېچىپ بەرمىگەن، جامالنىڭ سېكرېتار بولغانلىقىنى ئۇنىڭ تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان دەپ تەنقىدلىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئۆزىنىڭ «زىمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق بۇ پوۋېستىدا جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا يېرىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن سىياسىي تەلۋىلىك، دەھشەتلىك زىيانكەشلىك، زوراۋانلىق، ئاچارچىلىق، نامراتلىق ۋە نادانلىق كەلكۈنى يامراپ، ئادەملەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى، نورمال ھېسسىياتى، غۇرۇر ھەم غايىسى چىدىغۇسىز دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا جامال قاتارلىق ياشلارنىڭ چىقىش يولى تاپالماي، تەمتىرەپ، ھەسرەت چېكىپ، تۇرمۇش توغرىسىدىكى گۈزەل غايىلىرى بىلەن شېرىن ئارزۇلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، قاتمۇقات ئازاب ھەم خورلۇقلارغا ئۇچراپ، ئاخىرى شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، يەنى مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ئاساسەن خېلى چوڭقۇر، ئىشىنەرلىك ھەم تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

جامال ئۇچرىغان چىدىغۇسىز ئازابلار بىلەن خورلۇقلار ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ «مەنبەسى» ئەمەسمۇ؟! «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەھشەتلىك بورانلىرى كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ ۋەھىمىلىك يىللاردا «بېشىدىن كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ كەتكەن» ئاددىي يېزا باللىرى مەنىۋى جەھەتتىن بۇزۇلۇپ، ئەگرى، تۈيۈق، خاتا يوللارغا، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغان ئىشلار ئازمۇ؟! «ئەدەبىياتنىڭ تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتى» يازغۇچىلارنى ئاشۇنداق ئاچچىق تارىخىي رېئاللىقنى، تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنى زومۇزو يوشۇرۇشقا، يېپىشقا، ئېتىراپ قىلماسلىققا، رەڭۋازلىق بىلەن بوياشقا ياكى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىمەسلىككە زورلايدىغان «قانۇنىيەت»مۇ؟! پىسخىكىسى، سەرگۈزەشتىلىرى، تەقدىرى ئۆزىمىزنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىغان ياكى ئۆلچەملىك قېلىپلىرىمىزغا چۈشمىگەن پېرسوناژلارنى مۇشۇنداق «قانۇنىيەت»لەر ئارقىلىق ئىنكار قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسىنى، تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى توغرىسىدىكى خاتا ھەم قاتمال چۈشەنچىلىرىمىزنى يازغۇچىلارغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنغانلىق بولمامدۇ؟! «بېشىدىن كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ كەتكەن ئاددىي بىر يېزا بالىسى»نى قورقۇنچلۇق جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلغان ئەينى يىللارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىمۇ ياكى يازغۇچىنىڭ «رېئاللىقنىڭ ئۆز مەنتىقىسى»گە خىلاپلىق قىلغانلىقىمۇ؟!

مېنىڭچە، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق بۇ پوۋېستىنىڭ ئەڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى، ئەينى يىللاردىكى دەھشەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ دەل ئاشۇنداق «بېشىدىن كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ كەتكەن» ئاددىي يېزا باللىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇغدۇرغان پاجىئەلىرىنى «رېئاللىقنىڭ ئۆز مەنتىقىسى»گە ئاساسەن روشەن يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدە، يەنى جامالنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىدا تۇغۇلغان پاجىئەنى ئەينى يىللاردىكى «رېئاللىقنىڭ ئۆز مەنتىقىسى» بويىچە چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەنلىكىدە. شۇڭلاشقا يازغۇچىغا جامالنى «قانداقمۇ روھىي دۇنياسى پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەن بىر زەئىپ ئادەم قىلىپ تەسۋىر - لىگىلى بولسۇن؟ ئاساسىي قەھرىمانىنى بۇ خىل تەسۋىرلەش كىتابخانلاردا بىر خىل ئۈشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلدۇرامدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇشنىڭ رېئال ئاساسمۇ، نەزەرىيىۋى ئاساسىمۇ يوق.

ئەسەر قەھرىمانىنىڭ قايسى ماكان ۋە قانداق زاماندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، قانداق كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كېلىشى، قانداق تەقدىرگە گىرىپتار بولۇشى ۋە قانداق يولنى تاللىۋېلىشى ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئىرادىسى ياكى خاھىشى تەرىپىدىن بەلگە- لەنمەيدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن: پېرسوناژلارنى سىنىپىيلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە ئەركىن، مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جانلىق ئادەملەر سۈپىتىدە كۆزىتىدىغان ئەدەبىي تەنقىدچى يازغۇچى- لاردىن ھەرگىزمۇ ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى، پسىخىكىسىنى ۋە تەقدىرىنى سىنىپىي كۆرەشكە شەرتسىز ھالدا بويسۇندۇرۇشنى ياكى ئەسەردىكى ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ بارلىق ئىندىۋىدۇئاللىقىنى سىنىپىي قاراشلارغا پۈتۈنلەي سىڭدۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىنى «ساپلاشتۇرۇش»نىمۇ، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئەسلى مەۋجۇتلۇق ئاساسى بىلەن ئۆزىگە خاس مەقسىتىنى قەستەن يوققا چىقىرىۋېتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايدۇ.

ئەگەر يازغۇچى جامال ئوبرازىنىڭ ئەسلى مەۋجۇتلۇق ئاساسى ۋە ئۆزىگە خاس مەقسىتىنى توغرىلىق بىلەن ئىپادىلىمەي، ئۇنى باشتىن - ئاخىر ھايۋان تەرىقىسىدە سۈرەتلىگەن بولسا ياكى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇغۇلغان مەنىۋى پاجىئەنى يازماي، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى «ساپلاشتۇرۇش» بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇ ھالدا جامال ئوبرازى- نىڭ بەزىدە كىتابخانلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىسا، بەزىدە ئۇلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغاشتەك مۇرەككەپلىكى، خاسلىقى ھەم ئالاھىدىلىكىمۇ بولمىغان ۋە «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستمۇ ھازىرقىدەك ئىستېتىك قىممەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

«ئورتاقلىق» پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىدىن ئايرىم تۇرۇدىغان ياكى پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقىنى سىنىپىي قاراشلارنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدىغان ئۇقۇم ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. «ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقى»مۇ، «سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئورتاقلىقى»مۇ ئۇلارنىڭ خاسلىقى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خاسلىق بولمىسا، ئورتاقلىقمۇ بولمايدۇ. خاسلىق قانچە روشەن، قانچە باي بولسا، ئورتاقلىقمۇ شۇنچە روشەن ھەم شۇنچە باي بولىدۇ. جامالنىڭ تەقدىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەينى يىللاردىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭ خاسلىقى مۇئەييەن ئورتاقلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەملەر مۇئەييەن سىياسىي، سىنىپىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، كەسپىي قاراشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئائىلە، مىللەت، تەلىم - تەربىيە، ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنە، دەۋر، تارىخ، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەسىرلەرگە ئۇچراش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەملەرنىڭ تۇيغۇلىرى پەقەت قوزغاتقۇچى شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىگىلا تايىنىپ قالمايدۇ، بەلكى تۇيغۇلار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدار خاراكتېرىگىمۇ، شۇنىڭدەك تەسىرلىنىشنىڭ ئىچكى ھالىتىگىمۇ تايىنىدۇ. ئىنسان خاراكتېرىدا ئىرسىيەتلىك ئامىللارمۇ، ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىمە ھەم ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن ئادەملەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، تالالاش خاراكتېرى ۋە ئۆزىگە خاس روھىي مەنتىقىسى ھاسىل بولىدۇ. ھەرقانداق سىنىپ، ھەرقانداق مىللەت ياكى ھەرقانداق بىر ئائىلىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى، تاللاش خاراكتېرى، ئىچكى - تاشقى پائالىيىتى ۋە تەقدىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. ئىنساننىڭ سۇبيېكت دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىك بىلەن مۇرەككەپلىكنى يازغۇچىنىڭ ئىرادىسىمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئىرادىسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇرەككەپ ئىچكى ئالىمىدە ۋە ئەگرى - توقاي ھايات سەپىرىدە يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ھادىسىلەر بىلەن ئۆزگىرىشلەرنى ئابستراكت «سىنىپىيلىك» ياكى «تەۋەلىك» نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ئىنكار قىلىۋېتىشكە، شۇنىڭدەك يازغۇچىلارنى كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوي - پىكىرلىرىنى «سىنىپىيلىك»، «تەۋەلىك» ئۇقۇمىنىڭ ئابستىرات ئۆلچىمى بويىچە لايىھەلەپ چىقىشقا زورلىغىلى بولمايدۇ.

«يورۇق تەرەپ»، «قاراڭغۇ تەرەپ»، «ئىجابىي پېرسوناژ»، «سەلبىي پېرسوناژ» قاتارلىق ئۇقۇملارنى فورمۇللاشتۇرۇۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ھەم قاتماللاشتۇرۇۋېتىش ئەدەبىياتنى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ باي روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەشكە يۈزلىنەلمەيدىغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىنسانىيەت تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئادەمنىڭ ئۆزىنى، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ئالىمىنى بىلىشكە يۆتكىلىۋاتقان، ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىش تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەلىپىگە ئايلىنىۋاتقان، «ئادەم» ئۇقۇمىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكى بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە يازغۇچىلارنى بىر خىل مەنە، بىر خىل يۆنىلىش، بىر خىل سۈپەت ۋە بىر خىل خاھىشقىلا ئىگە «خاراكتېر» لارنى يارىتىشقا زورلاش تېخىمۇ خاتا. شۇڭلاشقا ۋاقتى ئۆتكەن، قاتماللىشىپ كەتكەن، بىر تەرەپلىمىلىكى ياكى خاتالىقى ئىسپاتلانغان ئۇقۇملاردىن ۋاز كېچىپ، ھازىرقى

زامان ئادەملىرى ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، رېئاللىزملىق ئىجادىيەت مېتودى نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق پېرسوناژلى سىنىپىي نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان، سىنىپىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىدىغان، سىنىپىي نۇقتىدىن باھالايدىغان ياكى ھەرقانداق بىر پېرسوناژنى ئاشۇ پېرسوناژ تەۋە بولغان پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالىدىغان خاتا ئۇسۇل بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

«زېمىن، قارا ئادەملىرىگە» ناملىق پوۋېستتا ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئېچىنىشلىق بەدىئىي كارتىنىسى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن، يەنى ئاشۇ قاراڭغۇ يىللارنىڭ جامال، پاتىمە قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ گۈزەل غايىلىرىنى قانداق بەربات قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى قانداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە گىرىپتار قىلغانلىقى ئۆزگىچە بەدىئىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. لېكىن يولداش مەمتىلى قادىر ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئاشۇ ئاپەتلىك يىللارنىمۇ «يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى» فورمۇلىسىغا زومىزو سېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئەينى يىللار رېئاللىقىنى بۇرمىلايدىغان خاتا يەكۈن چىقارغان.

يولداش مەمتىلى قادىر پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلار ئۈستىدە توختىلىپ، يازغۇچىنىڭ پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن بۇ پېرسوناژلارنىڭ جىنايەتلىك يىللاردا ئۆز نومۇسىنى سېتىشتەك چىدىغۇسىز خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى «بۇ پېرسوناژلارنى ئۆز تەۋەلىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىغانلىق»، «ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان ۋە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەت، ئىدىيىلەردە بولىدىغان غەلىتە پېرسوناژلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق»، «مىللىي خاراكتېرنى تولۇق نەزەرگە ئالمىغانلىق» دەپ قاراپ، يازغۇچىغا «بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىلغان. ئۇلاردا ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ بىرنەچچە جىڭ تېرىق، بىرنەچچە قاپ سەرەڭگىگە ئەمەس، ھەتتا تۈگىمەس - پۈتمەس ئالتۇن - كۈمۈشكىمۇ ئۆز نومۇسىنى تېگىشمەسلىكتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي - پەزىلىتى، ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدانىنى سېتىشقا رازى بولماسلىقتەك جەسۇرانە خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇرۇنقى فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىكى ئەھۋال. ئەجەبا، بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ 20 - ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مىللىي خاراكتېرى ئېنىق بولغان قەھرىمانلار ئوبرازىنى ياراتقىلى بولمايدىكەن؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جاپالىق يىللارنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى سىزىپ بەرگىلى بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ ئاددىي يېزا ئاياللىرىمىزنىڭ ئۈستىگە مۇنداق يىرگىنچىلىك قىلمىشلارنى يۈكلەپ قويۇشنىڭ زادى نېمە زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭدىن باشقىچە يوللار بىلەن دېھقانلىرىمىزنىڭ جاپالىق يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمامدىكەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى كەينى - كەينىدىن ياغدۇرغان.

بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردە قانداق تۇرمۇشنى ئىپادىلەش، قانداق پېرسوناژلارنىڭ قانداق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە شۇ ئارقىلىق قانداق باش تېمىنى ئىلگىرى سۈرۈش يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالماسلىق، بۇرۇنقىلارنىڭ تەييار پىكىرلىرىنى تەكرارلاشنى خالىماسلىق، بۇرۇنقىلارنىڭ قېلىپىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاش، باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىش، يول يوق يەردىن يول ئېچىش، تۇرمۇشنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تېخى يورۇتۇلمىغان تەرەپلىرىنى يورۇتۇش، ئاپەتلىك يىللارنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ سىزىش ھەقىقىي يازغۇچىلارغا خاس ئىجادىي روھ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ يازغۇچىلارنى «دېھقانلىرىمىزنىڭ جاپالىق يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى» نى پەقەت مەلۇم شەكىل ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە زورلايدىغان ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. ئاپتورلار قوشۇنىمىز ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپىبازلىق، تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق ئىللەتلىرىدىن تېخى قۇتۇلالمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق.

بىر يازغۇچى تۇرمۇشنى بۇ نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر يازغۇچى ئۇ نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىر يازغۇچى ئالىيجانابلىقنى مەدھىيىلىسە، يەنە بىر يازغۇچى پەسكەشلىكنى پاش قىلىدۇ. بىر يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە نومۇسىنى ساتقان پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەنلىكى باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە «پۈتمەس-تۈگىمەس ئالتۇن-كۈمۈشكىمۇ ئۆز نومۇسىنى تېگىشمەسلىكتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت» كە ۋە «ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، لېكىن ۋىجدانىنى سېتىشقا رازى بولماسلىقتەك جەسۇرانە خاراكتېر» گە ئىگە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىشىنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراتمايدۇ. ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ كىشىلىك ئەخلاقنى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغان جىنايەتكار يىللارنىڭ بىگۇناھ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ قەلبىدە قالدۇرغان ھاقارەتلىك تامغىسىنى پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھاياتلىق يولىدا ئۆز نومۇسىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەنلىكى باشقا يازغۇچىلارنىڭ «دېھقانلىرىمىزنىڭ جاپالىق يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى» نى «بۇنىڭدىن باشقىچە يوللار بىلەن» يورۇتۇپ بېرىشىگە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنى فېئودالىق جەمئىيەتتە ياشىغان يازغۇچىلار ماڭغان يولدىن چىقماسلىققا، بولۇپمۇ خاراكتېرلار تەسۋىرىدە پەقەت شۇلارنىڭ ئىزىدىلا مېڭىشقا دەۋەت قىلىشى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز.

«زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن پاتىمە، خۇماخان، ھېكىم، جامال قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئاپەتلىك يىللاردىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن پاجىئەلىك تەقدىرى ئاشۇ يىللارنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان «بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم، تاساددىپىي نەرسىلەر» مىدى؟! ئەينى يىللاردىكى شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ نابۇت قىلىشىغا ئۇچرىغان، قۇربانغا ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ئۇلارنى «ئۆز تەۋەلىك-

دىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلىغانلىق» ياكى ئۇلارنى «ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان ۋە ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەت، ئىدىيەلەردە بولىدىغان غەلىتە پېرسوناژلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىق» بولامدۇ؟!

«تەۋەلىك»، «مىللىي خاراكتېر» دېگەن ئاتالغۇلارنى پەش قىلىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرنى، بولۇپمۇ ئاپەتلىك يىللاردا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن روھىي كېسەللەرنى دادىللىق بىلەن ئاشكارىلاشنى، ئوپېراتسىيە قىلىشنى چەكلەش، ماھىيەتتە، سەنئەتكارلارنى رەڭۋازلىق قىلىشقا ئۈندىگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ خاراكتېرىدا ئىجابىي ئامىللارمۇ، سەلبىي ئامىللارمۇ مەۋجۇت. دۇنيادا پۈتۈنلەي پاك مىللەت مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بىر پارچە بەدىئىي ئەسەردە يارىتىلغان بىرقانچە پېرسوناژنى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئورتاق بەلگىسى دەپ قاراش رېئاللىقنىڭ مەنتىقىسىگىمۇ، سەنئەت قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەقىقىي يازغۇچىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ، يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز ھەم بەدىئىي سەزگۈرلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى خىلمۇخىل پەسكەشلىكلەرنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلىيالايدۇ. «زېمىن، قارا ئادەملىرىگە»ناملىق پوۋېستتا يارىتىلغان پاتىمە، خۇماخان، ھېكىم، جامال قاتارلىق پېرسوناژلارمۇ ئەينى يىللاردا خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش تەقدىر ھەم پاجىئەگە يولۇققان ئادەملەرنىڭ ئوبرازى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق بەلگىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پاتىمە، خۇماخان قاتارلىق پېرسوناژلار باشتىن كەچۈرگەن ئاھانەتلىك كەچۈرمىشلەر بىلەن چەكسىز ئېغىر روھىي ئازابلار ئۇلارنىڭ «ئۆز تەۋەلىكىدە بولمايدىغان» ياكى بولمىغان «ھەرىكەت، ئىدىيەلەر»مۇ ئەمەس. بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھ، رېئاللىق گۇۋاھ.

ياش يازغۇچى زۇلپىقار ئۆزىنىڭ «بىسى يانغان شەمشەر» ناملىق پوۋېستىدا يارىتىلغان باش قەھرىمان — ئابلەتنىڭ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن تارتىپ تاكى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكىۋېتىلگىچە بولغان ئارىلىقتا باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم چىگىش ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي سەزگۈرلۈك بىلەن خېلى چوڭقۇر، خېلى ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

ئىسلاھات — توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك. بىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييار ئۈلگىسى ياكى ئۆلچەملىك قېلىپى يوق، لېكىن بۈگۈنكى دەۋرىمىز كىشىلىرى يول يوق يەرلەردىن يول ئاچالايدىغان، كونا تەرتىپلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالايدىغان، ئىسلاھاتنى دادىللىق بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرالايدىغان جاسارەتكە ئىگە. «بىسى يانغان شەمشەر» ناملىق پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان — ئابلەت دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ دەل ئاشۇنداق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان پېرسوناژ. ئۇنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا قوللانغان بىر

www.uyghurkitap.com



قاتار كەسكىن تەدبىرلىرى يېڭىلىقتا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ھەر بىر كىتابخاننى تەسىرلەندۈرمەي قويمايدۇ.

ئىسلاھات روھىي بۆسۈش ھەم يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭلاشقا ئۇ كونا ئادەت ھەم كونا تەرتىپلەر بىلەن ھەرگىزمۇ سىغىشالمايدۇ. نەتىجىدە، ئىسلاھ قىلىش روھى بىلەن ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئادىتى ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل توقۇنۇشلار يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلاھاتنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە، مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس روھىي مەنتىقىگە ئىگە ئادەملەر ئېلىپ بارىدۇ. «بىسى يانغان شەھەر» پوۋېستىدىكى باش قەھرىمان ئابلەتمۇ رېئال تۇرمۇشتىكى ئاشۇنداق جانلىق ئادەملەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى ئۇنى روھىي دۇنياسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش ياكى داۋالغۇش يۈز بەرمەيدىغان، ھەممىلا زىددىيەتنى قىلچە نۇقسانسىز ھەل قىلىۋېتەلەيدىغان، قىلچە ئەيىبى يوق، پۈتۈنلەي مۇكەممەل، كامالەتكە يەتكەن «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم» گە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان، ئەكسىچە ئۇنى زامانىمىز كىشىلىرىگە خاس ئىزدىنىش، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بۆسۈش روھىغا باي، ناھەقچىلىكلەر ئالدىدا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان، مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان، چېگىش مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس تورىغا باغلىنىپ قېلىشتىن نەپرەتلىنىدىغان، خاتا، نامۇۋاپىق ئىشلارغا نىسبەتەن قىلچە يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان، لېكىن مىجەزى چۇس، تەرسا، كاج، قوپال، ھەمىشە قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرىدىغان، ئاۋازىمۇ گۇلدۇرمامىدەك ئاڭلىنىدىغان، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىغان بەزى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھەتتا ئۇسۇلنىڭ توغرا-خاتالىقى بىلەنمۇ ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان جانلىق ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

لېكىن، يولداش مەمتىلى قادىر ئەسەر قەھرىمانى ئابلەتنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە مەسىلىلەرنى دادىللىق بىلەن مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش روھىنى «باشباشتاقلىق»، «شەخسىي قەھرىمانلىق» دەپ كەمسىتسە، يازغۇچىنىڭ ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژغا جانلىق ئادەملەرگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر بەرگەنلىكىنى بۇ پېرسوناژلارنىڭ «ئاكتىپ تەرەپلىرى بىلەن كەمچىلىك تەرەپلىرى» نى «قارا-قويۇق مەدھىيىلىگەنلىك» دەپ ئەيىبلىگەن، ھەتتا ئابلەتنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلاملىرىدا ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان بيۇروكراتلىق بىلەن فېئودالىزمنىڭ تەسىرى ۋە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ناھەق ھالدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنى قانداقتۇر بۇ ئابلەتنىڭ مەلۇم «تەشكىلىي پرىنسىپ» ۋە «ئاممىۋى ئاساس» قا ئىگە ئەمەسلىكىنىڭ ئاقىۋىتى، دەپ يەكۈنلىگەن.

ئەسەر قەھرىمانى ئابلەتنى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە قىلىش، يەنى ئۇنىڭ ئاتالمىش «نۇقتىلىق مەكتەپ» تە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇتقۇچىلار سۆھبەت يىغىنىدا ئىپادىلەنگەن ئۇسۇل جەھەتتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تەسۋىرلەش يازغۇچىنىڭ ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى بۇ پېرسوناژغا ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە جانلىق ئادەم قاتارىدا

مۇئامىلە قىلغانلىقىنىڭ، شۇنىڭدەك ئابلەتكە ئۆز روھىي مەنتىقىسى بويىچە پائالىيەت
ئېلىپ بېرىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر يازغۇچى ئۆز قەھ-
رىمانىنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكىتىنى توغرا دەپ قارىغان ياكى «قارا قويۇق-مەدھىيە-
لەۋدىرگەن» بولسا، ئۇ ھالدا ئابلەتنىڭ «قىزىشىپ كېتىپ، ئۇسۇلىنىڭ توغرا-خاتا بو-
لۇۋاتقىنىنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇ-
راتتى» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنى ھەرگىزمۇ يازمىغان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، زامانىۋىلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى رەسمىيەت، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، ئەنئەنىۋى تەدبىر-
لەر ئۈستىدىكى قاراشلىرىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش ھەم يېڭىلىنىشلار يۈز بەرمەي قال-
مايدۇ. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىدىغان ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر-
قانداق ئۇسۇل ھەم رەسمىيەت كىشىلەر تەرىپىدىن بەرىبىر چۆرۈپ تاشلىنىدۇ. ئىسلا-
ھاتنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ھازىر بىز «توغرا»، «مۇۋاپىق» دەپ يۈرگەن بەزى
ئۇسۇل ھەم رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەي، بەلكى «خاتا»، «قوپال» دەپ يۈرگەن ئۇسۇل
ھەم تەدبىرلەر ئۆتۈپ كېتىدىغان ھادىسىلەرمۇ مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلاھات
دەۋرىدە ياشاۋاتقان ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ قاتماللىقنى بۇزۇش روھى بىلەن يېڭىلىق
يارىتىش جاسارىتىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە تىرىشىۋاتقان يازغۇچىلارغا ھەرگىزمۇ ئۆز
پېرسوناژلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئەنئەنىۋى رەسمىيەت ھەم ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار
ئارقىلىق تىزگىنلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگىلى بولمايدۇ.

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان بىر ئادەم مائارىپ ئىسلاھاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە
ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر مەكتەپنىڭ، بولۇپمۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ
مائارىپ سېپىدىكى ئۈلگىسى دەپ قارىلىۋاتقان بىر «نۇقتىلىق مەكتەپ» نىڭ ئوقۇش-
ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، جۈملىدىن شۇ مەكتەپتىكى مۇدىر، ئىلمىي
مۇدىر ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىنى، ئىستىلىنى، خىزمەت ئىقتىدارىنى،
كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆزى مۇۋاپىق تاپقان ھەرقانداق بىر ئۇسۇل بىلەن ئەتراپلىق،
ئىنچىكە ھەم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تامامەن ھەقلىق. بۇ خىل تەكشۈرۈشنى
ئېلىپ بېرىشتا، بەزى ئۇسۇللار ئانچە ئىلمىي بولماي قالسا، مائارىپ ئىسلاھاتى ئەمەلىيى-
تى جەريانىدا ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل تەكشۈرۈشنى خاراك-
تېرى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر ئېلىپ بارىدۇ. قىسقىسى، ئابلەتكە ئوخ-
شاش ئىسلاھاتچىلار ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق چەكلىمىلىك-
لەر بىلەن يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن ئىدىيىسى قاتمال، مۇتەئەسسىپ
كىشىلەر ئىسلاھاتچىلاردىن قۇسۇر ئىزدەشكە، ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۆكۈلىسىغا ئېسىلىۋې-
لىشقا ئامراق كېلىدۇ. چۈنكى ئابلەتكە ئوخشاش ئىسلاھاتچىلارنىڭ قاتمال ھالەتنى-
دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش روھى، ھەتتا ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنىمۇ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەنىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشىنىمۇ، ئۆز-
مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىنىمۇ ئايانماسلىق روھى كونا

uyghurkitap.com



يولدا مېڭىپ ئادەتلىنىپ قالغان، كونىچە پىكىر قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، يول يوق يەردىن يول ئېچىش كونا يولدا لاغايلاپ يۈرگەندىن كۆپ مۇشكۈل. شۇڭلاشقا ئابلەتنىڭ «قوپال ئۇسۇلى» ئىز باسارلارنىڭ تەقدىرىگە، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنمەيدىغان، قۇرۇق گەپ بىلەن شەھەر ئالىدىغان، تەييارتاپ، بيۇروكرات شەخسلەرنىڭ ئاتالمىش «توغرا ئۇسۇلى» دىن كۆپ ئەۋزەل.

ئابلەتنىڭ مىجەزى چۇس، تەلەتى سۇرۇن، سۆز - ھەرىكەتلىرى قوپاللىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق روھى كىتابخاننى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىز دەل مۇشۇنداق ئادەملەرگە، يەنى ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىنمۇ، خىلمۇخىل ئەيىبلەشلەرگە، ھەتتا زەربىگە ئۇچراشتىنمۇ قورقمايدىغان ئابلەتتەك قەيسەر ھەم ۋىجدانلىق ئەزىمەتلەرگە موھتاج ئەمەسمۇ؟!

ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىياتچان ئادەملەردە ئىسلاھات روھى، بۆسۈش ئېڭى كەمچىل بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار «يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويارمەنمىكىن»، «خاتالىشىپ قالارمەنمىكىن»، «ئورنۇم تەۋرەپ كېتەرمىكىن»، «مەنپەئەتىمگە دەخلى يېتەرمىكىن» دېگەندەك ئوخشاش خىلمۇخىل ئەندىشىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقالمىغاچقا، كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ناھەقچىلىكلەرگىمۇ ئۇكايلىقچە چېقىلالمايدۇ، ھەتتا «تەشكىلىي پرىنسىپ»، «ئاممىۋى ئاساس» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پاسسىپ روھىي ھالىتىنى ئاقلاشنىڭ ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئابلەتنىڭ خاراكتېرى ھەم پائالىيەتلىرى دەل ئاشۇنداق شەخسلەرنى قامچىلاش مەقسىتىدە تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچى ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ۋە مەزمۇنغا باي پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق بىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىمىزدا، ئەمگەك - كادىرلار تارماقلىرىمىزدا ۋە ئاما ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قاتمال ھەم پاسسىپ روھىي ھالەتلەرنى، ناچار ئىستىللارنى، نامۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈم ھەم رەسمىيەتچىلىكلەرنى خېلى چوڭقۇر پاش قىلغان، شۇنىڭدەك ئىسلاھاتنىڭ ئەگرى - توقايلىقى بىلەن مۇشكۈللۈكىنى، ئىسلاھاتنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، سوتسىيالىزمنىڭ «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە يارىشا ھەق ئېلىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى خېلى جانلىق ھەم خېلى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

«بىنسى يانغان شەمشەر» ناملىق پوۋېست يولداش مەمتىلى قادىرنىڭ ئابلەت ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن «نۇقتىلىق مەكتەپ» تىكى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا «بىرەر قېتىممۇ ناھىيە رەھبەرلىكى ياكى ئاكتىپ كۈچلەر بىلەن ئۇچرىشىپ خىزمەتلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىپ باقمىغان» بۇ ئۇنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپ كۆز قارىشى ئاجىزلىقىنى ۋە ئاممىۋى ئاساسىي يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن ھۆكۈملىرىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ.

قانداق كۈچلەرنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپلىقى ئىسلاھات جەريانىدا مەلۇم بولىدۇ،

قانداق رەھبەرلىكنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىمۇ ئىسلاھات جەريانىدا ئىسپاتلىنىدۇ. ئابلەتنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈش ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن خىزمەت قىلىشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن «ئادىل ۋە دادىل» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ھەسەن قاسىم سېكرېتارنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئەمەلگە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىراقلا بەل قويۇپ بەرگەنلىكى، ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئۈلگە دەپ قارىلىپ كەلگەن «نۇقتىلىق مەكتەپ»نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئابلەتنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا لەيلى، شەمسىدىن، تۇرغۇن، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ئاكتىپ كۈچلەرنى تاپقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا كۈچلۈك ئىلھام بەرگەنلىكى، ئابلەت دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، بىرتوپ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى، ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئابلەتنى قوللىمىغانلىقى، كونا تەرتىپلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغانلىقى، ھەتتا ئابلەتنى مائارىپ سېپىدىن پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا يۆتكىۋەتكەنلىكى قاتارلىقلار بۇنىڭغا ئەڭ جانلىق مىسال بولالايدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، زىددىيەتنى ھەدېسىلا يۇقىرىغا ئىتتىرىدىغان، بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا يۇقىرىغا سوكۇلدايدىغان، ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىشلارنىمۇ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالمايدىغان، يۇقىرىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا ئولتۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئىنكاسقا ياكى دوكلاتقا تايىنىدىغان، نامۇۋاپىق رەسمىيەتلەرنىمۇ شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغان، خىزمەتتە سۆرەلمىلىك قىلىدىغان ناچار ئادەتلەر ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا پەيدىنپەي تۈزىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئابلەتتەك ئىسلاھاتچىلاردىن بۇ خىل ئادەتلەرنى بۇزدى، دەپ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ.

ئىسلاھات داۋامىدىكى زىددىيەتلەر دائىم دېگۈدەك ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخولوگىيىسى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئادىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ. ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى ۋە ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى بىلەن سىغىشالمايدىغان خىلمۇخىل ئەنئەنىلەر ئامما ئارىسىدىمۇ، رەھبەرلىك قاتلاملىرىدىمۇ مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ئىسلاھاتنىڭ توسالغۇسى پەقەت خاتا رەھبەرلىكتىنلا كېلىدۇ، دەپ قاراش تولۇق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس. بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ئىسلاھاتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنى، مەيلى ئۇ رەھبىرىي كادىر ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن، پاش قىلىشقا، ئەيىبلەشكە، قامچىلاشقا تامامەن ھەقلىق.

يىغىنچاقلىغاندا، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ «تەبىئىي» ياكى «سۈنئىي»، «چىن» ياكى «ساختا»، «جانلىق» ياكى «جانسىز» يارىتىلغانلىقىنى «رېئال تۇرمۇشتىكى رېئال ئادەملەرنىڭ ئەسلى ھالىتى»گە ئاساسەن باھالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئادەمنىڭ مەقسەت ھەم مەركەزلىك ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقان، رېئالىستىك ئەدەبىيات كۆپ خىل مەنە، كۆپ خىل يۆنىلىش، كۆپ خىل سۈپەت ھەم كۆپ خىل خاھىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە پېرسوناژلارنى يەنىلا مەلۇم ئۆلچەملىك قېلىپلارغا چۈشۈرۈشنى ياكى مۇئەييەن ئۇقۇملار بويىچە ياساپ چىقىشنى تەلەپ قىلىش كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن

## بىلال ئەزىزى



شائىر بىلال ئەزىزى 1921 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ھاياتى خوتەندە ئۆتكەن. شائىر باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1939 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇيدۇ. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن گېزىتىدە كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1942 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كېلىدۇ، بۇ مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ساقچى كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا يۆتكىلىدۇ. 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. 1945 - يىلى ئاقسۇدا گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى تۈرمىدە قەتلى قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا شائىر ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەنىدى.

بىلال ئەزىزىنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1940 - يىلى خوتەندە چىقىدىغان «شىنجاڭ خوتەن گېزىتى»دە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەن يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق ئەزالىرى بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە ئازاد رايونلار ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. مۇنداق ساغلام سىياسىي مۇھىت ياش شائىرنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى تونۇشقا باشلايدۇ. سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق پۇشكىن، لېرمونتوۋ قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى، گوركى، ماياكوۋسكى، غۇپۇر غۇلام، ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىق ھازىرقى زامان سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشىدۇ. ئۇ يەنە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تۇرغۇن ئالماس، ئەھمەت زىيائى قاتارلىق شائىرلار بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. بىلال ئەزىزى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بىر قىسىم

جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، 40 - يىللار ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىرلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ 1942 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «دۈشمەن نېمە قىلماقچى؟» دېگەن شېئىرىدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئىنسانىيەتكە تۈگىمەس بالايىئاپەت كەلتۈرگەن فاشىزم گېرمانىيىسى ۋە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسى پاش قىلىنغانىدى. شائىر يەنە ئۆزىنىڭ «بىرلىك»، «گۈزەل شىنجاڭ»، «ۋەتەن خىسلەتلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىگە چاڭ سالغان ياپون ئالۋاستىلىرىغا كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشەببۇس قىلغان ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىك سەپ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇشقا چاقىرىدۇ.

1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە ۋە جاھالەتكە قارشى غەزەپ ئوتى تېخىمۇ يالقۇنلاپ كەتتى. ئۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىق ئىلغار ياشلار بىلەن بىللە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىر تۈركۈم جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ «گۈلۈمگە» ناملىق شېئىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە تەلپۈنۈشنىڭ، ئازادلىققا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىدى:

«گۈلۈم خۇشال ئوينايمىز ۋەتەن ئازاد بولغاندا،
قول تۇتۇشۇپ يايرايمىز ۋەتەن ئاۋات بولغاندا.
بىز كۆزلىگەن سۈزۈك تاڭ بولغۇسىدۇر مۇيەسسەر،
ۋەھشىي، قانخور دۈشمەنلەر چوقۇم بەرباد بولغاندا.»

بىز شائىرنىڭ «ئۆمۈر ئاتقان ئوق»، «يولدىشىمغا»، «زىيائىي غەزىلىگە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ شېئىرىيەت ماھارىتى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

شائىر «يولدىشىمغا» دېگەن شېئىرىدا ئۆمۈرنىڭ خۇددى سۇدەك ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ، بىزنى ئۆمۈرنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، ئۆمۈر بېغىدا يېڭى گۈل - چېچەكلەرنى ئۆستۈرۈشكە، ئەۋلادلار ئۈچۈن يېڭى باغۇ - بوستانلار ياساشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«يىغى - ھەسرەت، قايغۇ - ماتەم، ۋەيران گۆرىستان،
غەيرەت بىلەن بولغۇسىدۇر باغۇ - گۈلىستان.
تىرىش، ئىشلە، پۈتۈن دۇنيا بولسۇن بىر بوستان،
خارۇ - زارلار، ئېگىز تاغلار بولسۇن گۈلىستان.
سەن ياسىغان ئاشۇ باغلار ئەۋلادقا ياقسۇن،
ئۆمرۈڭ سۈيى ھېچ لايلانماي، سۈپسۈزۈك ئاقسۇن!»

www.uyghurkitap.com



شائىر بىلال ئەزىزى مىللىتى ئۆزبېك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىل جەھەتتە راۋان، يەڭگىل، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشتى. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە بارماق ۋەزنى بىلەن يېزىشنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىپ، غەزەل، مۇخەممەس ۋە مۇستەھزاد قاتارلىق شەكىللەرنىمۇ قوللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەھزاد شەكلىدە يازغان بىر شېئىرىدا:

«تامامى مەخلۇقاتنىڭ ئۇلۇغراقىدۇر ئىنسان،
ئىنسان بەك ئاقىل،
ئۇلۇغلۇقى بولغاچقا كۆكتە قۇش كەبى ئۇچقان،
شۇڭلاشقا قابىل.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار كۈچىنى نامايان قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. دېمەك ئۇ، كىلاسسىك شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلانغاندا، ئۇنى يېڭى پىكىر، يېڭى ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن تولۇقلاشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانىدى.

شائىر بىلال ئەزىزى 25 يىللا ئۆمۈر كۆردى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدا، 40 - يىللار ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە مەزمۇنغا باي، رەڭدار، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى 1957 - يىلى «شېئىرلار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىياتى گۈلزارىدا ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە بولغان بىر غۇنچە سۈپىتىدە پورەكلەپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ نامى خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى يولىدا قۇربان بولغان باتۇر ئەزىمەتلەر قاتارىدا مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

(بېشى 134 - بەتتە)

چىقاردى. 1959 - يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى، كېيىن بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىندى. 1981 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شائىرنىڭ «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» ناملىق توپلىمىنى ئۇيغۇر تىلىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى. 1982 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرىنىڭ تولۇقلانغان توپلىمى»نى نەشر قىلىپ، بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئالتە پارچە شېئىرىنى كىرگۈزدى. 1983 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان شائىر ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى — «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلدى.

تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىنجان ئەخمىدى

# لۇتپۇللا مۇتەللىپ



يېڭى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى ھېزىم قوشۇمچە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىماملىقى ۋە دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن «ھېزىم موللا» دەپ ئاتالغانىدى. لۇتپۇللانىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەركىلەتمە ئىسمى «لۇتۇن» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا بۇ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتتى.

لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بەش يېشىدىلا ساۋاتىنى چىقاردى. ھېزىم موللا ئوغلىنىڭ يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنى چۈشىنىپ، ئۇنى دەسلەپ نىلقىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە، ئىككى يىلدىن كېيىن غۇلجىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە بەردى. بىلىمگە ھېرىسمەن، ئەقىللىق، زېرەك لۇتپۇللا 1936 - يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ بۇ مەكتەپتە رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماستىن، رۇس ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشتى، شۇنداقلا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان جۇڭگو ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، جۈملىدىن لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1937 - يىلدىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى سېپىگە قەدەم قويدى. 1938 - يىلى شائىر ئەنۋەر ناسىرى بىلەن تونۇشۇش ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئىجادىيەتتىن باشقا «مىللەتلەر كۇلۇبى» نىڭ پائالىيەتلىرىگىمۇ قىزغىن قاتنىشىپ جەمئىيەتتە تېزلا تونۇلدى. ل. مۇتەللىپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن يىللار ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايغان مەزگىل ئىدى. ۋەتەن ۋە خەلق تەقدىرىگە كۆيۈنگەن ياش شائىر شۇ يىللاردا «جۇڭگو»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا»، «جانان ئەيلەر»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»،

«كۆرەش»، «خەلقىمگە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسىنى، ياش ئەۋلادلارنىڭ يېڭىچە ئىنقىلابىي روھتا ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىدى.

ل. مۇتەللىپ 1939 - يىلى كۈزدە گىمنازىيىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەلدى. ئۇ مەكتەپتە غەيرىتى تولۇپ تاشقان، تىرىشچان، روھلۇق، جۇشقۇن بىر ياش سۈپىتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى. ئۇنىڭ ئىلھام بۇلىقىدىن قايناپ چىققان «قىزىلگۈلگە پۈركەنگۈچە يەر - جاھان»، «ئازادلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇقى»، «مۇخەممەس»، «ماي ناخشىسى»، «كەل يېڭى يىل»، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى» قاتارلىق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا تارقالدى. ئۇ بۇ شېئىرلىرىنى ئۆز ئىجادىي ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ھالدا، «قاينام ئۆركىشى» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىدى. شائىر يەنە «يېتىپ بارىدۇ»، «ئازادلىق كۈرەش» قاتارلىق بىرمۇنچە ناخشا تېكىستلىرىنىمۇ يازدى. بۇ تېكىستلەر ئاھاڭغا سېلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشى سۈپىتىدە ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە جاراڭلىدى.

ل. مۇتەللىپ 1941 - يىلى يازدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە تەرجىمان بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشى، جەمئىيەتنى ئۆگىنىپ، نەزەر ۋە بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشى يولىدىكى بىر چوڭ ئىجتىمائىي مەكتەپ بولدى. ئۇ بۇ سەپىرىدە قەشقەردە «دوستۇمغا»، «چىمەنگۈل سەھنىدە» قاتارلىق شېئىر ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلدى.

1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە بەلگىلەندى. بۇ چاغدا گېزىتخانىدا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار كۈچلەرنىڭ تەسىرى زور بولۇپ، گېزىتخانا باشلىقى ۋە باش مۇھەررىر كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە تەسىرى ئاستىدا ل. مۇتەللىپ سىياسىي - ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىدى، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ گېزىتتە «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىنى تەشكىل قىلىپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتورلارنى يېتىشتۈرۈش، يېتەكلەش جەھەتلىرىدە كۆپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلغان «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «ماي — كۈرەشچان ئاي»، «يانار تاغلار»، «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا»، «ياشلىق، ئۆگەن» قاتارلىق شېئىرلىرى، «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ۋە پارلاق» قاتارلىق فېليەتون، نەسىرلىرى، «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» پوئېمىسى ھەمدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر بىر يۈرۈش پوبلىستىك ماقالىلىرى ئەنە شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىجادىي ھاياتىدا دىراما ئىجادىيىتىمۇ مەلۇم
سالماق تۇتىدۇ. ئۇنىڭ سەككىزگە يېقىن دىراما، ئوپېرا ۋە كومېدىيە يازغانلىقى مەلۇم،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە ئېنىق بولغىنى «چىن مودەن» دىرامىسى، «كۆرۈش
قىزى» ئوپېراسى ۋە «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومېدىيىسىدىن ئىبارەت. ئۆلكىلىك
ئۇيغۇر ئويۇشما تىياتىر ئۆمىكى شائىرنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەيدانلىرىنىڭ بىرى
ئىدى. ئۇ بۇ ئۆمەكنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتنىشىپ، ئۇنىڭ كونسېرت،
دىرامىلىرىنى تولۇق كۆرەتتى ھەمدە تونۇلغان. دىراما تەقرىز - تەنقىدچىسى سۈپىتىدە
«سەنئەت خۇمارى» تەخەللۇسى بىلەن ئۆز ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان ئىلمىي - پۇبلىستىك ماقالىلىرى — «تىياتىر-
نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىش تارىخى»، «سەنئەتكە مۇھەببەت» ئەنە شۇ ۋا-
قىتلاردا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىلار شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى تەرەققى-
ياتىدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى.

1943 - يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىياپىتىنى ئۇزۇل-كېسىل
ئاشكارىلاپ، ئىلغار، ئىنقىلابىي كۈچلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن،
لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەھرىرلىك خىزمىتىدىن چەتلەشتۈرۈلدى، تىياتىرخانىدىكى ۋەزىپى-
سىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقى مەنئى قىلىندى.
شۇ يىلى 9 - ئايدا «خىزمىتىنى يۆتكەش» ھىيلىسى بىلەن ئاقسۇغا ھەيدەلدى. گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار كۈچلەردىن يىراقلاشتۇر-
ماقچى، ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى سۇندۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، ل.
مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدىكى مەزگىلى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جۇشقۇن، ئىنقىلابىي، ھو-
سۇللۇق يىللار بولدى. ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش راسا
كەسكىنلەشكەن بۇ يىللاردا ئۇ ئاقسۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان مونىردىن خوجا، بىلال
ئەزىزى، ئابدۇللا روزى ۋە ئابدۇللا داۋۇت قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار بىلەن قويۇق
مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قار-
شى كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇ يەنە شۇ ئىلغارلار سېپىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىر جەڭ-
چى ئىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇ-
رۇپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نى قەتئىي قوللىغان ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ «ئاق-
سۇ گېزىتى»دە «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەر سانىدا
دېگۈدەك ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى. ئۇ 1944 -
يىلى يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرى «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ»دە شا-
ئىرغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق خەلقنى «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» قىلىشقا چاقىرغان بول-
سا، 1944 - يىلى ۋە 1945 - يىلىنىڭ باشلىرىدا يازغان، شائىر ئىجادىنىڭ
يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك» شېئىر-
لىرىدا كۈرەش-ھاياتنىڭ مەنبەسى، كىشىلىكنىڭ ئالىي خىسلىتى ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈردى، ئازاد رايونلار ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىن ئىبارەت «يورۇق بۇرجەكلەر» دىن

خەلققە بىشارەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلق ئازادلىقى يولىدا يەڭ تۇرۇپ مەيدانغا چىققانلىقىنى جاكالىدى.

ئۇ ئاقسۇدا يەنە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشما تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن قاتنىشىپ، بەزى دىراما، ئوپېرالارنى يازدى، سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشتى ۋە بېزىسورلۇق قىلدى، بەزى تىياتىرلاردا ئۆزى رول ئېلىپ چىقتى، ناخشا تېكىستلىرى يازدى، دىكراتسىيەلەرنى ئىشلىدى، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا خالىس تەربىيىچى بولدى، ئۇلارغا ناخشىلار ئۆگەتتى. قىسقىسى، ئۇ ئاقسۇغا كەلگەن چېغىدا ئېيتقان: «بىزنىڭ تالىشىدىغىنىمىز مەنسەپ، شۆھرەت ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەت، مائارىپ» دېگەن سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھارماي-تالماي تىرىشتى.

1945 - يىلى ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا ماسلىشىپ، دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ل. مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ۋە شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۈرمىدە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ 23 يىللىق قىسقا ئۆمرىدە پەقەت توققۇز يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. 15 يېشىدىلا ئەدەبىياتقا قەدەم قويغان بۇ ياش تالانت ئىگىسى ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز ئىجادىيىتىنى يۈزەلكتىن چوڭقۇرلۇققا، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى. ئۇ بارماق ۋەزىن ۋە چاچما شېئىردىن ئىبارەت ئەركىن شەكىلنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈردى، شېئىرنىڭ توپ ئاملى بولغان تىل ۋاستىسىنى قوللىنىش جەھەتتە يېڭىچە ئەدەبىي تىلدا يېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى ساپ، ساددا، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانت ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەقىقەتەنمۇ 40 - يىللار ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى جەھەتتىن يېڭى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1956 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شائىرنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى، شۇ يىلى يەنە بېيجىڭ يازغۇچىلار نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا «مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» توپلىمىنى

(ئاخىرى 130 - بەتتە)

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر ماتېرىياللار

## بۈركۈت قانىتىدا

### رەسۇل ھەمزەتوۋ: خاتىرىلەر، مۇلاھىزىلەر

«ئوگونيوك» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس مۇخبىرى فېلىكس مېدۋېدېۋ بىلەن بولغان سۆھبەت

شائىر، پەيلاسوپ، ھەمزەت ساداسەنىڭ ئوغلى، زەرىمە ۋە سالىھەتلەرنىڭ ئاتىسى، تۆت نەۋرىنىڭ بوۋىسى، ئېپىكۇر تەلىماتىنىڭ ① تەرەپدارى، دىلكەش، ئاجايىپ كەمتەر، پېشانىسى ئوچۇق، ئامەتلىك، ستالىننىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆرگەن؛ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەم سانچۇ پانسۇ، ھەم دون كىخوت؛ شولوخوۋنىڭ سۆھبەتدىشى، تۋاردوۋسكىي، فادېيېۋ، سىمونوۋلارنىڭ دوستى؛ تىرىك كلاسسىك، تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان، يېرىم دۇنيانى كېزىپ چىققان تىنجىماس؛ فىدېل كاسترو ھەم ئىندىراگەندى بىلەن سائەتلەپ سۆھبەتلەشكەن؛ بۇ دۇنيادا ساداقەتلىك ئىككى يارنىڭ — شېئىرىيەت بىلەن ئايالى پاتىمەتنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى، كوممۇنىست، يۈزچە كىتابنىڭ مۇئەللىپى، داغىستان خەلق شائىرى، دۆلەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، لېنىن مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىياتى، س س س ر ۋە ر س پ س ر يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ سېكرېتارلىرىنىڭ بىرى، س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ۋەكىلى، س س س ر ئالىي سوۋېت پرېزىدىيومىنىڭ ئەزاسى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى رەسۇل ھەمزەتوۋ بىلەن سەككىز كۈن بىللە بولدۇم. تاغ يوللىرىنى كېزىپ، تىك ئۇچار ئايروپىلانلاردا ئۇچۇپ، ماشىنىلاردا يۈرۈپ، داغىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. گۈزەللىكى تەرىپكە سىغمايدىغان بۇ يۇرت كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ، ئۇيقۇسىنى ئوغۇرلايدۇ.

رەسۇل ھەمزەتوۋ — شۇ زېمىننىڭ پەرزەنتى.

### ھەمزەت ساداسە ئائىلىسىدە

— سادا ئاۋۇلىدا، ئاتامنىڭ ئۆيىدە سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىمىزدىن خۇشالمەن. بىر ۋاقىتلاردا بارلىق ئالەمدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ تاغلىق يېزا ھازىر پۈتۈن دۇنيا بىلەن باغلانغان. بۇ يەردىن ھەممە ياق ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بىر كۈنى مەندىن «تۇغۇلغان ئۆيۈڭ قەيەردە؟» دەپ سوراپ قېلىشتى. شۇ چاغدا مەن تاغلىق دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك، «بۈركۈت قانىتىنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا» دەپ جاۋاب بەردىم.

① ئېپىكۇر تەلىماتى — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئېپىكۇرنىڭ دۇنيانى ئارىشى قارىتىلغان ماتېرىيالىستىك تەلىمات — (ت)

ئاتام ھاياتى چېغىدا بۇ يەردە كۆپلىگەن ئاتاقلىق يازغۇچىلار، مەدەنىيەت ئەربابلىرى مېھمان بولغان. مېنىڭكىگە بولسا، تۋاردوۋسكىي، سىمونوۋ، گروسسمان، كرون، مىخالكوۋ ۋە باشقىلار كەلگەن.

بەزىدە ئاڭلاپ قالىمەن: مېنى گويا تەرجىمانلار شائىر قىلغانمىش. نېمىمۇ دەيتتىم، خۇرسەنمەن، مەيلى، شۇنداق بولسا بولسۇن. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ ھەقتە ئويلاپمۇ قويمايمەن. تەرجىمانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىللە ئوقۇغانىدىم. ئۆزىمىزنىڭ كىم بولۇشىمىزنى ئۇ چاغدا ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق. مەملىكەتتە نام چىقىرىشىمدا، رۇس كىتابخانلىرىغا تونۇلۇشۇمدا ياردەملەشكىنى ئۈچۈن تەرجىمانلىرىم نائۇم گرېبنېۋ، ياكوۋ كوزلوۋسكىي، ۋېرا زىۋياگىنتسېۋا، ئىلىنا نىكولايېۋسكايا، سېمىيون لىپكىن، ۋلادىمىر سولوخىن، ياكوۋخېلېمسكىي ۋە باشقىلاردىن مىننەتدارمەن.

نېمە دېسەم بولار، مەندە مىللىي ھېسسىيات بار، مىللەتچىلىك ھېسسىياتى يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت مەندىلا ئەمەس، پۈتۈن خەلقىمدە شۇنداق.

ماۋۇ كەتكەن يولنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، رۇس يولى دەپ ئاتىلىدۇ. بالىلىقىمىزدا بىزگە: «قېنى، رۇس يولىغىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېلىڭلارچۇ» دېيىشەتتى. تاغ خەلقى بىرەر ياققا بارغاندىمۇ، ئاۋۇلغا قايتقاندىمۇ رۇس يولى بىلەن ماڭغان. بارلىق داغىستانلىقلار رۇس يولى بىلەن مېڭىپ پۈتۈن دۇنيانى كۆرۈشتى: ئۆز تارىخلىرىنى مۇقىملاشتۇردى، ئەنئەنىلىرىنى شۆھرەتكە ئىگە قىلدى.

شۇنداق گەپ بار: كىم ئۆتمۈشكە تاپانچىدىن ئوق ئاتسا، كېلەچەك ئۇنى زەمبىرەكتىن ئوققا تۇتىدۇ. ھازىر قايتا قۇرۇش، كونىنى بۇزۇش ئىشلىرى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ھەممىنىلا بۇزۇش شەرت ئەمەس، دەپ قارايمەن. ياخشىلىرىنى ساقلاش، ئاسراش ۋە تىكلەش لازىم.

كۆكرىكىمدە گويا ئىككى يۈرەك ئۇرۇپ تۇرغاندەك: بىرى — «ھىمايە قىلغۇچى»، يەنە بىرى — «قارشى تۇرغۇچى»، مەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ قالغاندەكمەن. ئەگەر مەملىكەتتە ھەممە نەرسە بىرلا ئادەمگە باغلىق بولۇپ قالسا، مېنىڭچە، بۇنىڭدىن يامىنى يوق. بۇرۇن شەخسكە چوقۇنۇش ئىللىتى مەۋجۇت ئىدى. كېيىن مەنسەپكە چوقۇنۇش باشلاندى. شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار مېھمانلارنى يۈزىدىن يۈزىگە ماختايدۇ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ. مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن بولسا، تېخى بوسۇغىدىن ئىزلىرى ئۆچمەيلا تۇرۇپ، ئۇلارنى سۆكۈشكە باشلايدۇ. شۈكرى، بۇنداق تائىپىدىن ئەمەسمەن.

تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا ئويلىمەسلىك توغرا ئەمەس. نېمىلەرگە بۇنچىلىك ئىشەنگەنلىكىم، نېمە ئۈچۈن ۋە قەيەردە ئالدىنغانلىقلىرى توغرىسىدا مېنىڭمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. بىز ياشىغان دەۋردە ھەقىقەتەن جىنايەتلەر بولغان بولسا، كەچۈرمەسلىك كېرەك، ئۇنى ئاقلاشقىمۇ بولمايدۇ. نۇرغۇنلارنىڭ پاجىئەلىك خاتاسى شۇ يەردىكى، ئۇلار دۆلىتىمىز مۇستەھكەملىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشقان. دۆلەت مۇستەھكەملەنگەن

تەقدىردەمۇ، ئادەملەر بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بۇ بۇزۇلۇش ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن، چۈنكى ئۇلارغا بىر چاغلاردا لېنىن ئېيتقان كوممۇنىستىك مەنمەنلىك ۋە تۆرىلىك كېسىلى يۇققان.

«بىرگە زادى نېمە بولغان؟ ئەجەب تۇرغان - پۈتكىنىمىز يامانغۇ؟» دېگەن سوئاللارنى شۇ كۈنلەردە پات - پات ئاڭلاۋاتىمىز. چەت ئەللەردە مەندىن شۇ سوئالنى سوراشتى، قەدىردان ئاۋۇلۇمدىمۇ شۇ گەپ. ھەتتا ئۆزۈمدىنمۇ ئۆزۈم سورايمەن: «بۇ قانداق گەپ: ئىشلىدۇق، تەر تۆكتۇق، ياشىدۇق، ناخشىلارنى ئېيتتۇق، ئويىندۇق. ئەمدى مەلۇم بولدىكى، لېنىندىن كېيىنكى بارلىق رەھبەرلەر يامان ئىكەن؟» ھازىرغىچە بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب ئاڭلىغىنىم يوق. جاۋاب بېرىلىشى كېرەك.

سىز مەندىن يىگىرمە يىلدىن بېرى س.س.س.ر ئالىي سوۋېتى پرېزىدىئۇمىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قانداق قىلىپ بەزى خاتا يولىيورۇقلارغا، قارارلارغا، بەزى «قەھرىمانلار» نىڭ (ھازىر بىلىشىمىزچە، ئەسلىدە لاياقەتسىزلەرنىڭ) تەقدىرلىنىشىگە ئاۋاز بەرگەنلىكىمنى سوراۋاتىسىز. راستىنى ئېيتسام، ئوردېن ۋە مېداللارغا تالاي ئالتۇن كېتىدىغانلىقىنى، كۆپلەپ مەبلەغ سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلايتتىم! بىراق بۇنىڭدىمۇ تۆرىلەرچە ئۇسۇل قوللىنىلاتتى: ئونىنچى بەش يىللىقتا مۇنچە، ئونبىرىنچى بەش يىللىقتا مۇنچە ئادەم مۇكاپاتلىنىشى كېرەك... بۇ قانداق گەپ، زادى! بىر تەرەپتە س.س.س.ر ئالىي سوۋېتىنىڭ نەشرىياتى ئىشلەپ تۇرۇپتۇ. نېمىلەرنى نەشر قىلىدۇ؟ ئالىي سوۋېت قارارلىرىنىڭ تېز خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرى ئونبەش تىلدا. شۇ يولىيورۇقلار كېيىنچىرەك جايلاردىمۇ بېسىلىدۇ. شۇنداق بولۇشى شەرتمۇ؟ ئالىي سورتلۇق قەغەزلەرگە بېسىلغان بۇ قېلىن - قېلىن كىتابلار كېرەكسىز بولۇپ يېتىپتىغۇ. ئەلۋەتتە، ئاۋاز بەردىم، كۆپىنچىسى توغرا، ئىنسانىي، ئادالەتلىك قارارلارغا ئاۋاز بەردىم. ئەلەم قىلىدىغان يېرى، شۇنداق قارارلارنىڭ چىققانلىقىغا قارىماي، جىنايەتنىڭ ئازىيىشى تولىمۇ ئاستا. ساقلىقنى ساقلاش ساھەمىز مەمنۇن بولارلىق دەرىجىدە ئەمەس... ناچار تەرەپلىرىمىز، كەم - كۈستىلىرىمىز ئازمۇ... ھە، مەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ قالغانمەن. ھەقىقەت بىر تەرەپتە، باشقىسى بىر تەرەپتە. ھەر بىر ئەۋلاد ئىشلارغا ئۆزىچە قاراپ، ئۆزىچە باھا بەرسە كېرەك.

مەن داغىستاندا، شۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەنمەنكى، بۇ يەردە لېنىننى ستالىن ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆگىنەتتى. لېنىننىڭ ئەسەرلىرى كەم ئوقۇلاتتى. نەقىللەر كۆپرەك ستالىن ئەسەرلىرىدىن ئېلىناتتى. تۇنجى شېئىرىمنى ستالىن ھەققىدە يازغانىدىم: بۇ قەسىدەم ئۆسمۈر ۋاقتىمدىلا ئېلان قىلىنغان. گېزىت مۇھەررىرى باش ماقالىسىدا، بۇ شېئىرنى يادقا ئالمىغان بىرمۇ تاغلىق قالمايدۇ، دەپ خىتاب قىلغان. شۇ چاغدا يۇرتىمىزغا ستالىننىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق تەنتەنە قىلغاندۇق - ھە! چۈنكى ئۇ، رېسپۇبلىكىمىزغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى!

داھىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى، رېسپۇبلىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقىنى ھەر بىر تاغلىق ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدەك كۈتۈۋال-

غاندى. مانا مۇشۇ مۇھىم ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان داستانىم ئۈچۈن شۇ يىللاردا ستالىن مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدۇم. ئۇ چاغلاردا خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى پەقەت ئۇنىڭ نامى بىلەنلا باغلانغانىدى. تارىخ نەقەدەر تېز ئۆزگىرىدۇ ـ ھە: ھازىر رېسپوبلىكىدا ئاپتونومىيە بېرىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامىمۇ باشقىچە كۆڭگە ئۆزگەرتىلدى...

يەنە بىر جەھەتتىن بولسا، مېنىڭ ۋاقتىمنى ئوغرىلاشقان، دەپ قارايمەن. ئۆمرۈمنىڭ بىر قىسمىنى ئوغرىلاتتىم. قارىغاندا، مېنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرۇشقان. شۇ ئاۋۇلدا ياشىدىم، مەكتىپىدە ئوقۇدۇم، ئۇلار بولسا، مەندىن تارىخىمىزنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى سىر تۇتۇپتۇ، بەزى شائىرلارنى يوشۇرۇپتۇ، بەزىلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. مەن ئۇ چاغلاردا ھەتتا ماياكوۋسكىنىمۇ ئانچە بىلمەيتتىم، يېسېنىنىنى، بلوكنى بىلمەيتتىم. مەن ژاروۋ، بېزىمېنسكىي، ۋىكتور گۇسېۋ شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىدە تەربىيىلەندىم. ھايات چوڭ تىياتىر ئىدى. پەردە ئارقىسىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيتتىم. ئادەتتە ھەممە نەرسىگە ساددىلىق بىلەن ئىشىنىۋېرەتتىم. 1937 ـ يىلى 14 ياشلىق ئۆسمۈر پەيتىمدە ئادەملەرنىڭ قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا گېزىتلەردىن ئوقۇپ بىلگىنىمدىمۇ، خەلق دۈشمەنلىرىنى جازالاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

مەندىن پات ـ پات «ئىجادىڭىزدا ئاتىڭىزنىڭ تەسىرى كۈچلۈكمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. نېمە دېسەم بولار؟ مەن ھەمزەت ساداسەنى بۈيۈك شائىر دەپ بىلىمەن. ئەمما ئۆزۈم شېئىرىيەت بىلەن مۇستەقىل، ئاتامنىڭ تەسىرىگە بېرىلمەستىن، ئەستايىدىل شۇغۇللىنىشقا باشلىغىنىمدىن كېيىنلا شائىر بولۇپ يېتىشتىم. 1945 ـ يىلى، ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋاغا باردىم، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردىم. موسكۋاغا كۆپ مىللەتلىك رېسپوبلىكىدىن كەلدىم. بىزنىڭ تەرەپلەردە شۇنداق گەپ بار: ئۆز ئۆيىدە ئەخمەق، ئەقىلسىز ئادەم قوشنىسىنى ھاقارەتلەيدۇ، ئۆز مىللىتى ئىچىدە ئەخمەق ئادەم باشقا مىللەتنى ھاقارەتلەيدۇ، ئۆز مەملىكىتى ئىچىدە ئەخمەق ئادەم باشقا مەملىكەتنى ھاقارەتلەيدۇ. چوڭلارغا ھۆرمەت، ئاياللارغا ياخشى مۇناسىۋەت، مېھماندوستلۇق ــ تاغلىقلارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسىدۇر. ئاتامنىڭ مېھمانلارغا ئىشىكى داۋدام ئوچۇق ئۆيى ــ مېنىڭ بالىلىقىم.

ئاتامنىڭ ئالدىغا نىكولاي تىخونوۋ، ئۆتكۈر شائىر ۋلادىمىر لۇگوۋسكويلار كۆپ كېلەتتى. دەسلەپكى شېئىرلىرىمنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەرگىنىمدە، ئونبەش ياشلىق بالا ئىدىم. ئۇلار بولسا، شېئىرلىرىنى ئاتامغا ئوقۇپ بېرەتتى. ئاتامنى دۇنياغا تونۇتقانمۇ شۇلار. كېيىنرەك موسكۋادا ماڭا شۇلار باشپاناھ بولدى. ئىنستىتۇتتا ئىمتىھان بەرگىنىمدە، بىرىنچى ئىنشادىلا (ئۇنى مەن بىر رۇس شائىرىدىن دىققەت بىلەن كۆچۈرگەنىدىم) 60 تەك خاتا قىلغانىدىم، پارتىدىشىمنىڭ خاتاسى قانچە بولسا مېنىڭكىمۇ دەل شۇنچىلىك ئىدى. ئۇلار مېنى ئادەم قىلغىچە كۆپ ئاۋارە بولۇشقان، ھەي ـ ھەي... ئۇ چاغدا مەن ئەڭ ئاددىي نەرسىلەرنى، مەسىلەن، يەھۇدى قانداق، رۇسلار قانداق ــ شۇلارنىمۇ

بىلمەيتتىم، بۇ ھەقتە ئويلىمايتتىم ـ دە. «بولشوي» تىياتىرىدا تۇنجى قېتىم ئۇلانوۋانى كۆرۈشۈم، موسكۋا بەدىئىي ئاكادېمىيىسىدە تاراسوۋنى كۆرۈشۈم يېڭىلىق ئىدى، پاستېرناكنى ئۇچراتقانلىقىم يېڭىلىق ئىدى، ئېرېنبورگنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغانلىقىم يېڭىلىق ئىدى.

يىغىنلار، مۇھاكىمىلەر، قارىلاشلارمۇ يېڭىلىق ئىدى. يىغىنلارنىڭ بىرىدە مەنمۇ كىمنىدۇر قاتتىق ئەيىبلىدىم. قىشىمدا بەزى ئاتاقلىق يازغۇچىلار بار ئىدى، ئۇلارمۇ پاش قىلىشاتتى. كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاتامغا يازدىم. ئۇ مېنى تېزلىك بىلەن داغىستانغا چاقىرىۋالدى. «ئۆزۈڭ ئەيىبلىگەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. «ياق، ئوقۇمىغان، لېكىن ئۇلار توغرىسىدا گېزىتلەرگە يېزىپتىغۇ» دېدىم. ئاتام ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ: «يازغۇچىنىڭ كىتابىنى ئوقۇماي تۇرۇپ، ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە نېمە ھەققىڭ بار؟» دېدى.

شۇ چاغدا ئاتامنىڭ نەسىھىتىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ كەتتىم دەپ ئېيتالمايمەن، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن يەڭگىللىك قىلماسلىققا تىرىشتىم. يىغىنلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى: پاستېرناك، تۋاردوۋسكىي مەسىلىسى توغرىسىدا، مۇزىكا، كوسموپولىتىزم① ھەققىدە بولاتتى.

شۇ يىللاردا مېنىڭ خەلقىمنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەتلەر چۈشكەنلىكىنى دېمەيمىز. رېسپۇبلىكىنىڭ پۈتۈن پارتىيە تەشكىلاتى ــ ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بارلىق زىيالىيغا زەربە بېرىلدى، كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، كۇتۇپخانىلارغا ئوت قويۇلدى. بۇ كىتابلارنى كىمنىڭدۇر خاھىشى بىلەن گۇناھكار بولۇپ چىققان ئادەملەر ئۇزاق يىللار داۋامىدا يىغقانىدى.

...بۇگۈنكى كۈندە رۇسىيە كۆلكوۋ جېڭىنى، «ئىگور جەڭنامىسى» نى، پۇشكىننى تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقى خۇشاللىنارلىق ئىش. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى، بەزىدە تارىخنىڭ ئەھمىيىتى كەمسىتىلمەكتە. مەسىلەن، ئۇنىۋېرسىتېت دەرسخانىلىرىدا داغىستان تارىخىنى ئۆگىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەجەبا، شۇنداق قىلىشقا مۇمكىن بولسا؟! ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش باشقا خەلقلەر تارىخىنى ئۆگىنىشكە دەخلى قىلمايدۇ. مەسىلەن، مەن ئۆزۈم ئەرەب مەدەنىيىتىدىن بەكمۇ مىننەتدارمەن، چۈنكى مېنىڭ ئاتام شۇ تىل تۈپەيلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغان. ئۇ رومېن روللان، تولستوي، چېخوۋ ئەسەرلىرىنى ھەم رۇس كىتابلىرىنىمۇ ئەرەب تىلىدا ئوقۇغان.

ھەر بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ــ تەزىم قىلسا ئەرزىيدىغان مەدەنىيەت، دەپ ئويلايمەن. خېلى ۋاقىتلارغىچە بىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ــ ئۇنتۇلماسلىك، دەپ قارىلىپ كەلدى. گويا بۇ مەسىلىنى ئالدىقاچان كۈنتەرتىپتىن قالغاندەك ھېسابلىدۇق.

ئۆزىمىزگىمۇ ئۆزىمىزنى پەردازلەپ كۆرسەتكىمىز كېلىدۇ ـ ھە!

ئاتىلار، باللار مەسىلىسى پۈتۈن دۇنيادا مەۋجۇت مەسىلە. بىز بولساق بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولغاندەك قارايمىز. گويا بىزدە ھەممە نەرسە راۋان،

① كوسموپولىتىزم ــ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى مېنىڭ ۋەتىنىم دېيىشنى تەرغىپ قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر. ــ (ت)

ھەممە نەرسە خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ئوڭاي. خاتالىقلارنى شۇ قەدەر يوشۇردۇقكى، مانا ئەمدى ئۇلارنى تۈزىتىش تەس بولۇپ قالدى.

ھازىر قايتا قۇرۇش كېتىۋاتىدۇ. ئارقىغا قاراپ ئالغا يۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، باشقا يول يوق. ھەر كىم پەقەت ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىشلا ئەمەس، ئىسپاتلىشى كېرەك. بىراق ھەر قانداق تەشەببۇستىمۇ بەزىدە قۇسۇر بولىدۇ. ھازىر بەزى بىر تەرەپلىمە نەرسىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. ھۇرراچىلار، مەمەدانىلار، بۇزغۇنچىلار كۆپىيىپ كەتتى. ئاشكارىلىق نىقابىدا — ئەسەبىيلەرچە ماختانچاقلىق. ھەقىقەت پەقەت جىددىي مۇنازىرىدە، ھەر خىل قاراشلارنىڭ سېلىشتۇرۇلۇشىدىغۇ.

ئەگەر كەينىمىزگە قارىسىڭىز، بىر خىللا تۇسنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجىغا بەكمۇ توسقۇنلۇق قىلغىنىنى كۆرىسىز. نېمىدېگەن ياخشى، كۆپ يازغۇچىلار سېپىمىزگە قايتتى! ئاللىقانداق جىنايەتچىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتىمىزۇ، نېمىشقا ئەدەبىياتتا كەچۈرۈم ئېلان قىلىش مۇمكىن ئەمەس؟ بىر چاغلاردا بۇنىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنگە ئوخشاش. بىز ئۇنى كەچۈردۇق، ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىمىز. كەچۈرمىسەكچۇ؟ بۇنىڭسىز بىزگە نېمىدۇر يېتىشمىگەن، ئەدەبىياتتا بوشلۇق سېزىلىپ تۇرغان بولاتتى.

يېڭى «كونا» ناملارنىڭ پەيدا بولۇشى باشقا ئاپتورلارنى كەمسىتمەسلىكى كېرەك، ئەدەبىيات بىر كىشى كەلسە، باشقىسى ئۇنىڭغا جاي بوشۇتۇشى لازىم بولغان ساھە ئەمەس. ئەدەبىياتتا جاي ھەممىگە يېتىدۇ.

داغىستاندىمۇ بەزىلەر، رۇس مەدەنىيىتى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يۇتۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ھاجەتسىز. ھەقىقىي رۇس ئەدەبىياتى ۋە ئىنقىلاب بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى مۇقىملاشتۇردى. كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتتى.

بىزنىڭ تەربىيىچىمىز ئۈچلا — تەبىئەت، يىللار ۋە ئەسىرلەر. بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان كۆپ پالاكەتلەردىن بىر چاغلاردا لېنىن ئاگاھلاندۇرغانىدى. مەسىلەن، كوممۇنىستنىڭ مەنمەنلىكتىن. كوممۇنىست سۆزى ماڭا دائىم نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ توغرىلىقىنى، پاكلىقىنى بىلدۈرەتتى، ئەمما كوممۇنىستلار ئارىسىدا غەلىتە شەخسلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار، يالغان كوممۇنىستلار.

مەن پارتىيىنىڭ يەتتە قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتىم. بولۇپمۇ 22 - قۇرۇلتاي بىلەن 27 - قۇرۇلتاي يادىمدا قالدى. چۈنكى بۇ قۇرۇلتايلاردا ئىنسان قەدىر - قىممىتى توغرىسىدا: ۋىجدان، ھەقىقەت، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە گەپلەر بولدى. مەن يازغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدىن باشلاپ ھەممە يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلدىم. ئىككىنچى قۇرۇلتاي بىلەن ئاخىرقى سەككىزىنچى قۇرۇلتاي، مېنىڭچە، ئەڭ قىزىقارلىق بولدى. باشقا قۇرۇلتايلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلەتمەكچى ئەمەسمەن، بەزى جەھەتلەردە ئۇلارمۇ مۇھىم، لېكىن ئۇلاردا تەنقىدىي نۇتۇقلار سۆزلەنمىدى، كۆپرەك ئالقىشلار ياڭرىدى، كۆپرەك ساختا، سەممىي بولمىغان ئىتتىپاقلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇ يىغىنلاردا ۋالېنتىن ئوۋېچكىن، ئالېكساندىر تۋاردوۋسكىي، مىخائىل

شولوخوۋلارنىڭ يارقىن، ئۆتكۈر سۆزلىرى ئاڭلانمىدى.

فادېيېۋنىڭ ھەممە نۇتقى ئېسىمدە قالغان، ئۇ ھەممىشە ئۆز قەدرىنى بىلگەن ھالدا، پاراسەت ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

ئىشخانىدا، تېلېفون جىرىڭ - جىرىڭىنىڭ تەڭكەشلىكىدە

— يېقىندا ئەنگلىيىگە بارغانىدىم، ئۇ يەردە كۆپ كىشىلەردىن ھازىر دۇنيانىڭ مەنۋى پايتەختى — رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. تېخى يېقىنغىچە ئۇلار بىزنىڭ ئېلىمىزدە بولۇۋاتقان ئىشلارغا كەمدىن - كەم قىزىقىشاتتى. ئەمدى بولسا، موسكۋاغا ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكمەكتە، ئۈمىد بىلەن، تەشۋىش بىلەن كۆز تىكمەكتە: قايتا قۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولارمۇ؟ مەنمۇ ئۆزۈمگە شۇ سوئالنى قويىمەن. ھە، بىز شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى، زوراۋانلىققا قارشى، ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا قارشى. بىراق مەن مەنسەپكە چوقۇنۇشنىڭ بەخىللىرىنى كۆرمەكتىمەن. مەن مەنسەپكە قارشى ئەمەسمەن، بىراق ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر ئىشىدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش ياخشى ئەمەس.

ۋەكىلمەن، كىشىلەر ئالدىمغا ياردەم سوراپ كېلىشىدۇ. قانداق ياردەم، دەڭ. «پالانچىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشىمگە ياردەم قىلىڭ، پوستانچىنىڭ ئالدىغا...»، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاددىي ئادەملەر مىنىستىرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇتلەق ئېرىشەلمەيدىكەن - دە، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ھالبۇكى، مىڭلاپ ئادەم ھەقىقەت ئىزلىمەكتە.

بيۇروكراتلىققا قارشى كۈرىشىمىزمۇ بەزىدە قۇرۇق سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالماقتا. تېخىچە خىلمۇ خىل ھۆججەتلەر، قۇرۇق قارارلار كۆپ! خۇدانىڭ كۈنى بىر تەشەببۇس... لېكىن بۇرۇنقىلىرىنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشمىمىز، ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. بولۇپمۇ مەجلىسۋازلىق يازغۇچىلار سايۇزىدا ئەۋج ئالماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىغىنلارنىڭ كۆپى نەتىجىسىز، چۈنكى ئۇنىڭدا قۇرۇق گەپ، قۇرۇق شىكايەتتىن باشقا نەرسە يوق.

ئەدەبىي ماھارەتمۇ مىراسقا ئوخشاش بولۇپ قالدى، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتلىرىدا ئاتىلار ئوقۇغانىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى ئوقۇماقتا. بۇنى مەن ئۇرۇقداشلىق مەنپەئەتپەرەسلىكى دەپ ئاتىغان بولاتتىم.

بۇنداق مەنپەئەتپەرەسلىك ئىلىمدىمۇ، سەنئەتتىمۇ، دىپلوماتىيىدىمۇ بار، ھەتتا سودىدىمۇ بار. يېقىندا بىر گەپ ئاڭلىدىم: ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا يىغىن ئېچىپ «ئۇرۇق»لىرىدىن بىرسىنى سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى قىلىشقا كېلىشىپتۇ ۋە ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭ نامىغا يېزىشىپتۇ، ھەتتا مەقسەتلىرىگىمۇ يېتىپتۇ.

ئەسلىدە كەمتەرلىك بولۇشى كېرەك بولغان بەزى خېلى كاتتا يازغۇچىلارنىڭ

بىلەرمەنلىكىمۇ ماڭا ياقمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قايتا قۇرۇش شۇلار تۈپەيلى باشلانغانمىش. توغرا، پاستېرناكنىڭ نۆۋىتى كەلدى. لېكىن نەق شۇ «كاتتا» لاردىن بەزىلىرىنىڭ پاستېرناكنى ئۈيۈشمىمىزدىن قوغلاشقا قول كۆتۈرگەنلىكىمۇ سىر ئەمەس. بۈيۈك شائىرنىڭ نامىنى ھىمايە قىلىشقا بەل باغلاپ چىققان مەردلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى قوللىمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار شۇ چاغدىمۇ پاستېرناكنىڭ بارلىق شېئىرلىرىنى، ئەسەرلىرىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ رۇسىيىگە شېكسپىر، گېيوتى، باراتاشۋىلى ئەسەرلىرىدىن گۈزەل تەرجىمىلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا ئۈندىمىگەن؟

مانا ھازىر تۋاردوۋسكىي توغرىسىدا كۆپ سۆزلەنمەكتە، يېزىلماقتا، تۋاردوۋسكىينىڭ مۇزېيىنى ئېچىش كېرەك ۋەھاكازا... دېگەن گەپلەر تولا تەكرارلانماقتا. ئەمما، ھەي قەدىردانلىرىم، ئۇنىڭ قەبرىگە بىر بېرىپ بېقىڭلار! قانداق تاشلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىر كۆرۈڭلار! ئەقەللىيسى گۈلمۇ قويۇلمىغان. «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى باسقان بىر ماتېرىيال ئۈچۈن «...جاۋابكارلىققا تارتىلسۇن!» سەرلەۋھىلىك كوللېكتىپ خەتلەر يېزىلغاندا ھازىرقى بۇ باتۇرلار نەدە ئىدى؟ ئۇنىڭسىزمۇ كېسەل ياتقان تۋاردوۋسكىي روھىي زەربىگە ئۇچرىغاندا، ئۇلار قايسى بۇلۇڭدا ئىدى؟ نېمىشقا شۇ چاغدا داڭلىق شائىرنى ھېچكىم ياقلاپ چىقمىدى؟

ئاخىرقى يىللاردا ئامىتىم كېلىپ، تۋاردوۋسكىي بىلەن قويۇق دوستلىشىپ كەتكەنىدىم. خەت - چەكلەرنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىشنى خالىمايمەن، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا يازغان خەتلىرى بار. مېنى ئىزدەپ مېھمانخانىلارغا كەلگەن، مەنمۇ ئۇنىڭكىگە نۇرغۇن قېتىم بارغان. ئۇنىڭ نېمىسى مېنى جەلپ قىلاتتى؟ پۈتۈن ياۋروپا شېئىرىيىتىنى، شەرق شېئىرىيىتىنى، ھاپىز شىرازىنى ئاجايىپ چوڭقۇر بىلىشى، جۇڭگو شېئىرىيىتىگە ئاشىقلىقى جەلپ قىلاتتى. ئۇ كەمتەر، مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس شەخس ئىدى. ھېچقانداق بىرەرسىگە يېقىشقا ئىنتىلمەيتتى.

ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدا داڭلىق قەھۋەخانە بار ئىدى. ئۇ يەرگە پات - پات بېرىپ تۇراتتىم، ئۇمۇ كېلەتتى. شۇ چاغدىكى كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىرىمىزنى ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەس! شېئىرلىرىمنى، راست گەپ، بىر قېتىممۇ ماختىمىغان، «مېنىڭ داغىستانىم» نى بولسا ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان.

شۇنداق قىلىپ، «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. شۇ پەيتلەردە مەن تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان «ئەدەبىيات رۇسىيىسى» گېزىتى «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى بىلەن ئالېكساندىر تۋاردوۋسكىي توغرىسىدا رەزىل بىر ماقالە ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا تۋاردوۋسكىي ماڭا: «مەن رەددىيە يازدىم. ئەگەر خالىساڭ، سەنمۇ يا مېنى، يا ‹ئەدەبىيات رۇسىيىسى› نى تاللا» دېگەنىدى.

ئۇ مېنى ئۆزىگە دوست سانايتتى، لېكىن مەن ئۇنى دوستۇم دېيىشكە تىلىم بارمايتتى، چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر، رېسپۇبلىكىلارغا بارغۇسى كەلمەيتتى، لېكىن بىزنىڭ ئاۋۇلغا ئايالى مارىيە

ئىللارىئونوۋنا بىلەن بىرگە كېلەتتى. ئۇنىڭغا مەن ھاجى مۇرات يۈرگەن يەرلەرنى كۆرسەتكەنىدىم. ئېسىمدە، بىر قېتىم مارىيە ئىللارىئونوۋناغا گۈل تېرىۋاتقىنىمدا، تۋاردوۋسكىي: «مەن مايسىلارنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەنىدى.

خاتىرە دەپتىرىگە بىرەر نەرسە يازغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم. ھەممىنى يادىدا ساقلاشقا تىرىشاتتى. ئارخىپىمدا تۋاردوۋسكىينىڭ داغىستان سەپىرى ھەققىدە نۇرغۇن سۈرەتلەر ساقلاقلىق. ئېيمدىغەن ياخشى! سۈرەتلەرگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىنىڭ نەقەدەر باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

خېلى ئىلگىرى يېزىلغان «ئىككى يۈرەك» داستانىمنى تۋاردوۋسكىينىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بەرگەنىدىم. ئۇ خەت يازدى (ئەلۋەتتە، بۇ خەتمۇ تۇرۇپتۇ). خەت رەھىمسىزلىك بىلەن يېزىلغان، ئۇ مېنى كەسكىن تەنقىد قىلغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ ھەممە پىكرىنى توغرا دەپ ھېسابلىمىغان بولسامىمۇ، ئۇنىڭدىن رەنجىمىدىم.

تۋاردوۋسكىينىڭ خاتالىقى يوق دېيىش بىكار گەپ. خاتا قىلمايدىغان ئادەم يوق. مەن ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، ئېھتىمال ھېچكىم مەنچىلىك ھۆرمەت قىلماس. ئۇ بۈيۈك يازغۇچى، ئەمما ئۇنىڭمۇ ئەيىبلىرى بار ئىدى. نېمىلەردۇر سەمىمىي بولمىدىمۇ... دەۋر باشقىچە ئىدى. ئۇمۇمەن، بۇلارنى تارىخ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

ئاۋۋالقى گەپكە كېلەي. قىسقىسى، ئۇنىڭ خېتى مېنى ئەجەبلەندۈردى. ئۇ مېنى تېمىنى ئۇ دۇنيادىن ئالغانلىقىم، بەدىئىي ئۇسلۇبنى گويا كىمدىندۇر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئەيىبلىگەنىدى. بەلكى بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئىشارە قىلغاندۇ. بۇنداق قارىغاندا، ئۆزىنىڭ «تيوركىن ئۇ دۇنيادا» دېگەن ئەسىرىمۇ يېڭىلىق ئەمەس. جەننەت بىلەن دوزاخ توغرىسىدا ئۇنىڭغا قەدەرمۇ كۆپ يېزىلغانغۇ... گەپنىڭ ئەسلىدە نېمىدىلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنچىلىك غەزەپلەنگەنلىكىنى كېيىن چۈشەندىم. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن نەرسە — داستانىمنى باشقا بىرسىگە ئوقۇپ بەرگەنلىكىم ئىكەن. بۇنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكەن. راست، بىرسىگە كۆرسەتكەنىمەن، لېكىن كىمگە كۆرسىتىش مېنىڭ ئىختىيارىمغۇ. ئۇ كىشى — «خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇھەررىرى ئالېكساندىر ئاژۇبېي ئىدى. داستانىم بېسىلمىدى. شۇ پېتىچە ئۇستىلىم ئۈستىدە 25 يىل ياتتى.

تۋاردوۋسكىي ئۆزىنى دوستتەك تۇتاتتى، ئەسلىدە ئۇ ئۇستاز ئىدى، ئەمما بۇنى ھېچقاچان بىلدۈرمىگەن، ئۆزىنىڭ ئۇستازلىقىنى، تەربىيىچىلىكىنى پەش قىلمىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاجىزلار، ئاددىي كىشىلەر تەرىپىدە ئىدى. بىز بولساق كۆپ ھاللاردا كۈچلۈكلەر تەرىپىدە تۇرىمىز. گەرچە تەبىئىتىمىزگە، ئەدەبىياتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە توغرا كەلمىسىمۇ، ھەسەلگە قەنت قوشۇپ يېيىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز.

فادېيېۋ، فېدىن، سۇۋېتلوۋ، سىمېلياكوۋلارنىڭ دوستلۇقىغا ھەمىشە ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇلار مەركىزىي ئەدەبىياتچىلار ئۆيىگە چاي ئىچىش ياكى بىرەر قەدەھ ۋىنو ئىچىش ئۈچۈن توپلىنىپ، دوستانە پاراڭلىشىپ، ئۇزاق ئولتۇرۇشاتتى. تۋاردوۋسكىي بىر كۈنى ماڭا: «ئەدەبىياتچىلار ئۆيىگە بارما. ئىچكىڭ كەلسە، باشقا جايغا بار» دېگەنىدى.

## قەدىمىي چىغىر يول خارابىلىرىدا

— «غەربكە چوقۇنۇۋاتقانلىق» توغرىسىدىكى گۇمانلىق فورمۇلا نەدىن چىققان گەپ زادى؟ گيوتى، فلوبېر، ھېنرىخ ھېينى ئالدىدا، ياپون شېئىرىيىتى ياكى جۇڭگو دۇفۇ شېئىرلىرى ئالدىدا چوقۇنسا يامان بولامدۇ؟!

يەنە بىر تەرەپتىن، راست، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئۆزئارا تەسىرى مىللىي خۇسۇسىيەتلەرنى تەڭلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ھەر قانداق ئالدىراقسانلىق مىللەتچىلىكنى تۇغدۇرىدۇ، خالاس. ھەقىقىي ئىنتېرناتسىئونالىزمنى يېتىشتۈرمەك قىيىن. مەسىلەن، داغىستانلىق بىر يىگىت رۇس قىزىغا ئۆيلەندى، دەيلۇق. بۇ ھال مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى سۈپىتىدە دەرھال كۆز-كۆز قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئادەتتىكى ئىش. ئىككى ياش بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلا گەپ! ياكى، دەيلۇق، كولخوزدا بەش مىللەت كىشىلىرى ئىشلەيدۇ، ئۇلار تىنچ، دوستانە ئۆتۈشىدۇ. قاپاقباش ئەقىدەپەرەسلەر بۇنى «ئىنتېرناتسىئولىزمنىڭ مەھسۇلى» دەپ چۇقان سېلىشىدۇ. بۇنىڭدىن چىققىنىكى، ئەگەر چەت ئەل رەختى ئۈچۈن ئۇچرەت تالىشىپ بىر-بىرسى بىلەن مۇشتلاشسا، بۇنى مىللەتچىلىك دېيىش كېرەك ئىكەن-دە! بىمەنىلىك! ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماڭا داغىستاندا ئىنتېرناتسىئونالىزملىق تەربىيە خېلى ياخشى ھەل بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى كۆپ تىللىق رېسپۇبلىكىمىزدا ھاياتنىڭ ئۆزى شۇنى تەقەززا قىلغان. بىزدە شۇنداق جايلار باركى، ئۇ يەرلەر تۈرلۈك مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنچىلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئەلۋەتتە، رۇس تىلى ھەممىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان ئىككىنچى تىل بولۇپ قالدى. مەن ئىككى تىللىقلىقنى قۇۋۋەتلەيمەن. چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن: ئىككى تىلدا يېزىش — ۋەزىيەتتىن چىقىشنىڭ يولى. بىزنىڭ خەلقلىرىمىزگە ئىككى تىل — ئىككى ئانا تىلدەك گەپ.

بىراق ئىككى تىللىقلىقنى زورلۇق بىلەن جارى قىلىش توغرا ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ خەلقىمنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن گەپ قىلىۋاتىمەن. ئىككى تىللىقلىقنى قوبۇل قىلىشمۇ، قوبۇل قىلماسلىقمۇ گىروزىن ياكى ئېستونلارنىڭ ئۆز ئىشى. مېنىڭچە، قانچە كۆپ تىلنى بىلسىڭىز، شۇنچە ياخشى. ئاھالىسى ئاز مىللەتلەرگە بۇ تېخىمۇ مۇھىم. چىڭغىز ئايتماتوۋ رۇس تىلدا يازىدۇ، ئەپەندى كاپىيېۋ رۇس تىلىدا يازغان، پازىل ئىسكەندەر رۇس تىلىدا يازىدۇ. بۇلار ئەدەبىياتتا ئۆزىنى ئاقلىغان ھادىسىلەردۇر. ئومۇمەن ئالغاندا، ئادەم ئۆز ئانا تىلىنىلا ئەمەس، باشقا تىللارنىمۇ بىلىشى كېرەك. كىمدۇر بىرسى ئېيتقان: قانچە كۆپ تىل بىلسەڭ، شۇنچە ئۇزاق ياشايسەن. قېنى، ئەمدى ئىنگلىزچىنىمۇ، فرانسۇزچىنىمۇ بىلسەم! يېڭى ئەۋلاد بىزگە قارىغاندا مەلۇماتلىقراق، دېمەك، «ئىنتېرناتسىئونالراق» بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن تىللار ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ھازىرمۇ تىللار يوقىلىۋاتمايدۇ، بەلكى مۇستەقىللىشىش جەريانىدا كېتىۋاتىدۇ. داغىستاندا

كېيىنكى يىللاردا ئۆز ئانا تىلىمىزدا باللار ۋە چوڭلارنىڭ بەش ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى.

تىلسىز، تارىخسىز خەلق يوق. مېنىڭ خەلقىم ئېھتىمال ئۇ قەدەر بۈيۈك ئەمەستۇ، لېكىن داغىستان خەلقىنىڭ تارىخى ھەم باي، ھەم نەمۇنىلىك. ئىنسان كۆلپەتلىرىمۇ، خۇشاللىقلىرىمۇ — ھەممىسى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا خەلقىمنى رەنجىتىش كېرەك؟ كىم بۇنى خالايدۇ؟! يېقىندا ئىسلام دىنى توغرىسىدا بىر ماقالە ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا دىن بىلەن باغلىق بولغان بەزى ئاتالغۇلار ۋە ئىسىملارنى باشقا سۆزگە ئالماشتۇرۇش تەكلىپ قىلىنغان. مەن ئىسلام دىنى تەرەپدارى ئەمەس، لېكىن ئىسمىم رەسۇل ھەمزەتوۋ ئەمەس، ۋاسىلىي ھەمزەتوۋ بولسا، ماقالە ئاپتورىنىڭ كۆڭلى تىنامدۇ؟!

ھەتتا «يەللە»① ئانسامبىلىنىڭ نامىمۇ تەلەپپۇزدا «ئاللا» سۆزىگە ئوخشايدۇ. خەلق ئۆزى ئىجاد قىلدۇ، ئۆزى نام قويىدۇ. بۇ يەردە زوراۋانلىقنىڭ ھاجىتى يوق. بىر چاغلاردا مەسچىتلەر ۋەيران قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇپ خەلقىنىڭ تارىخى، مىمارچىلىقى، مەدەنىيىتىمۇ ۋەيران قىلىنغان.

باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەخمىنەن گەپ قىلىدىغان، «كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش...» دەپ ئەيىبلەيدىغان ئادەملەردىن گۇمانلىنىمەن. ئۆزبېكىستان قەدىم تارىخقا ئىگە، گروزىيە قەدىم تارىخقا ئىگە، ئەرمەنىستان قەدىم تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش مۇمكىنمۇ؟ گۇمانلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بارنى بار دەيدىغان گەپتە. بىرسىنىڭ تارىخى قىسقا، بىرسىنىڭ تارىخى ئۇزۇنراق، چوڭقۇرراق. بىر - بىرىمىزدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر بىر - بىرىنىڭ تىلىنى بىلىشسە، نېمىدېگەن ياخشى! ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا تېخى بىز بىلمىگەن تالاي نەرسىلەر تۇرۇپتۇ! رۇسلارنى ھەممە يەردە «ئۇلۇغ ئاكا» دەپ ھۆرمەتلىشىدۇ. ئەمما، دەيلۇق، پاختا تېرىلىدىغان رايونلارغا رەزاندىن ئادەم ئەپكېلىپ رەھبەر قىلىپ قويۇش ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلدۇ. بۇنىڭدا قانداقتۇر بىر ناموۋاپىقلىق بارلىقى بىلىنمەكتە. مانا شۇ ھال مىللەتچىلىك كەيپىياتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەمدى ئىنسانغا چوقۇنۇش كېرەك، مەنسەپكە ئەمەس، ئىنسانغا. ھەتتا 1937 - يىلى بىز «ئادەم بۇنداق ئەركىن نەپەس ئېلىۋاتقان باشقا بىر يۇرتنى بىلمەيمەن» دەپ ناخشا ئېيتاتتۇق. لېكىن ئەركىن نەپەس ئېلىش دېگەنلىك پەقەت ئۆز ئۆيىدە ياشاش دېگەنلىكلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانى كۆرۈش، پارىژنى ئايلىنىش، لوندون تۇمانلىرىنىمۇ بىلىش دېمەكلىكتۇر. چەت ئەلگە پات - پات چىقىپ تۇرۇش كېرەك. چەت ئەللەر بىلەن مۇئامىلە قىلماي، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرماي، ئەدەبىيات - مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بولماي تۇرۇپ، قانداق قىلىپ ئىلگىرىلەشكە بولىدۇ؟! ياخشىمۇ، بۇ مەسىلىدە پارتىيىنىڭ 20 — 22 - قۇرۇلتايلىرىدا كۆپ ئىشلار قىلىندى. چەت ئەلگە چىقىدىغان كىشىنىڭ رەسمىيەت ئۆتەش ئىشلىرىنى تېزلىك بىلەن ئاسانلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ جەھەتتىكى

① يەللە — ناخشا.

ئەسەبىيلىككە بەر ھەم بېرىش لازىم. چەتكە چىقىش ئۈچۈن قانچە كومىسسىيەلەردىن ئۆتۈشكە، قانچە ئانكېتلارنى تولغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ ـ ھە! بىشىمدىن ئۆتكەننى دەۋاتىمەن. ھالبۇكى، مەن ئوينىاپ كەلگىلى بارمايمەنغۇ، ئەدەبىيات، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن بارىمەنغۇ.

بىزدە ئوقۇشقا كىرىشمۇ بەزىدە تۆرىلەرچە توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، چەت رېسپۇبلىكىدىن كېلىپ ئىنستىتۇتقا ئىمتىھان بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ رۇس تىلىدا ئىنشا يېزىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ماڭا قەدىمىي سىلاۋيان تىلىنى مەجبۇرىي ئوقۇتقان. بۈگۈن ئۇنىڭ كېرىكى بولدىمۇ؟ بىرەر قېتىممۇ كېرەكى بولمىدى. بەلكىم قەدىمىي سىلاۋيان تىلىنى بىلىش ئوشۇقلۇق قىلمايدىغاندۇ، لېكىن شەخسەن ماڭا بۇنىڭ زۆررۈرىيىتى يوق. شۇنداق قىلىپ، ئىنشادىكى خاتاسى ئۈچۈن رېسپۇبلىكىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىنستىتۇتقا كىرەلمەيدۇ. بۇ ئادىللىق ئەمەس.

بۈگۈن بىزگە ئادەملەرنىڭ، خەلقلەرنىڭ يېقىن ئالاقىسى نەقەدەر زۆرۈر! بىزدە تېلېفون ئالاقىسى بار (تېلېفونلارنىڭ يېرىمى ئىشلىمەيدۇ)، پوچتا ئالاقىلىرىمۇ بارمەنزۇ ئالاقىلار كۆپرەك كېرەك، ئەڭ مۇھىمى — شۇ.

## گۇنىبتا ـ شامىل ئەسىر ئېلىنغان جايدا

— داغىستانلىقلار ئۈچۈن ئەڭ چىگىش مەسىلە — شامىلنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى. مەلۇمكى، شامىلنى ھەتتا ماركسمۇ ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمانى، مىللىي قەھرىمان دەپ ھېسابلىغان. ئۆز ۋاقتىدا چېرنىشېۋسكىي، دوبروليوبوۋ ۋە كۆپلىگەن رۇس كىشىلىرى ئۇنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى كۈرەشكە مۇناسىپ باھا بەرگەن. ئۇ رۇسىيىگە بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلمىغان. يېزىلارغا، ئاۋۇللارغا ئوت قويۇشنى پادىشاھ گېنېراللىرى بۇيرۇغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شامىل ئازادلىق كۈرەشنى باشلىغان. نېمە ئۈچۈن ئۇ بۈگۈنمۇ ئەكسىيەتچى ئەرباب دەپ ھېسابلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاساسسىز ئەيىبلەر ئارتىلىپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق لەنەت ياغدۇرۇلىدۇ؟

ئەسلىدە شامىلدەك قەھرىمانىنىڭ پەيدا بولۇشىغا كىم سەۋەبچى؟ جاۋاب بىرلا — پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى. دۈشمەن بېسىپ كەلسە قولنى قوشتۇرۇپ ئولتۇراتتىمۇ؟ بۇنداق قىلىش تاغلىقلارنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شامىل ئۆزى ھېچكىمنى رەنجىتمىگەن، پەقەت پادىشاھنى «رەنجىتكەن». ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە قارشى 25 يىللىق كۈرەشى جەريانىدا پادىشاھنىلا «رەنجىتكەن»...

«شامىل» دېگەن داستانىمنى يازغىلى ئۇزاق بولدى، لېكىن تېخىچە بىرەر يەردە نەشىر قىلدۇرالمىدىم. داستان ياخشى، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىم دېمەيمەن، بىراق داستاندا ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلەرگە يۈرىكىمدىن ئىشىنىمەن. ئايرىم يۇرتداشلىرىمىز شامىلنىڭ نامىدىن چۆلدە بۆرىدىن قورققاندىن بەتتەر قورقىدۇ، تاجاۋۇزچى پادى-

شاھقا قارىغاندىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك قورقىدۇ. بىر رەھبىرىي خادىمدىن: «شامىلدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك چۆچۈيسىز؟» دەپ سورىسام، «شامىلنى تىلغا ئالمىسام، ماڭا ھېچگەپ يوق، تىلغا ئالسام، ۋەزىپەمدىن ئېلىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. داغىستان تىياتىرىدا شامىلنىڭ كۈرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سەھنە ئەسىرى قويۇلغاندا، رەھبەرلەردىن بىرەرسىمۇ بېرىپ كۆرمىدى، ئېخى بىر تېلېفون كېلىشى بىلەنلا ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

بىز نېمىدىن قورقىمىز؟ تارىختىنمۇ؟ ھەقىقەتتىنمۇ؟ ئۆزىمىزدىنمۇ؟ ياكى يەنە ۋە يەنە مىللەتچىلىك بۆجىسىدىن قورقىمىزمۇ؟ بىراق داغىستان ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىغا ئىگە، بۇ تارىختا، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرى، قىسمەتلىرى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى مەۋجۇت. تارىخنى «كېسىش» نىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇ كىنو لېنتىسى ئەمەسقۇ! داغىستان — رېسپۇبلىكا، ئۇ تەييارلاش پونكىتىلا ئەمەس. شامىلنىڭ نامىنى تارىخىمىزدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس! شامىل ھەرىكىتىگە، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پەقەت داغىستانلىقلارلا ئەمەس، بەلكى ياخشى رۇس كىشىلىرى، رۇسىيىنىڭ ياخشى يازغۇچىلىرى، سوتسىيال دېموكراتلارمۇ تىلەكداشلىق قىلغان. شامىلچىلىق ھەرىكىتىگە ئۇكرائىنلىقلارنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى تاراس شېۋچېنكو ھەممەپەس بولغان، ئازەربەيجان، گرۇزىيە، قازاقىستان ئالىملىرى ئۇنى مەدھىيىلىگەن. ھازىرقى پەيتتىمۇ داغىستاندا ئەپسانىۋى خەلق داھىيسىنىڭ نامىنى ياخشى گەپ بىلەن يادلىمايدىغان بىرەر شائىر بولمىسا كېرەك. ئۇ ھەققىدە سۇلايمان ستالسكىي، ھەمزەت ساداسە، ئەپەندى كاپىيېۋلار يازغان. يەنە بىر گەپ: باشقىرت خەلقىنىڭ قەھرىمانى سالاۋات يولايېۋمۇ پادىشاھقا قارشى كۈرەش قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ نامى مەنئى قىلىنمىغان، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شامىلنى بولسا بەزىلەر ئېنگىلىز جاسۇسى دېيىشكە ئارانلا تۇرىدۇ.

رۇسىيە ماڭا قەدىرلىك. مەن نۇرغۇنلىغان رۇس ئىجادكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدىم. بىراق نېمىشقا بەزى رۇس يازغۇچىلىرى، ئالىملىرى نومۇسىمۇ قىلماي بىزنىڭ تارىخىمىزغا باستۇرۇپ كىرىشىدۇ، ئۇنى بۇرمىلاپ مېيىپ-مەجرۇھ قىلىۋېتىدۇ؟ خەلقنىڭ قەلبىدىكى نەرسىنى يۇلۇپ تاشلىۋېتىش زادى مۇمكىن ئەمەس!

بىز تولستوينىڭ «ھاجى مۇرات»ىغا كۆنۈپ قالغانمىز. شامىلدىن ياكى ھاجى مۇراتتىن ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ تەقدىرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمىزگە «ماس كېلىشى» نى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرى زىددىيەتلىك. پادىشاھ بىلەن بولغان ئۇرۇش چارەك ئەسىر داۋاملاشتىغۇ. ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ شامىلنى ھۆرمەت قىلغان. تارىخنى ساختىلاشتۇرغۇچىلاردىن بولمايلۇق. ئۆز ۋاقتىدا ھەر بىر مىللەت رۇسىيىگە تۈرلۈك تارىخىي شارائىتتا قوشۇلغان. بىز ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن قىلغان كۈرەشىنى رۇس خەلقىگە قارشى كۈرەش تەرىقىسىدە شەرھىلىسەك، بەكمۇ خاتا بولىدۇ. بۇ كوممۇنىستلارنىلا ئەمەس، بەلكى بارچە ئەپكار ئادەمنى ھاقارەتلەش خاتالىقى بولىدۇ.

بىر چاغدا گېي دانېلىيا ۋە ۋىلادىمىر ئوگنېۋ بىلەن بىرلىكتە «ھاجى مۇرات» سىنارىيىسىنى يازغانىدىم. دانېلىيا فىلىمغا ئالماقچى ئىدى. لېكىن شۇنداق كىشىلەر

بار ئىكەنكى، ئۇلار غەلىتە يارلىق چۈشۈرۈشتى: بۇ نەرسە مىللەتلەر دوستلۇقىغا زىيان يەتكۈزەرمىش. بۇ نېمىدېگەن گەپ، بۇرادەرلەر! نېمىشقا زىيان يەتكۈزىدىكەن؟ لېۋ. تولستوي زىيان يەتكۈزمەيدۇ، مەن زىيان يەتكۈزىمىدىكەنمەن؟ شامىل توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەر بار، جۈملىدىن پيوتىر پاۋلېنكونىڭ خېلىدىن بۇيان قايتا نەشىر قىلىنمىغان قىسسىسىمۇ بار. ھەتتا ھازىرقى تارىخىمىزنىڭ ئايرىم سەھىپىلىرىمۇ شامىل نامى بىلەن باغلىق. كۆپلىگەن يازغۇچى، تارىخچىلار شامىلغا قانداق قاراش ھەققىدە، ئۇنىڭ داغىستان خەلقى تارىخىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە ھەق گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىلىرىدىن، ئىستىقبالىدىن، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلدى. كىمكى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق تەربىيە ئۈچۈن، ئەينەن تارىخنى بۇرمىلاپ ئىزاھلاش كېرەك، دەپ قارىسا، بەكمۇ خاتا قىلغان بولىدۇ. بۇنداق قاراش كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، خالاس. قايتا قۇرۇش شامىلنىڭ نامىنى ئاقلاشقىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

## ھەلىل مۇسايېۋ ئەسەرلىرى ئالدىدا

داغىستاننىڭ مەشھۇر مەنزىرە رەسسامى ھەلىل مۇسايېۋنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇق. ئۇنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك. ئۇزى چاخ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتلىق رەسسام ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن نامايان قىلغان. رۇس سوۋېت ژۇرناللىرىنى رەسىملەر بىلەن بېزىگەن داغىستانلىق رەسساملارنىڭ تۇنجىسى. ئۇ تاغ گۈزەللىكىنىڭ — ئايالالرنىڭ ئوبرازىنى، چىرايلىق مەنزىرىلەرنى سىزغان. تەبىئەتنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزاتتى. 1921 ـ يىلى ھەلىل ئىتالىيىگە ئوقۇشقا كەتتى، شۇ يەردە ئۆيلەندى. قانداقتۇ سەۋەبلەر بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلمىدى، يات يۇرتلاردا قېپقالدى. مۇسايېۋ يېقىندا نيۇيوركتا ئالەمدىن ئۆتتى. غەربتە ئۇنىڭ رەسىملىرىنى ئېتىراپ قىلغان، ياۋروپادا، ئامېرىكىدا مەشھۇر. داغىستاندا بولسا نامى چەكلەنگەن. سەنئەتنى سۆيگۈچىلەر ئۇنىڭ تەقدىرىنى بىلىدۇ، ئەسەرلىرىنى قەدىرلەيدۇ، لېكىن رەسمىي يوسۇندا تېخىچە ئېتىراپ قىلىنمىدى. شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە ھېچبىر يامانلىق قىلمىغان ئادەمنى يامان ئاتلىق قىلساق ـ ھە! داغىستاننىڭ ئاتاقلىق رەسساملىرى ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس. ھ. مۇسايېۋدەكلەرنى قاتاردىن چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىنمۇ زادى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ جاسارەتلىك، مەرد كىشى ئىدى. بىز تەرەپلەردە ئىنقىلابقىچە ئادەم قىياپىتىنى سىزىش مەنئىي قىلىنغانىدى. ھەلىل بولسا، ئادەملەرنىڭ، قەھرىمانلارنىڭ، قوشاقچىلارنىڭ، ئايالالرنىڭ ئوبرازىنى سىزدى. ئۇنىڭ ئىنسانغا، تاغلىقلارغا، يۇرتىدىكى ئۇتتى بار ۋەتەنپەرۋەرلەرگە مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. يەنە تەكرارلايمەن، بىز جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىۋاتىمىز، تارىختا ئىز قالدۇرغان تالانتلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشتىن بولسا قورقىمىز. نېمە ئۈچۈن؟!

## شائىرنىڭ ئۆيىدە — «ئايالالر ئارىلى»

— شۇنداق كىتابىم بار — «ئايالالر ئارىلى» دېگەن. ئۆيۈمدىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز مەنلا بار: خوتۇنۇم، قىزلىرىم، نەۋرە قىزلىرىم، سىڭلىم ... مۇھەببەت ھەققىدە،

قىزلىق غۇرۇرى ھەققىدە، ئانا بەختى ھەققىدە كۆپ يازدىم. شۇنداق ئويلايمەن: ئىلگىرى ئاياللار پۈركەنجە ئىچىدە، شېئىرىيەت بولسا ئوچۇق ئىدى، ئەمدى ئاياللار ئوچۇق يۈرۈپتۇ، شېئىرىيەت بولسا پۈركەنجىگە كىردى.

**ھەمزەت ساداسە تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىغا بېغىشلانغان يىغىلىشقا بېرىش ئالدىدا**

— سەنئەتتىكى، ئەدەبىياتتىكى ئامىۋىلىق مېنى تەشۋىشلەندۈرۈۋاتىدۇ. سەنئەت تەنتەربىيە ئەمەسقۇ. ھازىر پەقەت يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىلا 11 مىڭچە بار. يازغۇچىلار قۇرۇلتايلىرىدا ئەڭ چوڭ مۇنازىرە (ئۇنىڭغا قاتنىشىشنىڭ ئۆزىمۇ نومۇس) ئىجادىيەت ياكى دۆلەت ئەھمىيىتىگە ئىگە مەسىلە ئۈستىدە بولمايدۇ، ئاۋاز بېرىش، نامزات كۆرسىتىش توغرىلىق بولىدۇ. چوڭ جەھەتتىن قارىغىنىمىزدا، كىمنىڭ نامزاتلىققا كۆرسىتىلىشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ پەقەت بىرلا نەرسە ئەھمىيەتلىك — ئىستېدات. بىزدە كۆپىنچە قانداق بولىدۇ: دەسلەپ پۈۋلەپ ئابرويىنى كۆتۈرىمىز، كېيىن ئۇنىڭ سايىسىدا كۈن كۆرۈشكە باشلايمىز. مەنىۋى بايلىقلارغا مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەت قىلىشقا بولامدۇ؟ بەزىدە ئاقلايمىز، بەزىدە قارا چاپلايمىز! ياش كىتابخانلار بۇنداق تۇتۇرۇۋقسىزلىقنى قانداق قوبۇل قىلالايدۇ؟ مەن خەلق شائىرىمەن. لېكىن مېنى خەلق شائىرى دېيىشنى خالىمايمەن. تۋاردوۋسكىينى بۇنداق دېمىگەن، ماياكوۋسكىينى دېمىگەن، بلوكنى دېمىگەن، پۇشكىننى دېمىگەن، نېمىشقا رۇسىيىدە خەلق شائىرى دېگەن ئۇنۋان يوق؟ نېمىشقا فرانسىيىدە، ئىتالىيىدە يوق؟ نېمىشقا گىرۇزىيىدە يوق؟! خەلق خالىسا، ئۆزى ئاتاۋېرىدۇ. «شائىر» دېگەن سۆزدە ئۇنۋان، مەنسەپ ئەمەس، بۇرچ، مەسئۇلىيەت بارغۇ!

بىزدىكى بيۇروكراتىزم شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، تېلېفوننى بىرلا جىرىڭلىتىپ، سەھنە ئەسەرلىرىنى، ناخشىلارنى چەكلىشىدۇ، تېلېفوننى بىرلا جىرىڭلىتىپ، ھەتتا ئۇنۋانلارنى سوۋغا قىلىدۇ. بىر ئەمەلدار يەنە بىر ئەمەلدار بىلەن تېلېفون ئارقىلىق، بىر - بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىماي تۇرۇپ، مۇھىم ئىجادىيەت ۋە جەمئىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىشلارنى ھەل قىلىۋېرىدۇ. بىز بولساق، ئوچۇق مۇھاكىمە بولۇشنى، شائىرلارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ تەقدىرىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىنىشىنى خالايمىز.

ئۆتكەن دەۋرىمىزگە تەنقىدىي كۆز بىلەن قاراۋاتقان بولساقمۇ، مەن ئىلگىرىكى ئەدەبىي ھاياتىمىزنى، ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەرنى ھۇزۇرلىنىپ ئەسلەيمەن. مېنىڭ ياشلىق چاغلىرىمدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىمىز نەقەدەر تەڭ - باراۋەر، دېموكراتىك ئىدى - ھە! فادېيېۋنى كۆپ كۆرگەنىدىم، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئەيمىنەتتىم. لېكىن ئۇ ياشلارغا بولغان مۇناسىۋەتتە ئاددىي ئىدى، ئەدەبىياتچىلارنىڭ مەركىزىي ئۆيىگە ئۆزى كېلەتتى، بۇنى ئۇ نومۇس بىلمەيتتى. ھازىرقى بەزى رەھبەرلەر بولسا، باشلىغۇچىلار بىلەن يانمۇ - يان ئولتۇرۇشنى ئابرويىغا توغرا كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەن شۇنداق ئويلايمەن: بىز ئەمدى بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزغا تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ھازىرقى جامائەت ئىشلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك. مەنمۇ خاتا قىلغان، لېكىن دەۋر مېنىڭمۇ كۆپ نېمەمنى ئوغرىلىغان. ھەممە ئادەمنى ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەشكە ئۈندەۋاتقىنىم يوق. لېكىن بىزگە بىر سائەتلىك باتۇرلار كېرەك ئەمەس. يازغۇچىلار سويۇزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويى نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك، خۇشامەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنىدى! تالاي مەدھىيىلەر ئوقۇلغانىدى! شۇنداق تەسەۋۋۇر پەيدا بولغانكى، بىر-ئىككى ئادەمسىز پۈتۈن ئەدەبىيات تۈگەيدىغاندەك.

ھازىر داستان ئېلان قىلدۇرۇش قىيىنلاشتى. مۇھەررىرلەرنىڭ پىكرىچە، داستاندا 500 دىن ئارتۇق مىسرا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كىم ئۇلارغا بۇنداق ھوقۇق بەرگەن؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، تۋاردوۋسكىي داستان ئېلان قىلدۇرمىغان بولاتتى، بلوك داستان ئېلان قىلدۇرمىغان بولاتتى. نېمە ئۈچۈن ياخشى داستانلارنى بېسىشقا بولمايدىكەن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپى — ئىنقىلاب سالنامىلىرىدۇر. «خەلقلەر دوستلۇقى» ژۇرنىلىغا مېنىڭ «تاغ گۈزىلى» داستانىمنى باستى، ئۇ 4000 مىسرا ئىدى. «ئەدەبىيات گېزىتى» دە كونستانتىن سىمونوۋ «ئاتام بىلەن سۆھبەت» داستانىمنى تولۇق ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن فادېيېۋدىن خەت ئالدىم، ياخشى، سەمىمىي خەت. شۇ چاغلاردا بىرنەچچە يەرلىك ژۇرناللاردا مېنىڭ تۈركۈملەپ شېئىرلىرىم پەيدا بولغانىدى. فادېيېۋ بولسا، ھەممىسىنى ئوقۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا، كەسىپداشلىرىغا ئاتىلارچە كۆيۈنەتتى. چىققان بارلىق ئەسەرلىرىمنى بۇنچىلىك تەپسىلىي تەھلىل قىلغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى. خەتتە مۇھىم بىر گەپمۇ بار ئىدى: «ئەسەرلىرىڭىزنى چىقىرىشقا سەل ئالدىراۋاتمىغانسىز؟ — دەپ يازغانىدى ئۇ، — ئىشلەشكە، چاپلىق ئىشلەشكە ئالدىراش كېرەك...» بۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتى ئىدى.

«سەل ئالدىراۋاتمىغانسىز؟»

مەن قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى چۈشەنمەيمەن. نېمە ئۈچۈنكى، داغىستانلىق ياكى ياقۇت يازغۇچىسى سسسر يازغۇچىلار سويۇزىغا تېز قوبۇل قىلىنىدۇ! ئاۋۋال ئۇ ئۆزىنى قەدىردان يۇرتىدا كۆرسەتسۇن، خەلقنىڭ نەزىرىگە چۈشسۇن. بۇرۇن يازغۇچىلار شېئىرىيەتنى دەپ كەمبەغەللىككىمۇ رازى بولاتتى، ھازىر بولسا كەمبەغەللەر شېئىرىيەت ياردىمىدە باي بولۇشنى ئويلايدىغان بولدى.

موسكۋادا 500 نەپەر شائىر بار. بۇ كۆپ. داغىستاندىمۇ يازغۇچىلار سويۇزى ئەزالىرىنىڭ سانىنى چەكلەش كېرەك (ياقۇتىستاندىمۇ، بۇرياتىستاندىمۇ، ئوسېتىيادىمۇ، ھەممە رېسپۇبلىكىلاردا شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ قارايمەن.) بىزدە بولسا نېمە بولۇۋاتىدۇ: بىر ئادەم ئۆز تىلىدا ئىككىلا كىتاب چىقىرىدۇ، تېخى نەزەرگىمۇ چۈشمىگەن، باشقا رېسپۇبلىكىلاردىمۇ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇ بولسا ئاللىقاچان سسسر يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ ئەزاسى! موسكۋاغا بارىدۇ، سسسر يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ ئەزاسىمەن، دەيدۇ، كىتابىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنى قوللىشىدۇ.

ھازىر شائىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە ئۆزگەرگەن، ئەمەلدارلار كۆپىيىپ كەتتى.

بۇرۇن كونستانتىن سىمونوۋ تېلېفون ياكى تېلېگرامما بېرىپ، بىرەر نېمىنى سورايتتى، بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ قالاتتى.

شېئىرىيەت — شائىرنىڭ دوستى. شېئىرىيەت نامايىش ئەمەس. شېئىرغا بېرىلگەن ئادەم خىلۋەتكە كېتىدۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى تەنها قالغۇسى كېلىدۇ، بىزدىكى شېئىرىيەت بولسا، كېڭەشلىك مۇھەببەت ۋە تېلېفوندىكى سۆيۈشلەر...

ئېھتىمال شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سايلىغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، قايتا قۇرۇش، سەنئەت، شېئىرىيەت توغرىسىدا گەپ قىلسام، ئۇلار مەندىن قاچان كولباسا بولىدۇ، قاچان سۇ تۇرۇبىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، دەپ سورىشىدۇ. سايلىغۇچىلىرىمنىڭ غېمىنى چۈشىنىمەن. قايتا قۇرۇشنىڭ مەقسىتى — ئادەملەرگە بىر پارچە نان بىلەن بىللە توغرا، سەمىمىي ھەق سۆزنىمۇ بېرىش. ھەر ئىككىسىنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. نان زۆرۈر. لىرىكىمۇ زۆرۈر. شېئىرىيەت نانسىز ياشايدۇ، لېكىن نان شېئىرىيەتسىز...

### كاسپىي ئايرودرومىدا، خوشلىشىش پەيتى

— ھازىر «كونسېرت» دېگەن ماۋزۇدا بىر كىتاب يېزىپ تۈگەتتىم. ھايات — كونسېرت، دۇنيا — كونسېرت، تارىخ — كونسېرت. بۇ كونسېرتنىڭ غىجەكچىمۇ، رويالىمۇ بار، راك — مۇزىكىسىمۇ، ئارغۇنىمۇ① بار... ئېسىمدە، ئۇرۇش باشلىنىش ھارپىسىدىكى ئاخىرقى كۈن — 1941 - يىلىنىڭ 21 - ئىيۇنىدا رادىئودا چوڭ كونسېرت بېرىلگەنىدى. ناخشىلار، كۈيلەر، شوخ ئاھاڭلار... چېگرىلارغا بولسا بۇ چاغدا ئاللىقاچان نېمىس دېسانتلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش كونسېرتى، ئۆلۈم ئۇسسۇللىرى باشلىنىپ كەتتىغۇ. پۈتۈن ياۋروپا زېمىنىدا گۆرلەر قېزىلىپ، ئاخىرقى ناخشىلار ئېيتىلدى... ھۇجۇملىرىمىزدىن بىرسىنىڭ مەخپىي نامى «كونسېرت» ئىدى...

ئەگەر فاشىستلارنىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرىدا ھەقىقەتەن «جانلىق» كونسېرتلار قويۇلمىغاندا، كىتابىمنىڭ نامىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن ئىدى.

ھازىرقى ھاياتىمىز بەزىدە ماڭا ھېچ توختىمايدىغان كونسېرتتەك، خۇش چاقچاق، پاجىئەلىك، مەززىسىز، كاللىنى قوچۇيدىغان كونسېرتتەك بىلىنىدۇ. داستاننى بىر چاغدا ئوقۇپ بەرگىنىمدە، مەندىن «نېمىشقا ئۇنىڭدا پۇگاچېۋانىڭ، راك مۇزىكىسىنىڭ كونسېرتى يوق؟» دەپ سوراشتى. كۈلۈشۈمنى، يىغلىشىمنى بىلمەي قالدىم. بىقارارلىق تۇيغۇسى، ئۆزگىرىشلەر ھاياجانى، دەۋرلەر ۋە شەخسلەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا سادىر بولۇۋاتقان ئالمىشىشلىرىنىمۇ ماڭا بەزىدە پەلەكنىڭ پەقەت توختىمايدىغان ئاللىقانداق كونسېرتىدەك، پاجىئەلىك نوتىسىدەك تۇيۇلىدۇ. سوناي، بالالايكا، ئارغۇن... بىرىنىڭ ئاۋازى ئاسماننى قۇچىدۇ، باشقىسىنىڭكى يەر يۇتىدۇ.

ھاياتىمىزنىڭ بۇ بۈيۈك كونسېرتى قانداق تۈگىشىنى بىلەلىسەك ئىدى!

(«شەرق يۇلتۇزى» نىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

ئا. سادىق تەرجىمىسى.

① ئارغۇن — بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## گوركىينىڭ قەلەم ھەققى دەۋاسى

1902 - يىلى موسكۋا بەدىئىي تىياتىرى گوركىينىڭ «تۆۋەنلىكتە» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى ئوينىدى. 1903 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گېرمانىيىلىك تەرجىمان ئاۋگوست كارىل شورىست گوركىيغا خەت يېزىپ، «تۆۋەنلىكتە» نىڭ گېرمانىيە، ۋېنا، پراگا ۋە پوداپېشتتا ئوينىلىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. سەھنە ئەسىرىنىڭ بەس - بەستە ئوينىلىشى، گوركىي ئەسەرلىرى توپلىمىنىڭ گېرمانىيەدە نەشىر قىلىنىشى گوركىينىڭ كىرىمىنى خېلىلا ئاشۇردى.

شۇنىڭ بىلەن گوركىي ۋەكالەتچىسى لادىرىنكوۋ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ قاچاندۇر بىر كۈنى سۈرگۈن قىلىنىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، گېرمانىيىدىكى بارلىق قەلەم ھەققىنى ۋە ئۇنى بانكىغا قويۇش ئىشىنى مەخسۇس بىر ۋەكالەتچىگە ھاۋالە قىلىشنى قارار قىلدى. ۋاكالەتچى دائىم ياۋروپادا تۇرىدىغان، پۇل ئامانەت ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى، قەلەم ھەققىنىڭ 20 پىرسەنتىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشى شەرت ئىدى.

كىم مۇشۇنداق ۋەكالەتچى بولالايدۇ؟ گوركىي بۇنىڭغا ئالېكساندىر لازارىيېۋىچ پارۋوسنى تاللىۋالدى. 1903 - يىلى گوركىي قىرىمدا تۇرۇۋاتقاندا، پارۋوس شۇ يەرگە كېلىپ، توختامغا ئىمزا قويدى. بۇ ئىشقا «بىلىم» مەجمۇئەسىنىڭ نەشرىيات سودىگىرى، گوركىينىڭ شۇ چاغدىكى قەدىناس دوستى ك. پىياتنىسكىي گۇۋاھچى بولدى.

شۇ چاغدا 35 ياشلىق پارۋوس ھەم روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ، ھەم گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، گېرمانىيە سوتسىيالىزمچىلىرى بىلەن كەڭ ئالاقىدا بولۇۋاتاتتى.

1905 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلابى پارتلاپ، پارۋوس قولغا ئېلىنىدى ۋە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىندى. كېيىن ئۇ يەردىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، ئۇزۇنغا قالمايلا گېرمانىيىگە قايتا يېنىپ كەلدى ھەمدە رېينھاد تىياتىرخانىسىدىن گوركىينىڭ 130 مىڭ گېرمانىيە ئالتۇن ماركى قەلەم ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ قەلەم ھەققى ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزى ئىگىلىۋالغان پېتىربۇرگ سوۋېتى ئىش تاشلاش كومىتېتىنىڭ راسخوتىغا ئوخشاشلا دەل جايىدا تەگدى. ئىككى قېتىم تاپشۇرۇۋېلىنغان مۇنداق جىق پۇلنى مەيلى گوركىي بولسۇن ياكى بولشېۋىكلار بولسۇن، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

پارۋوس بۇ راسخوتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ياۋروپادا ئۆز ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. 1905 - يىلى لېنىن بىلەن كېراسىن روسىيىگە ئىلغار كىتابلارنى كىرگۈزۈش مەقسىتىدە لادرېنكوۋغا بېرلىندا روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى (ب) نەشرىياتى قۇرۇش هوقۇقىنى بەردى. گوركىي لادرېنكوۋ ئارقىلىق پارۋوستىكى نۇرغۇن قەلەم ھەققىنى ئالماقچى بولدى. ئەمما لادرېنكوۋ پارۋوستىن بىر سېنتمۇ ئالالمىدى. چۈنكى 130 مىڭ گېرمانىيە ئالتۇن ماركى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەندى. كېيىنچە پارۋوس ھەر خىل ھايانكەشلىكلەر بىلەن شۇغۇللانغاچقا، گېرمانىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئۇ 1910 - يىلى تۈركىيىگە كەلدى، بەش يىلدىن كېيىن چوڭ بايغا ئايلىنىپ، مەخسۇس قورال - ياراق ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللاندى.


گوركىي روسىيە ۋە گېرمانىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا رەسمىي ئەرز سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. روسىيە ۋە گېرمانىيىدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى پارۋوسنى سوتلاش ئۈچۈن «پارتكوم» تەشكىللىدى. كارىل كائۇتىسكى، ئاۋگوست پېپېر ۋە لىبوكنىشلارمۇ بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا قاتناشتى، لېنىن بىلەن كېراسىن كېسىم قىلىدىغان سوت كوللېگىيىسىدە گوركىنى ياقلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى گوركىغا ئازراقمۇ پايدا بەرمىدى. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىۋەتمەسلىك، مۇتلەق مەخپىي تۇتۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش تاشلاپ قويۇلدى. ئەمما 1922 - يىلى يېڭى يىل ھارپىسىغا كەلگەندە لادرېنكوۋ گوركىغا ئويلىمىغان بىر سوۋغاتلىقنى — پارۋوس قايتۇرغان بىرىنچى تۈركۈم نەق پۇلنى بەردى. پارۋوسنىڭ نەچچە قېتىم ئارىسالدا بولۇپ، ئاخىرى پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ شۇ پۇلغا تايىنىپ غايەت زور مال - دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، 35 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆسۈمىنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارايتتى. شۇڭا پارۋوس بۇ پۇلنى 1922 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ھەر يىلىغا تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن قايتۇرۇشقا باشلىدى. گوركىي جەمئىي 26 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرۇۋالدى. پارۋوس 1924 - يىلى 12 - ئايدا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ پۇلنى مەڭگۈ قايتۇرالمايدىغان بولدى.

گوركىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرۇپ بۇ مەخپىيەتلىكنى نېمىشقا ئاشكارىلىمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىلغان. ئۆز نەرسىسىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى ئىقرار قىلىش باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىغاندەكلا سەت ئىش. شۇڭا ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋەرگەن.

(«چەت ئەل ماقالىلىرىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن

غۇپۇر قادىر تەرجىمىسى)

www.uyghurkitap.com



# مەسەل، يۇمۇر ۋە ساتىرا

ئەخمەت ۋاھىدى

## بىر شوپۇرنىڭ شىكايىتى

مەن كىچىك ماشىنا شوپۇرى،
ئاجايىپ بىر كىشى باشلىقىم.
باشلىققا ئەگىشىپ مېنىڭمۇ
لاي سۇدەك ئۆتۈپتۇ ياشلىقىم.

تۇتىدۇ «خۇدا» نىڭ غەزىپى
سۆزلىسەم شۇ ئۆتكەن كۈنۈمنى.
(جەننىتىم ئايلىناز دوزاخقا
غىلىڭ قىلىپ چىقارسام ئۈنۈمنى).

مېنىڭغۇ ۋەزىپەم شوپۇرلۇق،
خىزمەتكە قاتناسام مەيلىغۇ.
ۋە لېكىن، كۈنۈ-تۈن چاپقىنىم
زىياپەت، تاماشا-سەيلىغۇ.

ماشىنا مۈلكىدۇر باشلىقنىڭ،
مەن ئاڭا ئوغلىدەك ئەتىۋا.
ماڭىمىز «يىغىن» غا گۈركىرەپ،
توقۇپ بىر چىرايلىق پەتىۋا.

خوتۇنى، باللىرى ھېچيەردىن
زادىلا قالمايدۇ، ئايرىلىپ.
ھايالسىز باشلىنىپ زىياپەت،
قالىدۇ يىغىنى قايرىلىپ.

مەرھەمەت، دېگەندەك ھىجىيىپ
تۇرىدۇ جوزىدا تەخسىلەر.
قارايمەن ئەتراپقا ئەيمىنىپ،
كىمدۇ بۇ ئولتۇرغان شەخسىلەر؟

بېرىدۇ باشلىقىم چۈشەنچە
«نۇقتىلىق ئائىلە» ئىشىدىن.
ئاڭلايمەن «يىغىن» نىڭ روھىنى
«تەجرىبە» سۆزلىگەن كىشىدىن.

باشلىقنىڭ ئارقا سەپ ئامبىرى
«نۇقتىلىق ئائىلە» دېگىنى.
«نامراتنى يۆلەشكەن» تېخى ئۇ،
ھەر كۈنى غاجىلاپ يېگىنى.

جاق تويدى «نۇقتىلىق ئائىلە»
ھەر كۈنى مۇشۇنداق «يۆلەشتىن».
ھېچكىمنىڭ ئېغىزى ئېچىلماس
يېگەننىڭ ھەققىنى تۆلەشتىن.

دەيدۇ ئۇ: «مەن كونا كوممۇنىست،
ياشلىقىم ئۆتتى كۆپ جاپادا.
سۈرىمەن راھەتنىڭ پەيزىنى
مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ ساپادا.

ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا،
كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيمىز!
ئېچىلىپ ئولتۇرغىن ئۇكا، ھوي،
سورۇندا چوڭ-كىچىك دېمەيمىز.»

«ئاشۇجى كارامەت قىزىقچى،
ئاڭلىسام تانسىنى سويغۇدەك.
يا شيەنجاڭ غەزەلچى پىرىكەن،
ئاڭلايلى بۈگۈن بىر تويغۇدەك.

بۈنچىلىك جەم بولۇش تەس ئىكەن،
ئىچەيلى، يولداشلار، چىلىشىپ.»
ئۆتىدۇ ئاي-كۈنلەر ئاشۇنداق
ئۇستىخان بىلەن چىش بىلىشىپ.

نە ئۇنىڭ دىلىدا خەلق بار،
نە ئۇنىڭ تىلىدا قۇرۇلۇش!
مەست تۇرسا مەنسەپنىڭ ئىشقىدا،
بولامدۇ خىزمەتتە بۇرۇلۇش؟!

توخۇلار چىللىشىپ تاڭ ئاتار،
تېخىچە تۈگىمەس زىياپەت.

كۆلمەن ئۆزۈمچە تانىسىدىن —
كۆرۈنۈپ مىڭ ياڭزا قىياپەت.
ئۆرلىگەچ ئۇنىڭ قان بېسىمى،
كېلىدۇ دوختۇرغا ئەتىسى.
ياتىدۇ ئايلىنار بازارغا،
باشلىنىپ چۆپقەتلەر پەتىسى.
ئىشكاپتا ھۆججەت ۋە ئەرزلەر
زارلىنىپ ياتىدا بېسىقلىق.
ئاي - يىللار ئۆتىدۇ ئاشۇنداق،
قالىدۇ تالاي ئىش ئېسىقلىق.
خەجلىمەي يېنىدىن بىر تىيىن،
كېلىدۇ كوچىنى ئايلىنىپ.
ھەر يىلى ئالىدۇ مۇكاپات،
«خىزمەتتە ئىلغار» بوپ سايلىنىپ.
خىزمەتكەن باشلىقنىڭ پەمىچە،
يەپ - ئىچىپ قورساقنى توقلاشمۇ.
خىزمەتكەن زىياپەت - تانسىلار،
خىزمەتكەن تۇغقاننى يوقلاشمۇ.
بەخۇدۇك ئۇخلايدۇ كېچىسى
تۆرمىگە قامالغان ئوغرىمۇ.
ۋە لېكىن ئۇيقۇ يوق ماڭا ھېچ،
مۇشۇنداق ئىشلەتسە توغرىمۇ؟
باشلىقتىن ئۈمىدىم شۇ ئىدى:
ئىستىلىنى تەلتۆكۈس تۈزەتسە.
ئوبدانراق ئۆگىنىپ «مىزان» نى،
ئۆزىنى شۇنىڭدا كۆزەتسە.

روزى توختى داۋۇت

## ئەينەكنىڭ ماختىنىشى

كۈننىڭ نۇرى چۈشتى ئەينەككە،
ئەينەك نۇردىن پارقىراپ كەتتى.
«مەن نۇر چاچتىم، ۋاي-ۋۇي قاراڭلار!»
دەپ ماختىنىپ ۋارقىراپ كەتتى.

كەچمۇ كىردى، ئۆچتى كۈن نۇرى،
ئەينەك شۇندا بولۇپ قالدى جىم.
تۆھپىسىنى باشقىلارنىڭكى
مېنىڭ دېسە، شۇنداق بولار، كىم.

## گۈل بىلەن شەبنەم

چاچتى قۇياش كۈمۈش نۇرىنى،
ياپراقلاردا چاقنىدى شەبنەم.
دەممۇ ئۆتمەي سىيرىلدى يەرگە،
سىڭىپ كەتتى گۈل تۈۋىگە ھەم.

گۈل ئاشۇ چاغ ئېيتتى شەبنەمگە:
«بىرلا چاقناپ تۈگەشتى ئۆمرۈڭ.
كۆرگەن ئاشۇ بىرنەچچە دەقىق —
ھاياتىڭدىن رازىمۇ كۆڭلۈڭ؟»

شەبنەم دېدى: «شاتلىقىم چەكسىز
بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىمگە.
ئاز بولسىمۇ تۈۋىڭگە سىڭىپ،
ساڭا نەملىك بىرەلگىنىمگە.»

مۇتەللا ئىبراھىم

## قارانچۇق


تارتىلىپ قاش، ئۇرۇقلىرىمۇ سېلىنىپ،
بارلىق ئىشى پۈتكەن چاغدا ئوتياشنىڭ.
بوپتۇ پەيدا ياغاچ پۈتلۈق قارانچۇق،
شىللىسىدە ئورتىمدىكى بىر قاشنىڭ.

ئۇزاق ئۆتمەي كەپتۇ، بىر توپ ئاچ قۇشقاچ،
ئۆزلىرىنى ئوتياشلىققا تاشلاپتۇ.
ئۇرۇقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزمەي،
ھەممە يەرنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ.

قارانچۇقنى كۆزگە ئىلماي قۇشقاچلار،
دەپتۇ تېخى: «ئادەممۇسەن، ئەرۋاھمۇ؟»
تولدۇرۇپتۇ خالتىسىنى نەپسىنىڭ،
قورقۇش تۈگۈل قىلىپ قويماي پەرۋامۇ.

بۇنى كۆرۈپ دەپتۇ دېھقان بىچارە:
«قۇشقاچتىمۇ ئىنساپ پۈتكەن ئوخشايدۇ.
ئېمىلەردىن ئۈمىد كۈتتۈم مەن ئەخمەق،
قارانچۇقنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ئوخشايدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




جولون مامىتوپ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## قەشقەر بوياقلىرى

شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان جولون مامىتوۋ 1940 - يىلى قىرغىزىستان ئىرش ئوبلاستىنىڭ تۆلەيقان يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، بۇ يىل 7 - مارتتا ۋاپات بولغان. قىرغىز ۋە رۇس تىللىرىدا 12 كىتابنىڭ ئاپتورى. قىرغىزىستان لېنىن كومسومولى مۇكاپاتىنىڭ لائورېياتى.

شائىر 1986 - يىل ئۆكتەبىردە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت ۋەكىللىرى تەركىبىدە ئاپتونوم رايونىمىزغا زىيارەتكە كەلگەنىدى.

— تەھرىردىن

مەن رەسسامىمەن،
سەن بوياقسەن،
لىپ - لىپ تېگەر موي قەلەم.
سەن گوياكى رىۋايەتسەن،
تەكشى - تېكىس، سەرخىل ھەم.
ئەي، قەشقەرنىڭ تېرەكلىرى،
ئاق تېرەك ھەم كۆك تېرەك.
سىزماق ئۇچۇن ئەينەن سېنى
كۆك بوياقتىن كۆپ كېرەك.
چىقسا ئۇۋەن بوياق بىلەن
بويىاي، بوياق كۆپتۇر بەك.
بوياق ئەمەس چۆچەك بىلەن،
بولغاندىمۇ كۆپ چۆچەك.
ھەر خىل بوياق، ھەر خىل چۆچەك،
زەپمۇ مۇشكۇل چىك سەپەر.
ئۇنىڭ بەرى قانداق بولار
چىراغ بولۇپ يانسا گەر.
قانداق بولار ئۇنىڭ تەپتى،
ئوت بوپ يانسا يۈرەك، جان.
قەرزداردۇر شائىر ئەسلى،
ئالارمەندۇر كىتابخان!
جىڭنى باسسۇن سۆزنىڭ ۋەزنى،
جىڭغا سۆزلەر تاشلايمەن.
بولدى قىلاي ۋەز ئېيتىشنى،
قەشقەر، قىسسەڭ باشلايمەن!
ئاسمىنىڭدا قىزغۇچ چاڭلار
ۋە قۇشلىرىڭ كۆك قۇچقان.
تىرىك يالقۇن — قىزىل تاڭلار،
ئوپال تاغقا ئوق ئۇچقان!
كۆرگۈم كېلەر،
ئاشۇ ياققا
باردۇر مەندە خۇشتارلىق.
ئېشىنەلمەي «ئېپ بېرىشقا»
ساڭا، مەھمۇد قەشقەرلىق.
ناشتا چېغى قارار قىلىپ،
بىز دوستلارغا سۆز سالدۇق

بىز دەرياغا ئۇسساپ كېلىپ،
سۇ ئىچمىسەك،
قانداق بولار دەپ قالدۇق.
دەريا دېگەن سەنئۇ مەھمۇد،
ئۇياغىدا تۇرغانلار —
بىز ئەمەسمۇ بارىسغاندىن،
ئاق قالپاقلىق تۇغقانلار.
ئۇيغۇر يولداش، خەنزۇ يولداش
چىقتى ئورتاق كېڭەشتىن.
ئاق نىيەتنىي كېرەك قوللاش،
كەتتۇق سەھەر دېمەستىن.
شۇنداق قىلىپ بىز ئوپالغا —
تاغقا قاراپ ئالدۇق يول!
يۈزىمىزنى سىيپار، تووۋا،
قەدىم شامال، قەدىم قول...
سەن نۇرىغا چۆمۈلگەن ئاي
ئايدىڭ تۈننى كۆزىتەر.
سەن ئېگىلىپ تېۋىنىغان كۈن
ئۆز يولىدىن تۈز ئۆتەر.
سەن شۇ چاغدا يۇتقان ھاۋا
بىزنى باقار ئەمدى باق!
سەن يۈرگەن يەر تۇرار مانا
ئاپەتلەردىن ئامان ـ ساق!
مىڭ يىل بۇرۇن كۆككە توزۇپ،
قايتا يەرگە چۈشكەن چاڭ،
دەۋر ئۈنىن ئېنىق ئۇقۇپ،
تۇرار كۆككە قېلىپ تاڭ!
تۇرار يەنە ئويغا پاتار،
سالماق باسقان تۆپىلەر.
بىر ـ بىرىگە سۆزلەپ ياتار
جان كىرگەندەك دەرەخلەر.
سايرار قۇشلار قۇتلۇقلىشىپ
بىزنى سانسىز باغلاردا.
ئەجدادلىرى شۇ قۇشلارنىڭ
سەن ياشىغان چاغلاردا.
ھاياتنىي سۆزلەر قۇشلار،
مەنا تىرەن سۆزىدە.
قەد كۆتۈرۈپ تۇرار روھىڭ
بىزنى تارتىپ ئۆزىگە!

ۋاقىت — يۈزسىز، ئۇ ئۆتمەكتە،
ئۆتمەكتىدۇر شىلتىپ قول.
ئۇلۇغۋارلىق سېنى كۈتسە،
كۈتمەكتىدۇر بىزنى يول.
يېشىل سالا ۋادىلارنى
ئارىلايمىز يەنە بىز.
بويىماقتا داللارنى
ئالتۇن بوياق — ئالتۇن كۆز.
دەۋرانلارنىڭ بىر دەۋرىدە
كىرەر چۈشكە بۇ ۋەتەن،
مۇتەپەككۇر قەبرىسىدە
ئويغا چۆمگەن جان ۋەتەن!
بوز بوياقنى سۈرتكىن دېسە،
بوز داللار، بوز تاغلار،
جىلۋە قىلىپ نەچچە ھەسسە
يېشىل بوياق يېپىنار.
قارا قۇرۇم تەرەپتىكى
تاشيول بىلەن «تويوتا»
ئۇقتەك ئۇچار، بۇ ئۇچۇشنى
ئۇنۇتمايمەن دۇنيادا.
بولماس بەلكىم يەنە سەپەر،
چۈشمەس يولۇم بۇ يەرگە.
كەچمىشىڭنى ئويلىسام گەر،
كەچمىشلىرىڭ قەشقەردە.
كۆپ بوياقنى تاپاي نەدىن،
شەرقنىڭ بۈيۈك بازىرى.
قاينىغان دەل مۇشۇ يەردىن
كونا زامان قازىنى.
چوغدەك قىزىل شاپتۇللار،
ئالتۇن ئاتۇش ئەنجۈرى.
زۇمرەت ئۈزۈم، قىيام ئانار،
خېرىدارلار ۋاڭ ـ چۇڭى.
قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە باشقىسى
سان ـ ساناقسىز سايىۋەن.
بىر نىگاھى ئالدى ھوشنى،
قەشقەر قىزى بەك لېۋەن!
يۈز تۆۋەنلىك تائەزەلدىن
بۇندا ئادەت، قائىدە.

شۇنداقتىمۇ قاراپ بىردىن
ئاتەش ياندى ۋاللىدە.
بۇ بازاردىن ئوتلۇق قاراش
ئالدىم، سالدىم يۈرەككە.
ئىلھام بەرگىن تەڭرى قاياش،
كۈچ بەر، تەقدىر، بىلەككە!
قۇرۇق قويما ئۆيدىنمۇ ھەم،
بويدىنمۇ ھەم باشقىدىن.
دىلغا ئوتتەك ھېس مۇجەسسەم،
كېلەر چوڭ ئىش باشلىغۇم.
ئۇنتۇلمايدۇ جۇڭگو يېرى،
بىلدىم، كۆردۈم ياخشىنى.
قايىنام-تاشقىن ھايات ھېلى
بەردى قايناق ناخشىنى.
يازماقتىمەن، كۆپ بۇياققا
لىپ-لىپ تېگەر موي قەلەم.
سەن ئوخشايسەن رىۋايەتكە،
تەكشى-تېكىس سەر خىل ھەم.
ئاھ، قەشقەرنىڭ تېرەكلىرى،
ئاق تېرەك ھەم كۆك تېرەك،
سىزماق ئۇچۇن ئەينەن سېنى
كۆك بوياقتىن كۆپ كېرەك.
ھېيتكا مەسچىت،
ئاپاق خوجا
قەبرىستانى ھەيۋەت ئۇ.
ئۇچۇپ ئۆتكەن يورغا يىللار
زىننەتلىگەن دۆلەت① ئۇ.
ئۆزگىچىدۇر ئويما نەقىش،
كەشتىلىرى تۇمەن سەپ.
مېھرى ئىسسىق مەرد بولمىسا،
ئاتالمايتتى قەشقەر دەپ.
يېرىپ ئاققان دەريا تۇمەن،
نام — قاشقارا — قاش شەھەر.
شەرقتىكى-ئۇزغان شەھەر،
داڭلىق شەھەر، باش شەھەر.
«يىپەك يولى» ئارا يۈرۈپ
قىرغىزىستان شائىرى،
سېنى كۆرۈپ بىر چاغدىكى
ئۆز ئوشىنى ② ئەسلىدى.
ئۆز ئۆمرىدىن ئايرىلغاندەك،
تىقىپ يۈرۈپ باشلىقا③،
بىردىن غىل-پال قايرىلغاندەك،
بالىلىقا، ياشلىقا.
سەيلى قىلدىم بامدات بىلەن
بۇ شەھەرنى يايراپ مەن.
موللىلىرىم باشلاپ بەرگەن
ۋاڭ-چۇڭلارغا ئامراقمەن.
مەزىنگە جور بولۇپ خوراز،
ھاۋشىدى ئىت، جىم بولدى،
ۋە ھاڭرىدى ئېشەكلەرمۇ،
ئەل نامازغا تۇتۇندى.
ئاتنىڭ تاقا تۇياقلىرى
قەيەردىندۇ چېقىنلاپ،
شەرقنىڭ ئۆز بۇياقلىرى —
كۆن كەلمەكتە يېقىنلاپ.
ئازابلاردىن بەخت تاپقان،
بۇ خەلقتەك روھىي باي،
بويتىقىڭنى سۇرتكىن چاپسان،
يازغىن شائىر، توختىماي!
دۇربۇنىڭنى سالغىن قايتا
كېلەچەككە، كەچمىشكە.
ياشىغاننى ياشا قايتا،
كەتمىسۇن دەم كەتمىشكە!
بولماس بەلكىم يەنە سەپەر،
چۈشمەس يولۇم بۇ يەرگە.
ياگرىتىپ كۆي يول سال بەدەر،
شەرق رىمى قەشقەرگە!

(قىرغىزىستان «ئالاتاۋ» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 10 - سانىدىن)

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

---

① دۆلەت — ئامەت مەنىسىدە.

② ئوش — قىرغىزىستاندىكى بىر ئوبلاست.

③ باشلىق — خالتا.

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئالىمجان ئىسمايىل...... زېمىن ئۈچۈن (ھېكايە)...... 7
ماخمۇت مۇھەممەت...... ھېكايىلار...... 17
ئەخەت تۇردى، ئابلا ئەخمىدى...... كەلكۈن (ئەدەبىي ئاخبارات)...... 32
ئابلىكىم سابىر...... ئۈمىد يۇلتۇزلىرى (رومانىدىن پارچە)...... 97


## شېئىرلار


ئابدۇكېرىم خوجا...... ئەزرائىل ۋە مەن (داستان)...... 3
زۇنۇن قادىرى...... پارچىلار...... 6
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن...... كۆكۈل بايانلىرى...... 25
كۇرەشجان ھۈسەيىن...... سۆيگۈ تۇيغۇلىرى...... 27
ھەبىبۇللا رەجەپ...... ئۈچ شېئىر...... 28
ئۆمەرجان كېرىم...... لىرىكىلار...... 29
ئارمان ئابلىز...... تۆت پەسىل قوشىقى...... 30
پولات ئەزىمۇپ...... ئۈچ شېئىر...... 30
ئادىلجان تۇنىياز...... سىغدۇرالماس سۆيگۈمنى جاھان...... 72
ئىبراھىم ئىزاقى...... شېئىر ۋە رۇبائىلار...... 73
تۇردى ئەخمەت...... ئۈچ شېئىر...... 74
مەتتۇرسۇن ھەسەن...... شېئىر قۇدرىتى...... 75
ھۈسەن روزى...... ئىككى شېئىر...... 75
ۋارىس قاسىم...... نىگار...... 75
قۇربان ئېلى...... شېئىرلار...... 76
ئازات روزى...... ئارچا...... 77
مۇتەللىپ سەيپۇللا...... شېئىر ۋە پارچىلار...... 77
ئابدۇرېشىت غوجەك...... تەگرى تاغقا مەدھىيە...... 77
ئۆمەرجان غوپۇرى...... ئىككى شېئىر...... 78
ئابلىز ئوسمان...... ئىككى شېئىر...... 78
ئازات ئابدۇللا...... ئىككى شېئىر...... 79
نۇرمۇھەممەت جېلىل...... ئىككى غەزەل...... 80

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




كۈچ سىنىشىش

ئىبراھىم قەييۇم تارتقان.



گۈل ئاشىقى

ئابلىز ئابدۇللا تارتقان.




《塔里木》 文学月刊（维吾尔文） TARIM AMONTHLY LITERATURE JOURNAL INUIGHURLANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1988 - يىل 6 - سان (328 - سان)، 38 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو. تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى).
O. P. BOX782 BEIJING CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 66 باسما تاۋاق: 10. باھاسى: 1 يۈەن